# ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا

مىللەتلەر نەشرىياتى

ئۇيغۇر ئەدىبىياتى توغرىسىدا
(ئەدەبىي ئوبزورلار)
جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم
رايونلۇق شۆبىسى تەرىپىدىن تۈزۈلدى
مەسئۇل مۇھەررىر: ئوبۇل ئىسلام
مەسئۇل كارىرېكتور: نۇرىيە ئەزىز
مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى
شىنخۇا كىتاپخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدۇ
مىللەتلەر باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى
1982 ـ يىل 1 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
1982 ـ يىل 1 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 0.68 يۈەن

## مۇندەرىجە

ل. مۇتەللىپنىڭ ئەدىبىي ئىجادىي پائالىيىتى ۋە
ئۇنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدىبىياتىدا
تۇتقان ئورنى.......................... ئە. ئەختەم ( 1 )
ئۇيغۇر شېرىيىتىدىكى ئارۇز ۋەزنى توغرىسىدا
................................. ئا. ئوتكۇر ( 14 )
شېرىيەتتە بەدىئىلىك توغرىسىدا...... ئ. تۇرسۇن ( 49 )
خەلق قوشاقلىرىنىڭ ياخشى ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق
قىلايلى.......................... ت. ئېلىيۇپ ( 84 )
ئۇلۇغ تۈركشۇناس مەخمۇت قەشقىرى... ھ. يۇسۇپى (107)
موللابىلال بىننى موللا يۇسۇپ ۋە ئۇنىڭ ئىجادى-
يىتى توغرىسىدا...................... ش. ئومەر (127)
ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ تارىخى ۋە ئۇنىڭ بەزى
ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا....... م.زەيىدى (147)
«قۇتادغۇ بىلىگ» داستانى توغرىسىدا مۇلاھىزە......
................................... ئا. ئومەر (160)
كۆرەشچان يىللارنىڭ زەپەر ناخشىسى...... ئا. ئومەر (181)
زەلىلى ئىجادىيىتى ۋە ئۇنىڭ «سەپەرنامە» داستانى
............................. ئا. تۇردى (202)

«ئوغۇزنامە» داستانى توغرىسىدا ......... ئا. تۇردى (217)
ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى توغرىسىدا...... م. زۇنۇن (229)
«چىنىقىش» ھىكايىسىنىڭ بەدىي ئالاھىدىلىگى توغرىسىدا.................... م. زۇنۇن (241)
بالىلار ئەدەبىياتىنى راۋاجلاندۇرۇپ، كوممۇنىزىمنىڭ ئىزباسارلىرىنى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرەيلى ................................ ئا. رەخمان (252)
ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى توغرىسىدا......ئا. رەخمان (268)
ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى ھەققىدە ...... ھ. ئەخمەت (286)
17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم نامايەندىلىرى ................ م. باھاۋىدىن (296)
نىم شېھىت ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى توغرىسىدا ................................ س. ماخمۇت (311)
بەدىي ئەدەبىياتتىكى ئىستىلىستىكىلىق ئىپادىلەش ۋاستىلىرى توغرىسىدا...... ئا. قاسىم (332)
خىرقىتىنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» داستانى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە ...... ئا. ئىسمايىل (366)
رېيالىزىم ھەققىدە .................. م. ئىمىن (375)
نەسرى شېئىر ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىگى توغرىسىدا ............................ ھ. موللايۇپ (398)
«چاشتانى ئېلىگ بەگ» توغرىسىدا............. ....................ئا. خوجا، ئە. يۇسۇپ (405)

# ل. مۇتەللىپنىڭ ئەدەبىي ئىجادىي پائالىيىتى ۋە ئۇنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تۇتقان ئورنى

## ئەلقەم ئەختەم

ل. مۇتەللىپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە قەدەم قويغان يىللاردا شىنجاڭدا جاھانگىرلىككە ۋە ئۇنىڭ غالچىسى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى دېموكراتىك ھاكىمىيەت مەۋجۇت ئىدى. بۇ ھاكىمىيەت شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ جاھالەت ۋە مۇستەبىتلىككە قارشى ئۇزاق مۇددەت كۈرەش ئېلىپ بېرىشى نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن ئىدى. بۇ دەۋردە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يولداش چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن قاتارلىق يۈزدىن ئوشۇق مۇنەۋۋەر ئەزالىرى شىنجاڭغا كېلىپ ئورۇنلاشقان ئىدى. ئۇلار بىر تەرەپتىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ۋە ماۋجۇشىنىڭ توغرا كورسەتمىسى بويىچە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپ كۈرىشىگە ئۇيۇشتۇرغان ۋە سەپەرۋەرلىككە

كەلتۈرگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ، مەدەنىيەت-مائارىپ، مەتبۇئات ۋە نەشرىيات ئورۇنلىرىنى كەڭ تۈردە تەشكىل قىلىپ، ئىلغار مەدەنىيەت ھەركىتىنى يولغا قويغان ئىدى. مۇشۇ دەۋردە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەشەببۇس قىلىشى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇۋاتقان يولداش چېن تەنچيۇ قاتارلىق ۋەكىللىرىنىڭ تىرىشچانلىق كورسىتىشى ۋە ئالاھىدە كۈچ چىقىرىشى ئارقىسىدا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت زىيالىلىرىدىن بىر قىسمى ئۈچ تۈركۈمگە بولۇنۇپ، ھوكۇمەت خىراجىتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ ئوقۇپ كەلدى. بۇ چاغلاردا يەنئەندە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان مەدەنىيەت-مائارىپ، ئەدەبىيات-سەنئەت ۋە مەتبۇئات-نەشرىيات ئورۇنلىرىنى تەشكىل قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىغانلىقتىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياسىدىن ماركسىزم-لېنىنىزم ئەسەرلىرى، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ۋە ھەر خىل گېزىت-ژورناللار شىنجاڭغا داۋاملىق كەلتۈرۈلۈپ تۇراتتى. بۇ ئارقىلىق شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت زىيالىلىرى ئىلغار ئەدەبىيات ۋە ئىلغار مەدەنىيەت بىلىملىرى بىلەن تەمىن ئېتىلگەن ئىدى. مۇنداق قولايلىق شارائىت شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيەت-مائارىپ، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كەڭ زېمىن ھازىرلاپ بەرگەن ئىدى.



ل. مۇتەللىپ 1922-يىلى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ نىلقا ناھىيىسىدە بىر موللا ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ، دادىسىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆز ئۆيىدە ئوقۇپ ساۋاتلىق بولغاندىن كېيىن غۇلجا شەھىرىدىكى تاتار مەكتىۋىگە كىرىپ ئوقۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە بولغان. ل. مۇتەللىپ ئۆز ئائىلىسىدىكى ۋاقتىدىلا ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ھەۋەسكارى بولۇپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئىشتىياق باغلىغان ئىدى. ئۇ خەلق قوشاقلىرىنى، خەلق بېيىتلىرىنى، خەلق تەمسىل-ماقاللىرىنى ۋە خەلق چوچەكلىرىنى ناھايىتى چوڭ ھەۋەس بىلەن ئاڭلىغان، ئۇلارنى توپلىغان ۋە ئۇلاردىن ئوزۇقلانغان ئىدى. كېيىن ئۇ غۇلجا شەھىرىدىكى رۇس ئوتتۇرا مەكتىۋىگە كىرىپ، 1938-يىلىغا قەدەر ئوقۇپ، رۇس تىلى ۋە رۇس ئەدەبىياتىدىن چۈشەنچە ھاسىل قىلدى. بۇ ھال ل. مۇتەللىپنىڭ سەۋىيە جەھەتتىن ئوسۇشىگە، بەدىئى ئىجادىيەت جەھەتتە ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولدى.

ل. مۇتەللىپ ئەدەبىيات-سەنئەتكە قىزىققان ۋە بېرىلگەن چېغىدا ئالدى بىلەن رەسساملىق سەنئىتىگە قىزىققان ۋە بېرىلگەن ئىدى. ئۇ رەسساملىق سەنئىتى بىلەن شۇغۇللىنىشنى شېئرىيەت ئىجادىيىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرگەن ئىدى. ل. مۇتەللىپ تاتار ۋە رۇس مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدە ھەر خىل مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ناھايىتى گۈزەل ۋە نەپىس رەسىملەرنى سىزىپ، تام گېزىتلىرىگە چىقارغان

ئىدى. ئۇنىڭ بۇ رەسساملىق سەنئىتىدىكى ماھارىتىدىن ئوقۇغۇچىلار ناھايىتى مەمنۇن بولۇشقان ۋە شۇ چاغدىكى ئوقۇتقۇچىلار ئۇنى "ماھىر ياش رەسسام" دېيىشىپ ئالاھىدە تەقدىرلىگەن ھەم مۇكاپاتلىغان ئىدى.

ل. مۇتەللىپ 1937-يىلدىن باشلاپ، يېزىقچىلىققا كىرىشتى. ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك مەزمۇن قىلىنغان شېئىرلىرى «ئىلى گېزىتى»دە ئۈزۈلمەستىن چىقىپ تۇرغان ئىدى. بۇ ۋاقىتلاردا، ئىلىدا ئەنۋەر ناسىرى، خېلىل ساتتارى، مەرۇپ سەئىدى قاتارلىق بىر تۈركۈم ئىلغار شائىرلار بار ئىدى. بولۇپمۇ شۇ چاغدىكى «ئىلى گېزىتى»نىڭ باش تەھرىرى بولغان تالانتلىق پېشقەدەم شائىر ئەنۋەر ناسىرى ل. مۇتەللىپكە ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسەتتى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيەت جەھەتتە يۈكسىلىشىگە قىزغىن ياردەم بەرگەن ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ل. مۇتەللىپ ئىدىيە ۋە بەدىئىلىك تەرەپلەردە تېز ئىلگىرىلەپ، دەۋر تەلىۋىنى بىر قەدەر چۈشەنگەن ئۈمىدلىك ياش ئاپتورلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. چوڭقۇر ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىيات ۋە خەلققە بولغان قايناق مۇھەببەت ئۇنىڭ شۇ يىللاردا يازغان شېئىرلىرىغا دىگۇدەك سىڭگەن ئىدى. ئۇنىڭ «بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى»، «جۇڭگو پارتىزانلىرى»، «كۈرەش»، «چوڭ كۈرەش قوينىدا» ۋە «جۇڭگو» قاتارلىق چوڭقۇر مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جەڭگىۋار شېئىرلىرى كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر ئورناپ، ئۇلارنى ياپون جاھانگىرلىكىگە



قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ كۈرەشنىڭ شانلىق غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىلھاملاندۇرغان ئىدى. ھاياتقا ئەمدىلا قەدەم قويغان 16 ياشلىق بىر ئۆسمۈرنىڭ ئۆز ۋەتىنىنىڭ بېشىغا كەلگەن مىللىي مۇنقەرزلىك خەۋپىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، كىشىلەرنى كۈرەش ۋە غەلىبىگە ئۈندەيدىغان بۇنچىلىك مەزمۇنلۇق شېئىرلارنى يېزىپ چىقالىشى ھەقىقەتەن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر ئىش ئىدى.

ل. مۇتەللىپ 1939-يىل 8-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىۋىگە كىرىپ ئوقۇدى. بۇ دەۋردە ئۇنىڭ ئىدىيە، سىياسىي جەھەتتىكى تونۇشى زور دەرىجىدە ئۆستى ۋە ھەر تەرەپلىمە بىلىملەرگە ئىگە بولدى، بەدىئىي ئىجادىيەت جەھەتتىكى ئۆسۈشى تېخىمۇ تېز بولدى. چۈنكى بۇ ۋاقىتلاردا ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ شۆبىيۈەن بار ئىدى، قىزلار، ئوغۇللار ئوتتۇرا مەكتەپلىرى ۋە باشقا ھەر خىل تېخنىكوملار، ھەر خىل كەسپىي بىلىم يۇرتلىرى بار ئىدى، بۇ ئورۇنلاردىكى ئوقۇغۇچى-ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سانى بىرنەچچە مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن ئىدى. بۇ مەكتەپلەرنىڭ سىياسىي، ئىدىيىۋى ۋە نەزەرىيىۋى خىزمەتلىرىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى ئۈستىگە ئالغان ئىدى. شۇنداقلا بۇ مەزگىللەردە يەنە جۇڭگو يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان ئاتاقلىق يازغۇچى ماۋدۇن ۋە بىر تۈركۈم خەنزۇ زىيالىيلىرى ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئورۇنلىشىپ،

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا تىرىشىپ خىزمەت قىلىۋاتاتتى. ئۇلار ئۈرۈمچىدە يېڭى كىتاپخانىلار ئېچىپ ۋە مەدەنىيەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش كۇرسلىرىنى تەشكىللەپ، ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش يولىدىكى ئەدەبىياتنى، "4-ماي" ھەركىتىنىڭ ئىنقىلاۋىي ئەنئەنىسىنى ۋە 30-يىللار ئەدەبىياتىنىڭ بەدىي ئۈلگىسىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، داغدۇغىلىق مەدەنىيەت ھەركىتىنى ئەۋج ئالدۇرغان ئىدى. ل. مۇتەللىپ مانا شۇنداق سىياسى مۇھىت ئىچىدە ئەنە شۇنداق ئەۋج ئالغان مەدەنىيەت ھەركىتىنىڭ قوينىدا ئۆگىنىپ بىلىم ھاسىل قىلدى. ئۇ، بۇ يىللاردا ئەدەبىيات بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىپ، نۇرغۇنلىغان لىرىك شېئىرلارنى يازدى. شۇ مەزگىللەردە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئوقۇغان قەلەم ئىگىلىرىنىڭ ۋە ھازىرقى كۈندىكى ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان پىشقەدەم ئاپتورلىرىمىزنىڭ ئۆز دەۋرىدە ئۇنىڭ بەدىي تەسىرىگە ئۇچرىمىغانلىرى يوق ئىدى.

ل. مۇتەللىپ 1941-يىل 6-ئايدا «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ تەھرىرلىك خىزمىتىگە بەلگىلەندى. ئۇ، بۇ يەردە «ئەدەبىيات گۈلزارى» ناملىق ئەدەبىي بەتنى تەشكىل قىلىپ، بەدىي ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈش، ئاپتورلارنى ئۇيۇشتۇرۇش ۋە يېتەكلەش جەھەتلىرىدە ناھايىتى كۆپ خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئۇنىڭ «ئەدەبىيات گۈلزارى» بېتىدە ئېلان قىلىنغان ئەدەبىيات



تەزكىرىسى ۋە جەڭگىۋار فىلىيەتونلىرى، شۇنداقلا «ئازاتلىق تويى»، «باتۇر يىللار»، «جۇڭگو قىزى رەيھاننىڭ مارت شامىلىغا بۇيرۇغى»، «ماي كۈرەشچان ئاي»، «ھەسەن-ھۈسەن»، «ماي ناخشىسى»، «لېنىن شۇنداق ئۆگەتكەن»، «يانار تاغلار» قاتارلىق بىرمۇنچىلىغان يالقۇنلۇق شېئىرلىرى كەڭ كىتاپخانلار ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر قوزغىدى. ل. مۇتەللىپ بۇ يىللار ئىچىدە يەنە شۇ چاغدىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ سانائى نەفىسە خىزمىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئۆز دەۋرى ئۈچۈن ئاكتۇۋال بولغان مۇھىم مەسىلىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «چىمەنگۈل»، «كۈرەش قىزى»، «سامساق ئاكاڭ قاينايدۇ» ناملىق سەھنە ئەسەرلىرىنى ۋە «تىياتىرنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى»، «سەنئەتكە مۇھەببەت» قاتارلىق ئىلمىي نەزەرىيىۋى ۋە تەنقىدىي ماقالىلارنى يېزىپ، يېڭىدىن شەكىللىنىپ راۋاجلىنىش باسقۇچىدا كېتىۋاتقان شىنجاڭ ئۇيغۇر تىياتىرىنىڭ يۈكسىلىشى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشتى. ئۇ يەنە مۇشۇ يىللار ئىچىدە ئۆزىنىڭ «داۋانلار ئاشقاندا» ناملىق رومانىنى يېزىشقا باشلاپ، ئۇنىڭ دەسلەپكى 11 بابىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا يېزىپ تۈگەتكەن.

1943-يىلىنىڭ كىرىشى بىلەن، ئالدامچى شېڭ شىسەي ئەپتى-بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ، يولداش چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ باشلىق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرىنى قولغا ئالدى. ئىلغار ئىدىيىدىكى يازغۇچىلارنى ۋە

زىيالىيلارنى نازارەت ئاستىغا ئالدى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى تەتۈر ئېقىم باش كۆتەردى. شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە ۋە فېئودالىزمغا قارشى كۈرىشى ۋاقىتلىق ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى. بۇ دەۋرگە كەلگەندە، ل. مۇتەللىپ يىللارغا لەنەت ئوقۇپ، خەلق ئاممىسىنى باتۇرانە كۈرەش قىلىشقا ئۈندەيدىغان ئاجايىپ چوڭقۇر لىرىك شېئىرلارنى يېزىشقا كىرىشتى. ئۇنىڭ «تۈن يېرىپ ئىزلار باسقاندا»، «مۇخەممەس»، «ياشلىق ئۈگەن» شېئىرلىرى ئەنە شۇ دەۋردىكى ئۆز روھىي ھالىتىنىڭ ئەڭ ياخشى بەدىئىي ئىنكاسى ئىدى.

1943-يىلى مىلىتارىست شېڭ شىسەي جياڭ جيېشى ۋەتەن ساتقۇچ گورۇھىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك گومىنداڭ تەشكىلاتىنى قۇردى. بۇ مەزگىلدە، شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە ئىنتايىن زور مۇرەككەپ ھالەت شەكىللىنىپ، ئەكسىيەتچى كۈچلەر تېخىمۇ غالجىرلاشتى؛ كىشىلەرنى قولغا ئېلىش، ئۆلتۈرۈش ئىشلىرى ئەۋج ئالدى. بۇ ۋاقىتتا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۆزىنىڭ ئىلغار ئىدىيىسى، ئاجايىپ تالانتى ۋە ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرى بىلەن كەڭ خەلق ئاممىسىغا تونۇلغان ل. مۇتەللىپنىڭ پېيىگە چۈشۈپ، ئۇنى تۈرلۈك چارىلەر بىلەن نازارەت قىلىپ ۋە چەكلەپ تىز پۈكتۈرمەكچى بولۇشتى، ئۇنى شىنجاڭ گېزىتىنىڭ تەھرىرلىك خىزمىتىدىن چەتلەشتۈردى، تىياتىردىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىدى. ئۇنىڭ



ئاممىۋى پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ھوقۇقىنى مەنئى قىلدى، لېكىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھەرقانداق قىلىپمۇ ئۇنى قولغا ئالالمىغانلىقتىن ۋە ئۇنى خەلق ئاممىسىدىن ئايرىۋېتىشكە ئامال تاپالمىغانلىقتىن، 1943-يىلىنىڭ ئاخىرىسىدا سۈرگۈن قاتارىدا ئاقسۇغا ھەيدىۋەتتى.

ل. مۇتەللىپ شۇ يىلى «ئاقسۇ گېزىتى»نىڭ تەھرىرلىك خىزمىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، «جەنۇپ شاملى» ناملىق ئەدەبىي بەتنى تەشكىل قىلىپ، شائىر نىم شېھىت ۋە شائىر بىلال ئەزىزىلەر بىلەن بىرلىشىپ، ئىنقىلابىي ئەدەبىيات-سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش يولىدا پائال ھەرىكەت قىلدى.

شائىر ئاقسۇدا خىزمەت قىلغان يىللىرىدا تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ «يىللارغا جاۋاب»، «كەل باھار»، «شائىر توغرىسىدا مۇۋەششەھ»، «باھار ھەققىدە مۇۋەششەھ»، «تەسىراتىم»، «سازەندەم»، «خىيالچان تىلەك» قاتارلىق يالقۇنلۇق لىرىك شېئىرلارنى يازدى. ئۇ يەنە بۇ چاغلاردا خەلق داستانلىرىنى ئىجادىي ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا 12 مۇقامنىڭ مۇزىكىسىنى ۋە خەلق ناخشىلىرىنى ماھىرلىق بىلەن سىڭدۈرۈپ، خەلقنىڭ مۇڭ-زار، دەرت-ئەلەملىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «تاھىر-زوھرە» ئوپېراسىنى يېزىپ چىقتى. شائىرنىڭ بۇ ئەسىرىدىن شۇ چاغدىكى خەلق ئاممىسى ئىنتايىن مەمنۇن بولغان ئىدى.

ل. مۇتەللىپ ئاقسۇدىكى ۋاقتىدا بىرمۇنچىلىغان ئاجايىپ شېئىرلارنى يازدى. بۇ شېئىرلار ئۇنىڭ بەدىئىي ماھارەتتە

ناھايىتى يوقۇرى سەۋىيىگە ئېرىشكەنلىكىنى، ئىجادىيەتتە كاما-
لەتكە يەتكەنلىكىنى كۆرسەتتى. ئىراق شائىر ناھايىتى ئاز
ياشىدى، ئۇ شائىر بىلال ئەزىزى قاتارلىق سەپداشلىرى بىلەن
بىرلىكتە خەلقنى قوراللىق قوزغىلاڭغا تەييارلاۋاتقان چېغىدا،
گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، 1945-
يىل 18-سېنتەبىردە ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلدى. شائىر ئاخىرقى
نەپەسىدە ئۆزىنىڭ مۇنداق ئىككى مىسرا شېئىرىنى زىندان تېمىغا
يېزىپ قالدۇرۇپ، 23 يېشىدا بىز بىلەن مەڭگۈ ۋىدالاشتى:

بۇ كەڭ دۇنيا مەن ئۈچۈن بولدى دەۋزەخ،
ياش گۈلۈمنى غازاڭ قىلدى قانخور ئەبلەخ.

ل. مۇتەللىپنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتى خەلق ئېغىز ئەدەبىيا-
تىنى ئاساس قىلغان ئىدى. شۇنداقلا ئۇ يەنە كلاسسىك
شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر
شېئىرىيىتىگە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا سىڭدۈرۈپ، ئۆز ئىجادى-
يىتىنى روشەن زامانىۋىلىققا ئىگە قىلدى.

جانلىق ۋە ئوبرازلىق شېئىرى تىل، يەڭگىل ۋە ئاممىباپ
شېئىرى ئۇسلۇب، يالقۇنلۇق جەڭگىۋار، لىرىك ھىسسىيات ئۇنىڭ
شېئىرلىرىغا باشتىن-ئاخىر سىڭدۈرۈلگەن ئىدى.

خەلق ئەدەبىياتى ۋە كلاسسىك ئەدەبىيات ئىجادىيىتىمىزنى
راۋاجلاندۇرۇشتىكى غەزىنە، ئۇلار ھەر بىر دەۋرنىڭ قىممەت-



لىك مەھسۇلاتى بولۇپ، يېڭى پىكىر، يېڭى ئىدىيە ۋە يېڭى
مەزمۇنلار بىلەن بېيىپ، ئەنئەنىلەر ئاساسىدا راۋاجلىنىپ
بارىدۇ. ل. مۇتەللىپ بۇ جەھەتتە ئىزدەنگەن ۋە ئۇلارنى ئۆ-
گەنگەن چېغىدا بۇلاردىكى ئەنئەنىۋى خىسلەتلەرنى، خىلمۇ-
خىللىققا ئىگە بولغان بەدىي تۈگۈلمىلارنى، لىرىك تۈيغۇلارنى،
شېئىرى بايان ۋە باشقا بەدىي ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنى تىرى-
شىپ ئۆزلەشتۈردى. بۇ ئارقىلىق ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىنى ئىلغار
ئىدىيە، ئىنقىلاۋىي مەزمۇنلار بىلەن بىزىدى ۋە ئۇلارنى كۆ-
رەشچان روھ، جەڭگىۋار غايىلەر بىلەن بېيىتتى. ل. مۇتەل-
لىپنىڭ شېئىرلىرى ۋە ئۇنىڭ باشقا ئەسەرلىرى ئەنە شۇنداق
ئالاھىدىلىك ۋە ئىجادىي خىسلەتلەرگە، چوڭقۇر مەنا ۋە
كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان جەڭگىۋار لىرىك تۈيغۇلارغا باي
بولغىنى ئۈچۈن، ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا تۇتقان
ئورنى ناھايىتى چوڭ بولغان ئىدى. ئۇ مۇشۇ خىسلەتلىرى
ئارقىلىق شۇ دەۋردىكى قەلەم ئىگىلىرىگە ناھايىتى چوڭقۇر
تەسىر كۆرسەتكەن.

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ل. مۇتەللىپنىڭ ئەدەبىي
ئىجادىي پائالىيەتلىرى شۇ چاغلاردا يالغۇز ئۇيغۇر جامائەتچى-
لىكى ئارىسىدىلا قارشى ئېلىنىشقا ئىگە بولۇپ قالماستىن، بەلكى
شۇ دەۋردە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە قىزىقىپ كېلى-
ۋاتقان بىرمۇنچىلىغان خەنزۇ ئاپتورلىرىنىڭمۇ دىققەت-ئېتىۋا-
رىنى ئۆزىگە تارتقان ئىدى. شۇ چاغدىكى بىر خەنزۇ ئەدەبىي

ئۇبزورچىسىنىڭ 1946ـ يىلى 8ـ ئايدا «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «ئۇيغۇر مەدەنىيەت ھەركىتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى» ناملىق ماقالىسىدا مۇنداق دېيىلگەن ئىدى: ”......باشقىلارنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغان بىر ياش شائىر لۇتپۇللامۇ بار. بىز ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئېلان قىلىشىمىز، ئۇنىڭغا ئېچىنىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا باھا بېرىپ ئۆتۈشىمىز لازىم. چۈنكى ئۇ ھازىر دۇنيادا يوق بىر كىشى.

لۇتپۇللا (لۇتپۇللا مۇتەللىپ) ياش ۋە تەبىي تالانتلىق، بىر قەتئىي ئېقىمدىكى ھەممىدە قاتتىق كەيپىياتتىكى بىر ئادەم. ئۇنىڭ قەلەم ئىسمى (ئەدىبى تەخەللۇسى) «قايىنام ئۇركىشى» بولۇپ، ياش ۋاقتىدىلا ئۇنىڭ شائىرلىق نامى چىققان. نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭ مۇنداق تەبىي تالانتىغا ھەيران قالدۇ...... ئۇ (مۇتەللىپ) شىنجاڭنىڭ ”4ـ ماي“ ھەركىتىنىڭ ئالدىنقى ئاۋانگارتى“. بىز بۇ بېرىلگەن باھادىن ل. مۇتەللىپنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى ئەدەبىياتىمىزدا قانچىلىك مۇھىم ئورۇن تۇتقانلىقىنى تولۇق چۈشىنەلەيمىز. راست، ل. مۇتەللىپ ناھايىتى ئاز ياشىدى. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ قىسقا ھاياتىدا بىزگە ناھايىتى باي ۋە قىممەتلىك ئەدەبىي مىراس قالدۇردى. ئۇ بەدىي ئەدەبىياتنىڭ ھەممە تۈرلىرىدە يەنى شېئىرىيەت، پىروزا، دىراماتورگىيە، شۇنداقلا ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ۋە ئەدەبىي تەنقىتچىلىكتە ناھايىتى زور ئىشلارنى قىلىپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىدا ئۆچمەس



تۆھپە ياراتتى. ئۇنىڭ ئىنقىلاۋىي قەھرىمانلىق روھى ۋە كەلگۈسىگە بولغان چوڭقۇر ئىشەنچ بىلەن سۇغۇرۇلغان جەڭگىۋار ئەسەرلىرى ئەينى ۋاقىتتا خەلقىمىزنىڭ جاھانگىرلىك ۋە فېوداللىزمغا قارشى ئۇلۇغ كۈرىشىگە ناھايىتى زور ئىلھام بەردى.

پارتىيىگە قارشى ”4 كىشىلىك گۇرۇھ“ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزۇپ، ۋەتەن بىرلىكىنى پارچىلاشتەك جىنايى مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئازاتلىقتىن بۇرۇنقى ئىنقىلاۋىي ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى بىر يولىلا ئىنكار قىلدى. ئۇلار ۋەتەننىڭ ئىستىقبالى، خەلقنىڭ ئازاتلىق ئىشلىرى يولىدىكى ئۇلۇغ كۈرەشكە ياش ھاياتىنى بېغىشلىغان شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپكە ھەر خىل جىنايى بەدناملارنى چاپلاپ، ئۇنى ”مىللىي بۆلگۈنچى“ ۋە ”ئەكسىلئىنقىلابچى“ قىلىپ قويدى. ئۇنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلغان ۋە ئۇنى قوغدىغان شائىرلارغا، يازغۇچىلارغا دەھشەتلىك زىيانكەشلىك قىلدى. لېكىن ”4 كىشىلىك گۇرۇھ“ ل. مۇتەللىپنى قانچە قارىلىغانسېرى ئەمگەكچى خەلق ئۇنى شۇنچە يېقىن ۋە سۆيۈملۈك ھېس قىلدى. ئۇنى ھەرقاچان سەممىي ياد ئېتىپ، ئۇنىڭ جەڭگىۋار ئەسەرلىرىگە تېخىمۇ چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىدى. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرى بىلەن بىرلىكتە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ!

# ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئارۇز ۋەزنى توغرىسىدا

ئابدىرېھىم ئۆتكۈر

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا شېئىرىيەت ژانىرى ئۆز تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇغى، مەزمۇنىنىڭ بايلىغى ۋە شەكلىنىڭ خىلمۇ-خىللىغى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ.

شېئىر ۋەزنى جەھەتتە، بارماق ۋەزنى بىلەن بىر قاتاردا ئارۇز ۋەزنىنىڭمۇ چوڭ سالماققا ئىگە ئىكەنلىگى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ يەنە بىر خۇسۇسىيىتى ھېسابلىنىدۇ.

بولۇپمۇ 11-ئەسىردە ياشىغان ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەخمۇت قەشقىرىنىڭ «دىۋان لۇغاتىت تۈرك» («تۈركى تىللار قامۇسى») ناملىق مەشھۇر ئەسىرى ئارقىلىق بىزگە يېتىپ كەلگەن ۋە ئىسلامىيەتتىن خېلى ئۇزاق زامانلارغا مەنسۇپ بولغان قەدىمقى شېئىر، قوشاقلاردا بۇ خۇسۇسىيەتنىڭ ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇرۇشى تېخىمۇ دىققەتكە سازاۋەر مەسىلە. چۈنكى 13-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ھازىرغا قەدەر ئۆتكەن شەرق ئەدەبىيات تارىخى تەتقىقاتچىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىگى،



جۈملىدىن، ھازىرقى زامان جۇڭگو تۈركولوگلىرى ئارۇز ۋەزنى ھەققىدە توختالغاندا، ”بۇ پەقەت ئەرەپ شېئىرىيىتىگىلا خاس بىرخىل ئۆلچەم، بۇ ۋەزنى ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىياغا ئىسلام دىنى تارقالغاندىن كېيىن، ئەرەپلەر ئارقىلىق كىرگەن“ دىگەن پىكىرنى ئالغا سۈرۈپ كەلمەكتە.

بۈگۈنكى ئۇيغۇر جامائەتچىلىگىدىمۇ ”ئارۇز ۋەزنى ئەرەپلەرنىڭ؛ ئۇنى تەرغىپ قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. پەقەت بارماق ۋەزنىلا ئۇيغۇرلارنىڭ مىللى شېئىرى ۋەزنى“ دەيدىغان قاراشلار بار. مۇنداق قاراشلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىمۇ ئەجەپلىنەرلىك مەسىلە ئەمەس. چۈنكى ”ئارۇز“ سۆزىنىڭ ئەرەپچە بولۇشى، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئارۇز ۋەزنىنىڭ مەنبەسى ھەققىدە ھازىرغا قەدەر ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلمىغانلىغى، ئارۇز ۋەزنىنى يەكۈنلەپ تۇنجى قېتىم كىتاپ يازغان كىشىنىڭ ئەرەپ ئالىمى خېلىل ئىبنى ئەخمەت بولغانلىغى، يۈسۈپ سەككاكىنىڭ ئېيتقىنىدەك ”ئۆتكەن ئالىملارنىڭ ئارۇز ئىلمىدە پەقەت ئەرەپلەرنىڭ شېئىر ۋەزنىلىرىنىلا تەكشۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەنلىگى“ («مۇفتا ھىلئۇلۇم»، 735-بەت) ئەنە شۇنداق پىكىرلەرنىڭ تۇغۇلۇشىغا ئەلۋەتتە سەۋەپ بولماي قالمايتى. شۇڭا، مەيلى تەتقىقات ۋە مەيلى ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش نۇقتىنەزىرىدىن بولسۇن، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئارۇز ۋەزنى مەسىلىسىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، توغرا بىر خۇلاسىگە كېلىش ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ھەقىقەتتە بولسا، ئارۇز ۋەزنىمۇ بارماق ۋەزنىگە ئوخشاشلا، قەدىمدىن تارتىپ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ مۇئەييەن تارىخىي ئىزچىللىققا ئىگە بىر مىللىي شەكلى ھېسابلىنىدۇ. ئارۇز ۋەزنىنى پەقەت ئەرەپلەرگىلا خاس بىر خىل شېئىرىي ئۆلچەم، ئۇنى بىزگە ئەرەپلەردىن كىرگەن دەپ چەتكە قېقىش تارىخىي چىنلىققا ۋە ئىلىم-پەنگە زىت بولۇپلا قالماي، ئاتا-بوۋىلىرىمىزدىن قالغان قىممەتلىك بايلىقتىن ۋاز كېچىش، ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت غەزىنىسىنى قىممەتلىك بىر گوھەردىن مەھرۇم قىلىپ، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز گادايلاشتۇرۇش بولىدۇ. شۇڭا، ماركسىزىم كلاسسىكلىرى ۋە ماۋ جۇشى كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، "قەدىمقىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش" بىلەن شەكلى مىللىي، مەزمۇنى سوتسىيالىستىك شېئىرىيىتىمىزنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇش ۋە بېيىتىشقا ئاز بولسىمۇ ھەسسە قوشۇش مەقسىتىدە، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئارۇز ۋەزنى مەسىلىسى توغرىلىق بەزى مۇلاھىزىلەرنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

بۇ مەسىلىنى ئوبدانراق يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن گەپنى قەدىمقى شېئىر، قوشاقلاردىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

## قەدىمقى شېئىر-قوشاقلار ئۇزۇن تارىخقا ئىگە

قەدىمقى زامان تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا، ئارخېولوگىك



قېزىلمىلار، قەدىمقى يازما خاتىرىلەر ۋە يادىكارلىقلار قانداق مۇھىم رول ئوينىسا، قەدىمقى فولكلور ۋە تارىخىي داستانلارمۇ شۇنداق مۇھىم رول ئوينايدۇ. مىلادىدىن تەخمىنەن 4 ئەسىر بۇرۇن ئۆتكەن مەشھۇر يۇنان شائىرى ھومېرنىڭ «ئىل، ئادا» ۋە «ئودىسسا» داستانلىرى، ھىندى خەلقىنىڭ 1-ئەسىردىكى «ماخالخاراتا» داستانى، ئوبۇل قاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە»سى، قىرغىز خەلقىنىڭ «ماناس» داستانى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ «ئوغۇزنامە» ۋە «قۇتادغۇبىلىك» داستانلىرى قاتارلىقلار ئەنە شۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ.

ماركسىنىڭ «ئىل، ئادا» ۋە «ئودىسسا» داستانلىرى ھەققىدە توختالغىنىدا ئېيتقان بۇ ئىككى ئەسەر بۈگۈنكى كۈندىمۇ "مەلۇم جەھەتلەردە نەمۇنە ۋە كەم ئۇچرايدىغان ئوبرازلىق ئەھمىيەتكە ئىگە" دېگەن سۆزلىرى تارىخىي داستانلارنىڭ قىممىتىنى تېخىمۇ ئېچىپ بېرىدۇ.

«ئوغۇزنامە» بىلەن «كۆلتېكىن ئابىدىسى»نى ھېسابقا ئالمىغاندا، «دىۋان لۇغاتىت تۈرك»تىكى شېئىر-قوشاقلار ھازىرچە تېپىلغان ئەدەبىي مىراسلىرىمىزنىڭ ئەڭ قەدىمقىسى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا كىتاب يېزىلغان دەۋر (مىلادى 1074 — 1072) دىن كۆپ ئەسىرلەر بۇرۇنقى دەۋرلەرگە مەنسۇپ ھېكمەتلىك سۆزلەر، شەيئەلەر (قاپىيىلىك پىروزىلار)، ماقال-تەمسىللەر، شېئىر-قوشاقلار، قەھرىمانلىق داستانلىرىدىن پارچىلار ساقلانغان. ھەتتا بەزى قوشاقلار باشلانغۇچ جامائە

دەۋرىگە مەنسۇپ. مەسىلەن:

چاغىرى بىرىپ قۇشلاتۇ،
تايغان ئىزىپ چىشلاتۇ.
تۈلكە، توڭگۇز تاشلاتۇ،
ئەردەم بىلە ئۆگنەلىم.

(قارچۇغىنى قۇشلاپ، ئوۋ قىلىپ، تايغان ئىتلارغا چىشلىتىپ، تۈلكە-توڭگۇزلارنى تاش بىلەن ئۇرۇپ، يىقىتىپ، شۇ ھۈنەرلىرىمىز بىلەن ماختىنايلى.)

ئالىپ ئەرتوڭاغا بېغىشلانغان مەرسىيەلەر بولسا مەشھۇر «شاھنامە»دە بايان قىلىنغان ۋەقەلەر دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئالىپ ئەرتوڭا ئۆلدىمۇ؟
ئېسىز ئاۋۇن قالدىمۇ؟
ئۆزلەك ئۆچىن ئالدىمۇ؟
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر.

(باتۇر ئەرتوڭا ئۆلدىمۇ؟ يۈزسىز-ۋاپاسىز دۇنيا قالدىمۇ؟ پەلەك ئۇنىڭدىن ئۆچىنى ئالدىمۇ؟ ئەمدى ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىش دەردىدە يۈرەكلەر پارە-پارە بولماقتا.)



بۇ يەردە ئېيتىلغان "ئالىپ ئەرتوڭا" ئىرانلىقلار تەرىپىدىن "ئافراسىياپ" دەپ ئاتالغان كىشى بولۇپ، «شاھنامە»دە ئافراسىياپ "تۇران" مەملىكىتىنىڭ خاقانى دېيىلىدۇ (مەركىزىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن مۇڭغۇلىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ كەڭ زېمىننى قەدىمقى ئىرانلىقلار "تۇران" دەپ ئاتايتتى). «شاھنامە»نىڭ ئاساسىي قىسمى ئىران بىلەن ئەنە شۇ "تۇران" ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇن يىللار داۋام قىلغان ئۇرۇش تەسۋىرىدىن ئىبارەت. «شاھنامە»دە شۇ زاماندىكى ئىران مىللىي مەنپەئەتىنىڭ تەقەززاسى بويىچە، بۇ ئۇرۇش ئىراننىڭ غەلىبىسى ۋە تۇراننىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاياقلاشقان قىلىپ كۆرسىتىلگەن. ئالىپ ئەرتوڭا (ئافراسىياپ) شۇ ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلىدۇ.

«شاھنامە» ۋە بەزى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇ ئۇرۇش ئىراننىڭ كىيانىيان سۇلالىسى دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ.

كىيانىيان سۇلالىسى بولسا مىلادىدىن تەخمىنەن 4-5 ئەسىر بۇرۇن ئۆتكەن ۋە ئاخىرىدا ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن (مىلادىدىن بۇرۇنقى 356—323-يىللار) تەرىپىدىن تۈگىتىلگەن. شۇنداق بولغاندا، ئافراسىياپنىڭ ئۆلۈمى ۋە يۇقۇرىدىكى مەرسىيە يېزىلغان ۋاقىت تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 2—3-ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ.

لېكىن، ئىلمىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، ئىران بىلەن تۇران ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلار ئىراننىڭ كىيانىيان سۇلالىسى دەۋرىگە ئەمەس، بەلكى ئىراننىڭ 4-سۇلالىسى بولغان

ساسانىيان (ساسانىلار) دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. ”ساسانىلار مىلادى 226-دىن 651-يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن“ («قامۇسۇل ئەلەم»، 4-جىلت، 2481-بەت). خۇددى شۇ ساسانىلار دەۋرىدە ئىران بىلەن تۇران ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ئۇرۇشلار بولغانلىقىنى تارىخ مۇنداق قەيت قىلىدۇ:

”تۈركلەرنىڭ ساسانىلارغا قارشى يۈرگۈزگەن ئۇرۇشلىرى ئىرانلىقلار ئۈچۈن بىر مىللىي داستان تەشكىل قىلدى ۋە نەتىجىدە ئىران بىلەن تۇران ئوتتۇرىسىدىكى ئېلىشىشلاردىن بەھس قىلىدىغان «شاھنامە» مەيدانغا كەلدى“ (ئەخمەت رەپىق «بۈيۈك تارىخ ئومۇمىي“ 4-جىلت، 273-بەت»). ساسانىلار دەۋرىدە ئىرانلىقلار روما ۋە ۋىزانتىيە بىلەن، شۇنىڭدەك، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۆچمەن قەبىلىلەر بىلەن نۇرغۇن قېتىم ئۇرۇشقان. بۇ مەنبەلەرگە قارىغاندا، ئالىپ ئەرتوڭا توغرىسىدىكى مەرسىيەلەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى تەخمىنەن مىلادى 3—4-ئەسىرلەرگە ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنرەككە توغرا كەلسە كېرەك.

بەزىلەر ئالىپ ئەرتوڭا (ئافراسىياپ)نى مەۋھۇم (نائېنىق) شەخس دەيدۇ. مەخمۇت قەشقىرى بولسا، قەشقەرنىڭ قەدىمقى نامى ”ئوردۇكەند“، يەنى خان تۇرىدىغان شەھەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ كېلىپ، ”بۇ شەھەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغىنى ئۈچۈن، ئافراسىياپ ئۇ يەردە تۇراتتى. بۇ شەھەر تۆۋەن چىنگە جايلاشقان“ دەيدۇ. (دىۋان لۇغاتىت تۈرك يازما نۇسخا، 173-بەت). بۇنىڭدىن تاشقىرى، ”ئافراسىياپ“ ياكى ”ئالىپ



ئەرتوڭا“ دېگەن ئىسىم «دىۋان»دا تەخمىنەن 20 ئورۇندا ئۇچرايدۇ. بەزىلەر تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، يەنى مىلادى 732-يىلى بېشبالىق (ھازىرقى جىمسار)دىكى بىر جەڭدە ئۆلگەن ئۇيغۇر خاقانى توڭا تېكىننى ”ئالىپ ئەرتوڭا“ دەپ پەرەز قىلىدۇ. بۇ ھەقتە ھازىرچە بىرنىمە دېيىش تەسرەك.

لېكىن يۇقۇرىدىكى مەنبەلەرگە قارىغاندا، قەدىمقى زاماندا شۇنداق بىر شەخسنىڭ ئۆتكەنلىكى ياكى ئۇنىڭ شۇنداق بىر ئەپسانىۋى قەھرىمان سۈپىتىدە خەلق ئارىسىدا ياشاپ كەلگەنلىكى ئېنىق.

دېمەك، «دىۋان»دىكى شېئىر-قوشاقلار بىزنىڭ ئەڭ قەدىمقى ئەدەبىي مىراسلىرىمىز ھېسابلىنىدۇ ۋە بۇ مىراسلار ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. «دىۋان»نىڭ ئەڭ مۇھىم ئەھمىيىتىدىن بىرىمۇ ئەنە شۇ ئەدەبىي مىراسلىرىمىزنى ساقلاپ بىزگە يەتكۈزگەنلىكىدىن ئىبارەت.

يۇقۇرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، قەدىمقى شېئىرلار دېگىنىمىزدە، مۇھىمى «دىۋان لۇغەتىت تۈرك»تىكى شېئىر-قوشاقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن ئېتىۋارەن، نۇرغۇن ئالىملار «دىۋان»دىكى شېئىرلار توغرىسىدا ئالاھىدە تەتقىقاتلار يۈرگۈزگەن. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى تىزىمنى كۆزدىن كەچۈرۈش كۇپايە:

1) مارتىن ھورتمان: «دىۋان لۇغاتىت تۈرك» ئەدەبىي پارچىلار، (1915-يىل).

2) كوفرولۇزاده فۇئات: «دىۋان لۇغەتىت تۈرك» ئاپتورى مەخمۇت قەشقىرى ۋە ئەدەبىياتىمىزنىڭ 20 ئەسىرلىك تارىخى (1915 ـ يىلى).

3) كارل بىروكىلمان: «قەدىمقى تۈركىستان خەلق ئەدەبىياتى» (1923 ــ 1924 ـ يىللار).

4) نەجىپ ئاسىم: «قەدىمقى ماقال ۋە قوشاقلار» (1920 ـ يىل).

5) جۇزەينى: «قەدىمقى شېئرىيەت، ئەزەربەيجان ئونىۋېرسىتېتىدا ئوقۇلغان لېكسىيە» (1927 ـ يىل).

6) ئەخمەت كامال: «قەدىمقى تۈرك فولكلورى» (1929 ـ يىل).

7) فىترەت: «قەدىمقى تۈرك خەلق ئەدەبىياتى» (1927 ـ يىل).

8) مالوف: «تۈركى خەلقلەرنىڭ قەدىمقى يازما يادىكارلىقلىرى ــ قەشقەر خەلق قوشاقلىرى» (1951 ـ يىل).

9) ئەلى ئۇلىۋى: «دىۋان لۇغاتىت تۈرك»تىكى خەلق قوشاقلىرى ۋە ماقال تەمسىللەر».

بىروككىلمان بىلەن شاكىر ئۇلكىتاشىرنىڭ ئىسپاتلىشىچە، «دىۋان»دىكى شېئىرلار خەلق قوشاقلىرىدىنلا ئىبارەت بولماي، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ناملىرى كورسىتىلمىگەن بىرمۇنچە شائىرلارنىڭمۇ ئىجادىيەتلىرى بار. «دىۋان»دا «قوشۇغ» (قوشاق) دېگەن سوزنىڭ ئەرەپچىگە "قەسىدە" دەپ تەرجىمە قىلىنغانلىقى



(يازما نۇسخا، 189 ـ بەت) ۋە بۇ "قەسىدە"لەرنىڭ "تۇركان قاتۇن"①لارغا بېغىشلانغانلىقى ساراي ئەدەبىياتى ۋە ساراي شائىرلىرىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىگىدىن دالالەت بېرىدۇ. تۆۋەندىكى شېئىر بۇنىڭ دەلىلىدۇر:

تۇركان قاتۇن قوتۇڭا تەگۇر مەندىن قوشۇغ،
ئايغىل سىزنىڭ تاپۇغچى ئوتنۇر يەگى تاپۇغ.
(تۇركان خوتۇن ئالدىغا مەندىن قوشاق ئېلىپ بار،
ئېيتقىل سىزنىڭ خىزمەتچىڭىز يېڭى خىزمەتكە تەييار).

## قەدىمقى شېئىر ـ قوشاقلاردىن بىرنەچچە ئۈرنەك:

"دىۋان"دا بەزىبىر تەكرارلىنىشنى ھېساپقا ئالمىغاندا، تەخمىنەن 300 پارچىغا يېقىن شېئىر بار. بۇ شېئىرلار مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن ناھايىتى خىلمۇ ـ خىل بولۇپ، قەدىمقى زامان ئەمگەكچىلىرىنىڭ رېيال تۇرمۇشىنى ئەتراپلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ھەتتا بەزىلىرى ئۆز زامانىسىدىكى قەھرىمانلىق داستانلىرىدىن پارچىلار بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

① تۇركان قاتۇن ــ قەدىمقى تۇركى تىلدا ئادەتتىكى ئاياللار "ئۇراغۇت" دەپ، خاقاننىڭ ئاياللىرى ياكى مەلىكىلىرى "قاتۇن" دەپ ئاتىلاتتى. "تۇركان قاتۇن" دېگىنى خان مەلىكىسى دېگەن مەنىدە ئىدى.

ئەمما «دىۋان» ئاپتورى مەخسۇس شېىر ـ قوشاقلارنى تونۇشـتۇرۇش مەقسىدىدە ئەمەس، پەقەت سوزلۇكلەرگە مىسال ئۇچۇنلا توغرا كەلگەن يېرىدە قىستۇرۇپ ئوتكەنلىكتىن، بۇ شېىرلار تارقاق هالدا بېرىلگەن. رادلوف، ۋامبىرى، بىروككىلمان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئالىملار نۇرغۇن تەتقىقاتلاردىن كېيىن، بۇ شېىرلارنى مەزمۇنىغا قاراپ توۋەندىكى تۇرلەرگە ئايرىپ چىققان:

1) مەرسىيلەر؛ 2) قەهرىمانلىق داستانلىرىدىن پارچىلار؛ 3) مۇهەببەت نامىلەر؛ 4)ساقىنامىلەر؛ 5) هىكمەت ـ پەلسەپە، پەندى ـ نەسىهەت؛ 6) ئىشلەپچىقىرىش ياكى ئوۋچىلىق؛ 7) دولەت باشقۇرۇش ياكى ئىجتىمائى هايات. 8) تەبىەت تەسۋىرى ۋە باشقىلار.

توۋەندە بەزىلىرىدىن ئورنەك كەلتۇرىمىز:

1) مەرسىيلەرگە مىسال:

ئافراسىياپنىڭ ئولۇمىگە بېغىشلانغان يەنە بىر مەرسىيە:

ئۇلىشىپ ئەرەن بورلىيۇ،
يىرتىپ ياقا ئورلىيۇ،
سىقىرىپ ئۇنى يورلىيۇ،
سىغتاپ كوزى ئورتۇلۇر.

(ئەل بورىدەك هۇلىدى، يىرتىپ ياقا يىغلىدى، ئۇنى سىقىراپ



داتلىدى، كوزى ياشتىن ئورتىنىپ).

2 ـ قەهرىمانلىق داستانلىرىدىن پارچە:

ئەرەن، ئالپى ئوقۇشتىلار،
قىڭىز كوزىن باقىشتىلار،
قامۇغ تولمۇن توقۇشتىلار،
قىلىچ قىنىغا كوچۇن سىغدى.

(باتۇر ئەرلەر قىچقىرىشتى، قىڭغىر قاراپ هورپىيىشتى، هەممە تىغنى ئىشلىتىشتى، قىلىچ قىنىغا ئاران سىغدى).

3) مۇهەببەت نامىلەرگە مىسال:

بولنار مېنى ئولاس كوس،
قارامېڭىز قىزىل يۇز،
ئاندىن تامار توگەل تۇز،
بولناپ يانا ئول قاچار.

(ئوۋلار مېنى خوماركوز، قاراخاللىق قىزىل يۇز، تامار ئاندىن توگەل تۇز، ئوۋلاپ يانا ئۇ قاچار).

4) پەندى ـ نەسىهەتلەرگە مىسال:

ئالغىل ئۇگۇت مەندىن ئوغۇل ئەردەم تىلە،

بويدا ئۇلۇغ بىلگا بولۇپ بىلگىلىك بىلە.
(ئالغىل ئۇگۇت مەندىن ئوغۇل ئەردەم يارات،
ئەلدە ئۇلۇغ ئالىم بولۇپ ئىلىملىك تارات).
ئۇلۇغلۇقۇغ بولسا سەن ئەزگۇ قىلىن،
بولغىل كىشىلىك بەگلەر قاتىن ياخشى ئۇلان.

(مەرتىۋەڭ ئۈسكەنىسىرى ياخشى قىلىقلىق بول،
بەگ ئالدىدا كىشىلەرگە ياخشىلىق قىل).

كوركىلۇك تۇنۇغ ئۇزۇڭە،
تاتلىغ ئاشىغ ئازىنقا.
تۇتقىل تونۇق ئاغىرلىق،
يازسۇن چاۋىلىڭ يازۇنقا.

(كوركەم تونۇڭ ئۇزەڭگە، تاتلىق ئېشىڭ ئۇزگىگە.
ئېزىز بىلگىن مېھماننى، يايسۇن داڭقىڭ ئەللەرگە)
5) تەبىەت تەسۋىرىگە مىسال:

باي بارۇبان ئەرگۈزى،
ئاقتى ئاقىن مۇندۇزى.
تۇغىبى يارۇق يۇلتۇزى،
تىڭلا سوزۇم كۇلكىسىز.



(كوركەم قىلىپ ئەگۈزى، ئاقتى سەلدەك تارمۇزى، تۇغدى يورۇق يۇلتۇزى، تىڭشا سوزۇم كۇلكىسىز.)
بۇ ئورنەكلەردىن شۇنى كورگىلى بولىدۇكى، «دىۋان» دىكى شېئىرلار تارىخنىڭ ناھايىتى ئۇزاقلىقى، مەزمۇنىنىڭ بايلىقى ۋە چوڭقۇرلۇقى، بەدىئىلىكىنىڭ يۇكسەكلىكى، خىللىرىنىڭ كوپلۇكى، تىلىنىڭ راۋانلىقى، ساپلىقى، شەكىل ئۇسلۇبىنىڭ ئۇزىگە خاسلىقى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىكتۇر.
تىل ماتېرىياللىرى بىرلا قەبىلە ياكى مىللەتكە خاس بولماي، تۇركى قەبىلىلەرنىڭ كوپچىلىكىگە ئورتاقلىقىمۇ بۇ شېئىرلارنىڭ بىرخۇسۇسىيىتى ھىساپلىنىدۇ. لېكىن تىل ئولچىمى جەھەتتىن «دىۋان لۇغەتىت تۇرك» تىلى ئۇيغۇر قارلۇق تىللىرىنى ئاساس قىلغانلىقتىن، بۇ شېئىرلارنىڭ تىلىمۇ شۇ ئولچەمدىن مۇستەسنا ئەمەس، ئەلۋەتتە.
”مەخمۇت قەشقىرى ئۇيغۇر-قارلۇق تىللىرى ماتېرىياللىرى بىلەن قىپچاق ئوغۇز تىللىرى ماتېرىياللىرىنى سېلىشتۇرۇپ، ئۇيغۇر-قارلۇق تىلىنى بۇ ئەدەبىي تىلنىڭ ئاساسى قىلغان“ (باسقاقوف: ”تۇركى تىللار تەتقىقاتىغا مۇقەددىمە“، 61-بەت)
بۇ شېئىرلارنىڭ ئالاھىدە تەكىتلەپ ئوتۇشكە تېگىشلىك يەنە بىرمۇھىم خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇلاردا ھەم بارماق (ھىجا)، ھەم ئارۇز ۋەزنى تەڭلا ساقلانغان. بۇ ئەھۋال ”ئارۇز ۋەزنى بىزگە ئەرەپلەردىن كىرگەن يات نەرسە“ دىگەن قاراشلارغا زىت ھالدا، ئارۇز ۋەزنىنىڭ قەدىمقى زاماندىن تارتىپلا ئۇزىمىزنىڭ

مىللىي مىراسىمىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

بۇ پىكىرنى تېخىمۇ يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ:

## ئارۇز ۋەزنى مەسىلىسى

بۇ مەسىلىلەرگە ئۆتۈشتىن ئاۋال ھازىرقى ئەمەلىي ئەھۋال تەقەززاسى بىلەن شېئرىيەت ۋە شېئىر ۋەزىنلىرى توغرىسىدا ئازراق توختىلىپ ئۆتۈش لازىم.

### 1. شېئىر دېگەن نېمە؟

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ”شېئىر“ سۆزى ئەرەپچە بولۇپ، ”ھېس-تۇيغۇلارنىڭ ئىپادىلىنىشى“ دېگەن مەنىنى ئاڭلىتىدۇ. شۇنىڭدىن ئېلىنغان ”شائىر“ سۆزى ھېس-تۇيغۇلارنى ئىپادىلىگۈچى ياكى ھېس-تۇيغۇغا باي يەنى ھەسساس ئادەم دېگەن مەنىنى ئاڭلىتىدۇ، خەنزۇ تىلىدىكى ”شىگې“ (诗歌)، يۇنان تىلىدىكى ”پوئېسىس“، رۇس تىلىدىكى ”پوئېزىيە“ سۆزلىرىمۇ ھېس-تۇيغۇنى ئوبرازلىق تىل بىلەن ياكى ئوبراز ۋە رىتىم بىلەن ئىپادىلەش سەنئىتى دېگەن ئۇقۇمنى ئاڭلىتىدۇ. بۇ گەپلەردىن ھېس-تۇيغۇ بىلەن خىيال (تەسەۋۋۇر) بايلىقى، ئوبرازلىق تىل ۋە ئاھاڭدارلىق—مانا بۇلار شېئىرنىڭ ئاساسىي



خۇسۇسىيىتى ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كەڭ مەنىدە ئېيتقاندا، شېئىر ھېس-تۇيغۇنى بەدىئىي ئوبراز بىلەن ئىپادىلەش سەنئىتى ياكى ئوبرازلىق تىل ئىجادىيىتى دېمەكتۇر. شۇ جەھەتتىن قارىغاندا، رىتىم، ۋەزىن، قاپىيە—شېئىرنىڭ تۈپ ئامىلى ئەمەس، بەلكى قوشۇمچە ئامىلى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا گوگولنىڭ «ئۆلۈك جانلار» رومانى بىلەن لېرمونتوۋنىڭ «زامانىمىزنىڭ قەھرىمانى» دېگەن رومانى ۋە ئۆمەر مۇھەممىدىنىڭ «باتۇر يىللار» ھېكايىسى قاتارلىق ئەسەرلەر پوئېما دەپ ئاتالغان. لېكىن تار مەنىدە ئېيتقاندا، شېئىر نەسىر (پروزا) نىڭ ئەكسىچە، بىرەر ئوبرازلىق پىكىرنى رىتىم، ۋەزىن ۋە قاپىيە بىلەن ئىپادىلەش سەنئىتى دېمەكتۇر. رىتىم، ۋەزىن ۋە قاپىيە يەنىلا ئىككىنچى ئورۇندىكى ئامىل بولۇپ، ئاساسىي ئامىل ئوبرازلىق پىكىر يەنى تەسەۋۋۇر (خىيال) ۋە ئۇنى ئۆزىگە خاس تىل ۋاستىسى بىلەن ئىپادىلەشتىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن مەلۇم ۋەزىندە كەلگەن قاپىيىلىك سۆزلەر تىزمىسى شېئىر بولالمىغىنىدەك، تەنتەنىلىك ئىبارە ۋە قۇرۇق شوئارلار يىغىندىسىمۇ شېئىر بولالمايدۇ. شائىر ۋەقەلىكنى، يەنى چىن بارلىقنى بايان قىلىپ بەرگۈچى ياكى كۆرسىتىپ بەرگۈچى ئەمەس، بەلكى ۋەقەلىكتىن (تۇرمۇشتىن) ئالغان تەسىراتىنى (ھېس-تۇيغۇسىنى) ئوبرازلىق تەسەۋۋۇر بىلەن كىشىلەر قەلبىگە سىڭدۈرگۈچى ماھارەت ئىگىسىدۇر. شائىر بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ھەجاز (مېتافورا ياكى ئوخشىتىش، قىلىقلاندۇرۇش)، ئىستىئارە، كىنايە

قاتارلىق ئىپىتىلار (شائىرانە تەسەۋۋۇرلار) دىن پايدىلىنىدۇ. ئۇيغۇر كلاسسىكلىرىدىن زەللىلىنىڭ مۇنۇ مىسرالىرى بۇ پىكىرنى ناھايىتى روشەن ئىپادىلەپ بېرىدۇ:

ئەي زەللىلى، بو نە سوزدۇر دەپ مېنى ئەيىپ ئەتمىگىل،
جىلۋە بەرمەيدۇ ھەقىقەتنىڭ ھەجازى بولمىسا.

شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، پىكىر ياكى مەنانى شېئىرنىڭ جېنى، ئوبرازلىق تەسەۋۋۇر ياكى پوئېتىك ۋەزىن ۋە قاپىيەلەرنى شېئىرنىڭ ھوسنى-جامالى دېيىش مۇمكىن، تىل — شېئىرنىڭ قېنى ۋە تېنى. شېئىرنىڭ پىروزىدىن پەرقى شۇكى، پىروزا تىپ ۋە ئوبرازلار ئارقىلىق ۋەقەلىكنى كورسىتىپ بېرىدۇ، شېئىر بولسا، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى بىلەن ۋەقەلىككە نىسبەتەن ئىنسان قەلبىدە نازۇك ھىس-تۇيغۇلارنى قوزغىتىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن، رەسسام بويىغى بىلەن، سازەندە بارمىغى بىلەن، شائىر خىيال بايلىغى بىلەن سەتكاردۇر. دېمەك، شېئىر — بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ چوڭ بىر ژانىرى، ئۇ تۇرمۇشنى يۇكسەك دەرىجىدە تىپىكلەشتۇرۇپ، ئوبرازلىق تەسەۋۋۇر بىلەن ئەكس ئەتتۇرىدىغان سەنئەت. خىيال بايلىغى، پوئېتىك تىل ۋە رىتىم (ئاھاڭدارلىق) بولسا ئۇنىڭ تۇپ خۇسۇسىيىتى. مۇشۇنداق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە ھەقىقى شېئىرلارغا بىرنەچچە مىسال:



گۇل چىغىم بولدۇم ئەسىر، تامدى ئىگەرگە كوز يېشىم،
كىگىز ئوي ئىچرە ئون ئىككى يىلنى ئوتكۇزدى بېشىم.
بالىلىرىم قالدى پىغاندا، مەن بۇ يەردە كوزدە ياش،
تەلمۇرۇپ تۇرغان كەبى ئاسماندا ئاي بىرلە قۇياش.
سەي ۋېنجى①

غۇربەتتە غېرىپ شادىمان بولماس ئىمىش،
ئەل ئاگا شەپقۇ-مېھرىۋان بولماس ئىمىش،
ئالتۇن قەپەس گەرقىزىل گۇل بۇتىسە.
بۇلبۇلغا تىكەندەك ئاشىيان بولماس ئىمىش.
— ناۋايى

گۇلنى ئالتۇن جام ئارا قويسا قەدەھتە
جىلۋىگەر،
تەبىي خاھىش ئەيلىگەي ئۇنگەن يېرىنىڭ
تۇپرىغىن.
— ناۋايى

① سەي ۋېنجى — خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر شائىرە. ئۇ مىلادى 190 - يىللاردىكى توپىلاڭدا جەنۇبىي ھونلارغا ئەسىر چۈشكەن ۋە ھون تەڭرىقۇتىنىڭ سول قول ۋەزىرى بىلەن 12 يىل تۇرمۇش كەچۈرۈپ ئىككى باللىق بولغان. كېيىن ساۋ-ساۋنىڭ ياردىمى بىلەن يۇرتىغا قايتقان.

مەككىگە بارماق يارىم، مۇنىدىمۇ بىر مەككە
بار،
ئاي يۈزۈڭنى كۆنىدە كورسەم مەككىگە بار.
غانچە بار.
—خەلق قوشىغى

سۆيگۈ، ئۈمىت، مەغرۇر شوھرەت ئارزۇسى
بولمىدى ئاۋۇنچاق بىزگە كوپ زامان.
ئوتتى ياشلىغىمىزنىڭ ئويۇن-كۈلكىسى،
گوياكى چۈش، گويا تاڭدىكى تۇمان.
—پوشكىن

خىيالىم خۇددى تەلپۈنۈپ تۇرغان بىر سەبى بالا،
ئېمىش ئۇچۇن قەدىردان ئانىدىكى قوش ئەمچەكلەرنى.
جانان ناز ئۇيقۇدا يېتىپ نىچۇك تولغانماس،
ئاشىغى كۇتۇپ تۇرسا ئېچىپ يورۇق رۇجەكلەرنى...
—ل. مۇتەللىپ

## 2. ئۇيغۇر شېرىيىتىدىكى ۋەزىنلەر

ئۇيغۇر شېرىيىتىدە ئاساسەن ئىككى خىل ۋەزىن مەۋجۇت، ئۇنىڭ بىرى بارماق (ھىجا) ۋەزنى، يەنە بىرى ئارۇز ۋەزنىدىن



ئىبارەت.

(1) بارماق ۋەزنى ھەققىدە

بارماق ۋەزنى ئۇيغۇر شېرىيىتىنىڭ قەدىمي مىللى شەكلى بولۇپ، بەشلىكتىن ئون ئۇچلۇككىچە، ھەتتا ئون بەشلىككىچە تېپىلىدۇ. بارماق ۋەزنىنىڭ تۇپ خۇسۇسىيىتى مىسرالارنىڭ تۇراقلارغا بولۇنۇشىدىن ئىبارەت. شۇڭا بارماق ۋەزنىنى تۇراق ۋەزىن دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ. «دىۋان لۇغەتىت تۇرك»تە قەدىمي شېرلارنىڭ بەشلىكتىن 12لىككىچە بولغان بەزى شەكىللىرى ساقلانغان.

بەشلىك:

ماڭا كەلدى تات،
ئايدىم ئەمدى يات،
قۇشقا بولۇپ ئەت،
سېنى يىسۇن ئۇس بورى.

(ماڭا يات قەبىلە كىشىسى ھۇجۇم قىلىپ كەلدى، مەن ئۇنى ئولتۇردۇم ۋە ئەمدى قۇش-بورىلەرگە يەم بول دىدىم.)

ئالتىلىك:

كۇچەندى بىلاگىم،
ياغۇدى تىلاگىم،

تەلىندى بىلىگىم،
تىڭىــرۇپ ئاڭار چىرتىلۇر.

(كۆچەندى بىلىگىم، يورىدى تىلىگىم، كېڭەيدى بىــلــمىم، ئاڭا جەبرى قىلسامىۇ.)
يەتتىلىك:

ئوغراغىم كەندۇ يىراق،
پۇلنادى مەنى قاراق.

(مەنزىلىم ئىدى يىراق، ئەسىر قىلدى بىر قاراپ.)
سەككىزلىك:

ئاتىل سۇۋى ئاقا تۇرۇر،
قىياتوبى قاقا تۇرۇر
بالىق تەلىم باقا تۇرۇر،
كولىنىڭ تاقى قۇشادۇر.

(ئىدىل سۈيى ئېقىپ تۇرار، قىيالارغا سوقۇپ تۇرار، بېلىق، پاقا تولۇپ تۇرار، كولچەك تولۇپ تېشىپ تۇرار.)
ئون بىرلىك:



نەڭىن تۇرار بەلكىيۇ ئۆزى يىماس،
سەرەنلىكتىن يىغلىيۇ ئالتۇن يىغار.

(مەھكەم تۇتار مالىنى ئۆزى يىمەس، بېخىللىقتىن يىغلىبان ئالتۇن يىغار.)
ئون ئىككىلىك:

باردى ئەرەن قونۇق كورۇپ قۇتقا ساقار،
قالدى ياۋۇز ئويۇق كورۇپ ئەۋنى يىقار.

(مېھمان كەلسە، قۇت دەپ بىلەر ئەرلەركەتتى، قاراكورسە، ئۆيىنى چۇۋار پەسلەر قالدى.)

بارماق ۋەزنى كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىمۇ كەڭ ئۇچرايدۇ. مەسلەن:

ئارپا، بۇغداي سامانىنى سەلكىن ئايرىيدۇ،
ئاتا-ئانا قېرىنداشتىن ئۆلۈم ئايرىيدۇ.

* * *

هاراق دىگەن ئاچچىق نىمە شىڭ شىڭ قاينايدۇ،
چىلىڭ گاڭ غوجام كايىپ قالسا، نومغا① پالايدۇ.

① نوم— قومۇل ۋاڭىنىڭ ئادەم پالايدىغان يېرى.

پالىسىمۇ پالىسكەن، ئېتىپ سالمىسا،
چوچۇرىدەك بەش بالامنى يېتىم قىلمىسا.

دىمەك، بارماق ۋەزنى بوغۇملارنىڭ مۇئەييەن تەركىپتە گۇرۇپپىلىنىشىدىن، يەنى تۇراقلاردىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى رىتىم ۋە ئاھاڭدارلىق ئەنە شۇ تۇراقلار ئارقىلىق ئەكس ئېتىدۇ.

بارماق ۋەزنىنىڭ تەركىۋىگە كىرىدىغان يەنە بىرخىل شېئىر شەكلى "چاچما شېئىر" بولۇپ، بۇنىڭدا تۇراق ۋە ۋەزىن ئەمەس، مىسرالاردىكى رىتىم ياكى مۇزىكا ئاھاڭدارلىقى (شېئىرنىڭ شەكلى جەھەتتىن) مۇھىم ئامىل ھېساپلىنىدۇ. ئۆمەر مۇھەممەدىنىڭ «ئۆمەر ئولدى» دىگەن مەشھۇر شېئىرى ئەنە شۇنداق شېئىرلارنىڭ ئەڭ ياخشى ئۈلگىسىدۇر.

(2) ئارۇز ۋەزنى ھەققىدە

"ئارۇز"— ئەن (بىرنەرسىنىڭ ئېنى ياكى كەڭلىگى) دىگەن مەنىدىكى ئەرەپچە سۆز بولۇپ، ئىستىمال مەنىسى "ئۆلچەم" ياكى "قېلىپ" دىمەكتۇر. ئارۇز ۋەزنىنىڭ بارماق ۋەزنىدىن پەرقى شۇكى، بۇنىڭدىكى رىتىم نوقۇل تۇراقلار ئارقىلىقلا ئەمەس، بەلكى سۆزلەردىكى ئۇرغۇلارنىڭ بىرخىلدا تەكرارلىنىشى ئارقىلىق ئەكس ئېتىدۇ. يەنى، مىسرالار بەزىدە ئۇرغۇلىرى ئوخشاش بولغان رۇكنلاردىن، بەزىدە شۇ قېلىپتىكى تۇراقلاردىن تەركىپ تاپىدۇ، ئەگەر ئۇرغۇلىرى بىرخىل كەلـ



مىسە، ئوخشاش ئۆلچەمدە بولغان سۆزلەر ۋەزىننى بۇزىدۇ. مەسىلەن، "زامان" بىلەن "دەۋران" ئوخشاشلا ئىككى بوغۇملۇق سۆز بولسىمۇ، "زامان" سۆزىنىڭ ئۇرغۇسى ئىككىنچى بوغۇمدا، "دەۋران" سۆزىنىڭ ئۇرغۇسى بىرىنچى بوغۇمدا بولغانلىقتىن، ئارۇز ۋەزنىدە ئۇرغۇ جەھەتتىن ئوخشاش بولغان تۇراقلار شۇ پېتى بىر رۇكن بولسىمۇ، ئۇرغۇلىرى ئوخشاش بولمىغان تۇراقلار پارچىلىنىدۇ.

مەسىلەن:

ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ ئۇرارمەن، ئاھلىرىم تۇتقاي سېنى،
كۆز يېشىم دەريا بولۇپ، بېلىقلىرىم يۇتقاي سېنى.

رەمەل بەھرىنىڭ "فائىلاتۇن، فائىلاتۇن، فائىلاتۇن، فائىلۇن" ۋەزنىدىكى بۇ شېئىردا "ئاھ ئۇزارمەن" دىگەن تۇراق دەل "فائىلاتۇن"غا توغرا كەلگەچكە، تۇراق ھالىتىدە قېلىۋېرىدۇ، ئەمما "ئاھلىرىم تۇتقاي سېنى" دىگەندىكى "ئاھلىرىم" سۆزى "فائىلاتۇن"غا توشمىغانلىقتىن، "ئاھلىرىم تۇت"، ئاندىن "قاي سېنى" (فائىلۇن) دەپ ئايرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. يۇقۇرىدىكى شېئىرنىڭ ئىككىنچى مىسراسىنىمۇ شۇنداق تەھلىل قىلىش مۇمكىن. يەنى، كۆز يېشىم دەريا بولۇپ، بېلىقلىرىم يۇتقاي سېنى.

نۇرغۇن ئالىملار ئارۇز ۋەزنىنى مەخسۇس بىر ئىلىم (پەن)

دەرىجىسىگە كۆتىرىپ، مەخسۇس كىتاپلارنى يازغان، مەسىلەن، مەشھۇر ئەرەپ ئالىمى خەلىل ئىبنى ئەخمەت («كىتابۇل، ئارۇز»)نى، خارىزىملىق مەشھۇر ئالىم يۇسۇپ سەككاكى («مۇختاھىل ئۇلۇم»—ئىلىملەر ئاچقۇچى)نى، ئەلىشىر ناۋايى («مىزانۇل ئەۋزان»—ۋەزىنلەر مىزانى)نىنى يازغان، زوھىرىدىن بابۇر ۋە باشقىلارمۇ شۇنداق كىتاپلارنى يازغان. جۇملىدىن بىرمۇنچە ئالىملار، مەسىلەن، كوۋالىسكى، كوپىرۇلۇزادە فوئات تۈركى خەلقلەر شېئىرىيىتىدىكى ۋەزىن مەسىلىسى ھەققىدىمۇ ئەسەرلەر يازغان. بىزنىڭ نوۋەتتىكى مەقسىدىمىز ئارۇز ۋەزنىنى تەتقىق قىلىش ئەمەس، بەلكى ئارۇز ۋەزنىگە قانداق قاراش توغرىسىدا بەزى مۇلاھىزىلەرنى كۆپچىلىكنىڭ مۇھاكىمىسىگە قويۇشتىن ئىبارەت.

## ئارۇز ۋەزنىگە قانداق قاراش كېرەك؟

يۇقۇرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ئارۇز ۋەزنىنى ئەرەپ ئالىملىرىنىڭ ئىجادىيىتى ۋە ئەرەپ شېئىرىيىتىگە خاس بىرخىل ئۆلچەم، ئارۇز ۋەزنى ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركى خەلقلەرگە ئەرەپلەردىن تارقالغان، دىگەن قاراش ھازىرغىچە داۋام قىلىپ كەلمەكتە. "ئارۇز" سوزىنىڭ ئەرەپچە بولۇشى ۋە ئەرەپ ئالىمى خەلىل ئىبنى ئەخمەتنىڭ ئارۇز ۋەزنىنى ئىلىم دەرىجىسىگە كوتىرىپ، تۇنجى قېتىم كىتاپ يازغانلىقى بۇ خىل قاراشقا ئاساس



بولغان. دەرۋەقە، ئارۇز ۋەزنى ھەققىدە تۇنجى قېتىم كىتاپ يازغان كىشى خەلىل ئىبنى ئەخمەتتۇر. ئۇ مىلادى 786-يىلىغىچە ياشىغان مەشھۇر ئەرەپ ئالىمى بولۇپ، ئەرەپ تىلى ۋە شېئىرىيىتى ھەققىدە نۇرغۇن ئەسەرلەر يازغان. ئارۇز ۋەزنىنى 15 بەھرىگە ئايرىپ، ئىلمي سىستېمىغا سالغان. كېيىن باشقا ئالىملار يەنە 4نى قوشۇپ، ئارۇز بەھرىنى 19غا يەتكۈزگەن.

لېكىن، بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ئارۇز ۋەزنى ئەرەپلەرنىڭلا ئەمەس، بەلكى ئەرەبىستاندىن مەركىزىي ئاسىياغىچە بولغان كەڭ زېمىندا ياشىغۇچى نۇرغۇنلىغان خەلقلەرنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق بىرخىل شېئىر ئۆلچىمىدۇر (19 بەھرىنىڭ ھەممىسى بولمىغاندىمۇ، بىرقىسمى شۇنداق). بۇ پىكىرنى تۆۋەندىكى پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلاش مۇمكىن.

1) ئارۇز ۋەزنى تۈركى خەلقلەر شېئىرىيىتىنىڭ قەدىمدىن بېرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان بىر مىللى شەكلى، «دىۋان لۇغەتىت تۈرك»تە ساقلانغان بىرمۇنچە شېئىرلار بۇنىڭغا دەلىل بولالايدۇ. مەسىلەن:

كەلسە قالى قاتىغلىغ ئوتەرتىيۇ سەرىنگىل،
ئودلۇك ئىشىن بىلىپ تۇر ئانچە ئاگار تەرىڭىل.
(كەلسە قانداق مۇشكۇللۇك ئوتەر دىبان سەۋىر قىل،
پەلەك ئىشىن بىلىپ تۇر ئاڭا لايىق تەدبىر قىل.)
ئوغلۇم ساڭا قۇزۇرمەن، ئەردەم ئۇگۇت خۇمارۇ،

بىلگا ئەرك بولۇپسەن، باقىىل ئانىڭ تابارۇ.
(تەرجىمىسى باشتا بېرىلگەن)

ئارۇزنىڭ رەجەز بەھرى ۋەزنىدىكى بۇ شېىرلارنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ئېنىق بولمىسىمۇ، تىلىنىڭ قەدىمىلىگى ئۇلارنىڭ ناھايىتى ئۇزاق زامانلارغا مەنسۇپ ئىكەنلىگىنى كورسىتىدۇ. بۇ شېىرلارنى رەجەز بەھرىنىڭ "مۇستەپىلۇن پەئۇلۇن" ۋەزنىگە سالساق، كېيىنكى دەۋرلەردە شۇ ۋەزنىدە يېزىلغان شېىرلار بىلەن تامامەن ئوخشاش ۋەزنىدە ئىكەنلىگىنى كورەلەيمىز. پۇرقەتنىڭ رەجەز ۋەزنىدىكى «سەيدىن قۇيا بېر سەيياد»دىگەن مۇسەددىسى بىلەن يۇقۇرىدىكى شېىرلار ۋەزىن جەھەتتە تامامەن بىر. مەسلەن:

سەركەشتە بۇۋادىدە بىر باشىگە رەھىم ئەتكىل،
يوق تاقىتى بەندەگدە بەرداشىگە رەھىم ئەتكىل.
يىغلاپ ساگا تەلمۇرەر كوز ياشىگە رەھىم ئەتكىل،
رەھىم ئەتمىسەڭ ئوزىگە، يولداشىگە رەھىم ئەتكىل.
ھىجران ئوقىدىن جىسمى كوپ يارە ئىكەن مەندەك،
كويگەن جىگىرى-باغرى سەد پارە ئىكەن مەندەك.

ئارۇزنىڭ ھەزەج بەھرى ۋەزنىدىكى شېىرلارمۇ «دىۋان»دا كوپ ئۇچرايدۇ. مەسلەن.



ئەرەن ئالپى ئوقۇشتىلار،
قىگىر كوزىن باقىشتىلار،
تامۇغ تولمۇن توتىشتىلار
قىلىچ قىنىغا كۇچۇن سىغدى.
(تەرجىمىسى باشتا بېرىلگەن).

مۇنداق شېىرلار ھەزەج (مەفائىلۇن) ۋەزنىدىكى ھازىرقى زامان شېىر-قوشاقلىرىغا تامامەن ئوخشاشتۇر. مەسلەن:

گۇلۇم غۇنچە، گۇلۇم غۇنچە، نىمە قايرىلىسەن مۇنچە،
قېشىمدا تۇرمىدىڭ بىردەم مېنىڭ كوڭلۇم ئېچىلغۇنچە.
(خەلق قوشىغى).

جاھان رەنالىرى ئىچرە بىلىمدەك ھېچ گۇزەل يار يوق،
بىلىمدىن ئوزگە تۇتقان يار بولۇر ئۇ گايىدا بار-يوق.
— نىم شېھىت.

2) قەدىمقى شېىرلارنىڭ بەزىلىرىدە ئارۇز ۋەزىنلىرىنىڭ ئارىلاش ھالدا كېلىشى مۇنداق ۋەزىننىڭ تەرتىپكە سېلىنىپ، سىستىمىلىنىشتىن بۇرۇنلا بىزدە بار بولغانلىغىنى تېخىمۇ روشەن كورسىتىپ بېرىدۇ. مەسلەن:

ئوگدۇن نەلەك يالۋارمادىڭ قاچ قاتا بەردىڭ تاۋار،
توملۇغ بولۇپ قاتىندىڭ ئەمدى قانىڭ يەر سۇۋار.
(باشتا ئىچۈن يالۋۇرمىدىڭ، قانچە قات بەردىڭ تاۋار،
ھاللىق بولۇپ قېتىۋالدىڭ، ئەمدى قېنىڭ يەر سۇۋار.)

بۇ شېئىرنىڭ تىلى ۋە ئەكس ئەتتۈرگەن ۋەقەلىكى ئۇنىڭ قانچىلىك قەدىمى ئىكەنلىكىنى كورسەتسە، ۋەزنى جەھەتتە رەمەل بىلەن ھەزەج ۋەزنىنىڭ ئارىلاشمىسى بولغانلىقى ئارۇز ۋەزنى ئېلېمېنتلىرىنىڭ قەدىمدىن تارتىپلا بىزدە بولغانلىقىنى تېخىمۇ ئېنىق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇ شېئىرنىڭ بىرىنچى مىسراسى ھەزەج (مەفائىلۇن) بىلەن باشلىنىپ، رەمەل (فائىلاتۇن) نىڭ چۈشۈرمىسى بولغان فائىلۇن بىلەن ئاياقلاشقان. ئىككىنچى مىسراسى ”مەفائىلۇن فائىلۇن، فائىلاتۇن فائىلۇن“دىن تەركىپ تاپقان. بۇنىڭ ئارۇز ۋەزنىنىڭ تېخى مەخسۇس بەھرىلەر بويىچە تەركىپكە سېلىنمىغان دەۋردىكى يەنى خېلىل ئىبنى ئەخمەتتىن بۇرۇنقى دەۋردىكى شېئىر ئىكەنلىكى ئۆزلۈكىدىن مەلۇم.

3) خىلىل ئىبنى ئەخمەتنىڭ دەۋرى ئەرەپلەر بىلەن تۈركى قەبىلىلەر ئارىسىدىكى سىياسى، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنى مۇناسىۋەتلەر ناھايىتى قويۇقلاشقان، جۈملىدىن تۈركى قەبىلىلەر ھەربى جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى ئارقىسىدا، ئەرەپ-ئىسلام خەلىپىلىكلىرىنى ئۆز قولىدا ئوينىتىپ تۇرغان دەۋر ئىدى.



مىلادى 660-يىلىدىن 750-يىلىغىچە داۋام قىلغان ئۇمەۋىيە سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ ئابباسىلار سۇلالىسىنى تىكلەشتە خۇراسانلىق ئاۋامسلىم بىلەن بەرمەكىلەر ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغانلىقتىن، ئابباسىلار دەۋرىدە ھاكىمىيەت ئاساسىي جەھەتتىن ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ قالغان (مەسىلەن، بەرمەكىلەردىن خالىد، يەھيا، فازىل ۋە لەپەربەرمەكىلەر تۇت ئەۋلاتقىچە خەلىپىلىكنىڭ ۋەزىرى ۋە باش ۋەزىرلىرى بولغان) ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاۋامسلىم ۋە بەرمەكىلەر ئۇمەۋىيە سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇشتا ئوتتۇرا ئاسىيا تەرەپتىن 5-6 يۈزمىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن بارغان ۋە بۇ كىشىلەر ئەرەپ يۇرتلىرىدا ماكانلاشقان ئىدى، بۇ مىلادى 750—860-يىللارغا توغرا كېلىدۇ. خىلىل ئىبنى ئەخمەت دەل ئەنە شۇ دەۋردە ياشىدى ۋە ئارۇز ۋەزنى ھەققىدە كىتاپ يازدى. بولۇپمۇ، ئابباسىلار سۇلالىسىنىڭ 5-خەلىپىسى ھارۇن رەشىد دەۋر سۈرگەن زامانلار ئەرەپ مەدەنىيىتىنىڭ ئالتۇن دەۋرى بولۇپ، بۇ دەۋرلەردە ئەرەپلەر بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ناھايىتى راۋاج تاپقان. شۇڭا، خىلىل ئىبنى ئەخمەتنىڭ دەل ئەنە شۇ دەۋردە «ئىلمىي ئارۇز» دېگەن ئەسىرىنى يېزىپ چىقىشى ۋە بۇ كىتاپتا يەكۈنلەنگەن ئارۇز ۋەزىنلىرى ئارىسىدا تۈركى خەلقلەر شېئىرىيىتىدىكى بەزى ۋەزىنلەرنىڭمۇ بولۇشى ھەرگىز تاسادىپى نەرسە ئەمەس. يەنە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش لازىمكى، ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىشى قۇتەيبە

بىننى مۇسۇلمانلارنىڭ مىلادى 708-يىلدىكى يۈرۈشى بىلەن باشلاندى. قۇتەيبە 711-يىلى خارەزم، بۇخارا ۋە سەمەرقەنتنى ئىشغال قىلدى. ئوتتۇرا ئاسىيادا تۇنجى ئىسلام جامەسى مىلادى 712-يىلى بىنا قىلىندى. ھالبۇكى، «دىۋان لۇغەتىت تۈرك»تە ساقلانغان قەدىمقى شېئىرلارنىڭ قانداقلا بولسۇن بۇ دەۋردىن بەك كۆپ بۇرۇنقى دەۋرلەرگە مەنسۇپلۇقى يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن ئىدى.

4) ئارۇز ۋەزنى توگە مېڭىشىنىڭ رىتمىگە ئاساسلانغان دەيدىغان قاراشلار بار. شۇنداق بولغاندا، ھەممىگە مەلۇمكى، توگە ئەرەپلەر ئۈچۈن قانداق "قەدىناس" ھەمرا بولغان بولسا، قەدىمقى كۆچمەن تۈركى قەبىلىلەر ئۈچۈنمۇ شۇنداق، بەلكى تېخىمۇ يېقىنراق ھەمرا ئىدى. توگىنىڭ قەدىمدىن بۇيان ھون ۋە تۈركى قەبىلىلەرنىڭ ئىقتىسادىي ھاياتىدا قانچىلىك مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەنلىكىنى خەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن ئىدىقۇت خارابىسىدىن تېپىلغان تارىشا پۈتۈكلەردىنمۇ كۆرگىلى بولىدۇ. ئارۇزنىڭ توگە مېڭىشى بىلەن ئالاقىدارلىقى ھەققىدىكى مۇلاھىزىلەرمۇ بىزدە ئارۇزنىڭ قەدىمدىن بېرى بار بولۇپ كەلگەن بىرخىل شېئىر ئۆلچىمى ئىكەنلىكىگە جانلىق دەلىل بولالايدۇ.

5) قەدىمقى ۋە كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنىڭ ئىزچىل ھالدا ئارۇزنىڭ بىرنەچچە خىل بەھرىدە بولۇپ كەلگەنلىكى، ھازىرمۇ بىرەر



يېڭى قوشاق مەيدانغا كەلسە، يەنىلا شۇ بەھرىلەردە توقۇلىدىغانلىقى، دېمەك بۇ خىل تارىخىي ئىزچىللىقمۇ، بەزى ئارۇز بەھرىلىرىنىڭ مىللىي ئەدەبىي مىراسىمىز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مەسىلەن، رەجەز بەھرى قەدىمقى شېئىرلاردا كۆپ ئۇچرىغىنىدەك (مىساللىرى يۇقۇرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلدى)، كېيىنكى دەۋرلەردىكى خەلق قوشاقلىرىدىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

ئېرىقتىكى لاي سۇنى، كۆلگە باشلىماق يارىم،
ئەقلى-ھۇشىڭىز بولسا، بىزنى تاشلىماق يارىم.

* * *

ئىشىك ئالدى چىنادۇر، ئەگسەم شاخى سۇنادۇر،
يار ئۈستىگە يار تۇتماق، قىز-يىگىتكە گۇنادۇر.

* * *

ئۆستەڭ بويىدا ئۈزۈم، يىغلايدۇ قارا كۆزۈم،
ئۆز يۇرتتا مۇساپىرمەن، ئۆتمەيدۇ مېنىڭ سۆزۈم.

* * *

نوزۇگۇم ناخشىلىرىدىن:

تاغدىن چۈشكەن لاي سۇنى ئىچەر ئەر بارمۇ؟

نوزۇك باشقا كۈن چۈشتى، ئىلىپ قاچار ئەر بارمۇ؟
قايناپ تۇرغان قازانغا چومۇچ سېلىپ باققان يوق،
ئالتاي يېتىپ قومۇشتا تەكىيە قويۇپ ياتقان يوق.
ئالتاي ياتتىم قومۇشتا، قومۇش ئارىلاپ كۈن چۈشتى،
مەن نوزۇكنىڭ بېشىغا تاغدەك ئېغىر مۇڭ چۈشتى.

رەمەل بەھرىدىكى خەلق قوشاقلىرى تېخىمۇ نۇرغۇن. مەسىلەن:

يارسىز مىڭ يىل ياشىسام ئۆتكەن كۈنۈم بىر كۈنچە يوق،
ئىشق ئوتىنىڭ ئالدىدا دوزاق ئوتى ئۇچقۇنچە يوق.

* * *

ئاي بىلەن كۈن دوست ئىكەن، چولپانغا ھەمرا يوق ئىكەن،
ئاخۇنۇمدىن سورىسام، ئاشىققا نىكا يوق ئىكەن.

* * *

بۇ مېنىڭ مەيلىمچە بولسا، چىققىمىسام يار قاشىدىن،
قانىتىم بولسا ئۇچۇپ پەرگانە① بولسام باشىدىن.

① پەرگانە — پەرۋانە (قومۇل شىۋىسى).



يارى بارلار ئولتۇرار ئىرمالىشىپ، چىرمالىشىپ،
يارى يوقلار ئولتۇرار كانتۇ② مۇشۇكتەك مارىشىپ.

رەمەل بەھرى مەيلى خەلق قوشاقلىرىدا، مەيلى شائىرلار-نىڭ غەزەللىرىدە شۇ قەدەر كوپ ئۇچرايدۇكى، ئۇيغۇر شائىرى ئاتايىنىڭ 260 غەزىلىدىن 127 سى ئەنە شۇ ۋەزىندە يېزىلغان. رەمەل بەھرى ھەققىدە ئەلىشىر ناۋايىنىڭ "بۇ ۋەزىن شۇ زاماندا خەلق قوشاقلىرى كۈيلىنىدىغان ۋەزىن بولۇپ، كېيىن ئارۇزغا كىرگۈزۈلگەن" («مىزانۇل ئەۋزان») دىگەن سوزى مۇھىم ئەھ-مىيەتكە ئىگە.

ھەزەج بەھرىدىكى خەلق قوشاقلىرىدىن مىساللار:

بارارغا يوللىرىڭ بولسۇن، يانارغا ھەمرىيىڭ بولسۇن،
سېنىڭدەك نازىنىن يارغا مېنىڭدەك قۇللىرىڭ بولسۇن.
ئەجەپمۇ كەلمىدىڭ يارىم، يولۇڭغا بارغۇدەك بولدۇم،
قولۇمغا قوش پىچاق ئېلىپ، يۈرەكنى يارغۇدەك بولدۇم.

يەنە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئوتۇش لازىمكى، ئارۇز ۋەزنى ئەرەپ شېئرىيىتىگە خاس شەكىل بولغانلىقتىن، بۇ ۋەزىندە يازغاندا، ئەرەپچە سوزلەرنى كوپلەپ قوللىنىشقا توغرا كېلىپ قالىدۇ،

② كانتۇ — ئوغرى.

دەيدىغان بىرخىل قاراشمۇ بار. بىزنىڭچە، ئەرەپ ۋە پارس سۆزلىرىنى كۆپ قوللىنىش-قوللانماسلىق ئارۇز ۋەزنىگە ئەمەس، شۇ شائىرنىڭ ماھارىتى ۋە ئىقتىدارىغا باغلىق. يۇقۇرىدا قەدىمقى ۋە كېيىنكى دەۋرلەر شېئىرىيىتىدىن كەلتۈرۈلگەن مىساللار بۇنىڭغا دەلىل بولسا كېرەك. بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان ئۇيغۇر شائىر ئەخمەتشا قاراقاشنىڭ ئات توغرىسىدىكى مۇخەممەسىنى مىسال قىلىش كۇپايە. ئۇزۇن ۋە ئۆتكۈر بۇ ھەجۋى شېئىر 100 نەچچە يىل بۇرۇن يېزىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدا ئەرەپ ۋە پارس سۆزلىرى ئىنتايىن ئاز.

ئەمما ئەرەپ تىلىنىڭ ئىنىسرافلىك (پۈكۈلۈچانلىق) خۇسۇسىيىتىگە ماس بولسىمۇ، تۈركى تىللارغا ماس كەلمەيدىغان بەزى بەھرىلەردە (مەسىلەن، مۇفائىلاتۇن ۋە مۇتەفائىلۇن دىگەنگە ئوخشاش بەھرىلەردە) يېزىشقا كۆچىنىشنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك.



# شېئىرىيەتتە بەدىئىلىك توغرىسىدا

## ئىمىن تۇرسۇن

بەدىئى ئەدەبىيات — "نەزىم"، "نەسىر" دەپ ئىككى چوڭ تۈركۈمگە بۆلۈنىدۇ. "نەزىم" — رەتلىك، تەشكىللىك دىگەن تۈپ مەنىسىدىن تۈرلەنگەن بولۇپ، "قاپىيىگە سېلىنغان سۆز" دىمەكتۇر؛ "نەسىر" — تۇز، قۇر دىگەن تۈپ مەنىسىدىن تۈرلەنگەن بولۇپ، "تۇزلا ئېيتىلغان سۆز" دىمەكتۇر.

شېئىرىيەت — بەدىئى ئەدەبىياتنىڭ چوڭ بىر تۈرى ۋە ئەڭ بۇرۇن پەيدا بولغان قىسمى.

ئىنسانىيەتتە تىل پەيدا بولۇش جەريانىدا، ئەمگەكنىڭ ھەر خىل ئۆزگىچىلىكلىرىگە ماسلاشقان "رىتىملىق زۇۋان" پەيدا بولغان، شۇ ئارقىلىق "كۈي" تەرەققى قىلغان. "كۈي" — رىتىملىق سۆزلەرنىڭ ئاھاڭى. دەسلەپتە "رىتىملىق سۆزلەر" بىلەن "كۈي" بىر نەرسە ئىدى. قەدىمقى دەۋرلەردە كۈيسىز قوشاق بولمايتتى، يەنى "ناخشا" بىلەن "شېئىر" بىر نەرسە ھىسابلىناتتى. جەمىيەت تەرەققى قىلىپ تۈرلۈك ئىش تەقسىماتلىرى پەيدا بولغىنىدەك، "رىتىملىق سۆز" بىلەن "كۈي" بىر بىرىدىن

ئايرىلدى. مەلۇم كۈي بىلەن ئېيتىلىدىغىنى — ناخشا، كۈيلەنمەي رىتىم بىلەن سۆزلىنىدىغىنى شېئىر بولۇپ شەكىللەندى.

دېمەك، شېئىر ئەمگەك جەريانىدا پەيدا بولغان. ھازىر تىلىمىزدا ئېيتىلىۋاتقان ”شېئىر“ دېگەن ئاتالغۇ ئەسلى ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ”سەزمەك، تۇيماق، ھېس قىلماق، كۈيلىمەك“ دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

شېئىر ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ”شېئىر“ لۇغەت مەنىسى جەھەتتىن ”ھېس تۇيغۇ“ بولغىنى ئۈچۈن، ئىستىمال مەنىسى جەھەتتىنمۇ ئۇنىڭدا پىكىر-تۇيغۇ ئۇرغۇپ تۇرىدۇ ۋە تەسەۋۋۇر تولۇپ تاشقان بولىدۇ.

شېئىرنىڭ بىرىنچى شەرتى — تۇرمۇش تۇيغۇلىرىدىن پەيدا بولغان تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇر. تەپەككۇر — پىكىر يۈرگۈزۈش، يەنى ئىجادكارنىڭ رېيال تۇرمۇشنى چۈشىنىش ۋە ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى ئوي-پىكرى. تەپەككۇر ئىجادكارنىڭ دۇنيا قارىشىغا بېقىنىدۇ، چۈنكى ئۇ تۇرمۇشنى چوڭقۇر كۆزىتىش، تەھلىل-تەتقىق قىلىش نەتىجىسىدە شەكىللىنىدۇ. ئېنىق ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، كۈچلۈك ھېسسىي پائالىيەتلەردىن پەيدا بولغان تەپەككۇر شېئىرنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان ھېسسىي ماتېرىيال. تەسەۋۋۇر — بىر نەرسە ياكى ھادىسىنىڭ سۈرئىتىنى ئويلاپ، ئۇنى زېھىندە گەۋدىلەندۈرۈش ياكى خىيالغا كەلتۈرۈش دېمەكتۇر، يەنى شېئىرغا ھامىلە بولۇش جەريانىدىكى بىر قاتار سۈرەتلىك مۇلاھىزىلەر-



دۇر. تەسەۋۋۇر تولۇق ھېسسىي، كونكرېت تەسۋىر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

شېئىرنىڭ ئىككىنچى شەرتى — بەدىئىي ماھارەت. شېئىرىيەتتىكى بەدىئىي ماھارەت ئاساسەن ئىدىيىنى ئىپادىلەيدىغان ۋە تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان تىل ۋاسىتىسىدۇر. شۇنداقلا ئۇ تەلتۆكۈس بەدىئىي شەكىل يارىتىش يولى بىلەن مەلۇم مەزمۇننى ئىپادىلەپ بېرىشنىڭ زۆرۈر شەرتى. ئۇ شېئىر يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشنى كۆزىتىش، ئاممىنىڭ تىلىنى ئۆگىنىش، زېرىكمەي مەشىق قىلىش ھەم ئىزدىنىش ۋە بۇرۇنقى سەنئەتكارلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىشتىن ھاسىل قىلغان تەجرىبىسى. بەدىئىي ماھارەتنىڭ مېغىزى تىل. لۇشۈن: ”ئاۋام تىلى — خام ماتېرىيال، ئىشلەنگىنى ئەدەبىيات“ دەيدۇ. ئەدەبىيات — تىل سەنئىتى، شېئىر تېخىمۇ شۇنداق. تىلنى (شېئىر تىلىنى) ئىككى ياقتىن: بىرى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن، يەنە بىرى، كلاسسىك ئەدەبىياتتىن ئۆگىنىش مۇمكىن. بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ تۈرلىرى ئىچىدە، شېئىر ئەڭ ئىخچاملىقىنى يەنى ھەجىم ۋە سۆز ئىبارىلىرىنىڭ چاققان بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شېئىردا بەدىئىي ماھارەت تىل بىلەن ئىپادىلىنىدىغىنى ئۈچۈن، سۆز-ئىبارىلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن تاللاش ۋە ھەر بىر سۆزنى مىسرالارغا ئۈنچە-مەرۋايىت تىزغاندەك ئورۇنلاشتۇرۇش، مىسرالارنى مەتىنى (چوڭقۇر مەنىلىك ئىبارە)گە ئايلاندۇرۇشقا تىرىشىش زۆرۈر. خەلقنىڭ ئېغىز تىلى شېئىرغا قويۇلسا، شېئىر ئىجادىيىتى ئاممىۋ-

لىشىدۇ. مىللى شەكىلگە، ھاياتىي نەپەسكە ۋە تەسىرلەندۈرگۈچ كۈچكە ئىگە بولىدۇ. بىرەر پارچە شېئىردا، بىرقانچە مەتىنلەر يارىتىلسا، ئۇلار شېئىرنىڭ بەدىي كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. مىسرا — نۇقتا، بەنت (كۇپلېت)نى دائىرە دەپ تەمسىل قىلساق، ياخشى نۇقتا بولسا، دائىرىگە تۈس-جۇلا بەرگىلى بولىدۇ. شۇڭا، كىلاسسىك شائىرلار سوز تاللاشتا مىسرانى ئاساس قىلغان، مىسرا تاللاشتا مەنىگە ئالاھىدە ئېتىۋار بەرگەن. شېئىرنىڭ قىممىتى مەتىنلەردە، لېكىن ئۇنىڭدىنمۇ قىممەتلىك يېرى تەپەككۇرى ياخشى بولغان پۈتۈن ئىبرەتلىك بەنتتە. دىمەك، بەدىي ماھارەت (ئاساسەن تىل) — شېئىرنىڭ قېنى.

شېئىرنىڭ ئۈچىنچى شەرتى — بەدىي شەكىل. توغرا ئىدىيە شېئىرنىڭ جېنى، تىل شېئىرنىڭ قېنى بولسا، جان بىلەن قاننى گەۋدىلەندۈرىدىغان ئىسكىلىت — شەكىل. بولۇپمۇ نەزمىلىك (ئەندىزىلىك) شېئىرلاردا بەدىي شەكىل ئۇنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى. مەلۇم ئىدىيىنى (پىكىر-تۇيغۇنى) ئىخچام ۋە پىششىق تىل بىلەن ئىپادىلەش ئۈچۈن شۇنىڭغا لايىق شەكىل تاللاشقا توغرا كېلىدۇ. ھەرقانداق شېئىردا مەلۇم ئۆلچەم، سوز-ئىبارىلەرنىڭ تەركىۋىدىكى تاۋۇشلارنىڭ بەلگىلىك قانۇنىيەتلىرى بولىدۇ: ۋەزىن، مىسرا (بولۇپمۇ چېكى) ۋە قاپىيە جەھەتلىرىدىن رىايە قىلىنىدىغان قەتئىي بەلگىلىمىلەر بولىدۇ. مەزمۇن ھەرقانچە ياخشى بولسىمۇ، لېكىن شۇ مەزمۇنغا لايىق شەكىل تاللانمىسا (ئۇچىسىغا قاراپ كىيىم پىچىلمىسا)، شېئىر



لابدۇر بولۇپ كورۇنىدۇ. شۇڭا يولداش ماۋ زېدۇڭ ئىنقىلاۋىي سىياسى مەزمۇن بىلەن مۇمكىن قەدەر مۇكەممەل بەدىي شەكىلنى بىرلەشتۈرۈشنى تەكىتلىگەن.

## 1. ۋەزىن

”ۋەزىن“نىڭ لۇغەت مەنىسى ”تارازا، ئۆلچەم، ئېغىرلىق“ دىگەن بولىدۇ. پىكىر-تۇيغۇنى قانداق ئۆلچەمگە سېلىپ ئىپادىلەش — بۇ، ئاۋال ئويلىنىدىغان مەسىلە.

خەلقارا ئاتالغۇلاردا ”ۋەزىن“نى ”رېتىم“ دەيدۇ. ”رېتىم“ گىرىكچە ”رىتتخموس“ تىن كېلىپ چىققان، بۇ ”ماسلىششىش، لايىقلىششىش“ دىگەن سوز. ئومۇمەن شېئىر ئىجادىيىتىدە سوز-ئىبارىلەر ۋەزىن قانۇنىيىتىگە قاراپ تاللىنىدۇ. ھەرقايىسى مىللەتنىڭ تىل قۇرۇلمىسى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ۋەزىن قانۇنىيەتلىرىمۇ پەرقلىنىدۇ.

بىر مىسرانىڭ قانچە سوزدىن تەركىپ تېپىشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇ مەلۇم ساندىكى بوغۇملار بىلەن چەكلىنىدۇ ۋە سوزلەردە ”ئۇرغۇ“ بولىدۇ. ھازىر ئادەتتە، شېئىرىيەت ۋەزىن ئېتىۋارى بىلەن ”بارماق ۋەزنى“، ”ئارۇز ۋەزنى“ دىگەن ئاتالغۇدا ئىككى قاناتقا ئايرىلىدىغان بولۇپ قالدى. تېگى-تەكتىنى سۈرۈشتۈرگەندە، مەيلى ”بارماق ۋەزنى“ ياكى ”ئارۇز ۋەزنى“دە يېزىلغان بولسۇن، شېئىرنىڭ مىسرالىرىدا بوغۇم سانى چەكلىك بولىدۇ.

زامانىۋى (يېڭى ئۇسلۇپتىكى) شېئىرلاردا مىسرانىڭ بوغۇملىرى بارماق بىلەن سانالغانلىقى ئۈچۈن، مىسرانىڭ ئۆلچىمى ”بارماق ۋەزنى“ دەپ ئاتالغان بولسا كېرەك. ھالبۇكى ”ئارۇز ۋەزنى“دىكى شېئىرلاردىمۇ بوغۇملارنى (”تەپئىل“ نى ياخشى ئۆزلەشتۈرەلمىگەن كىشىلەر) ”بارماق“ بىلەن سانايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ”ئارۇز“ ۋەزنىمۇ خەلق ئېغىز شېئىرىيىتى مەلۇم ئەندىزىگە سېلىنىپ، مۇقىم قائىدىلەشتۈرۈلگەن ۋەزىن؛ قەدىمقى ۋە ھازىرقى خەلق قوشاقلىرى، بېيىتلىرىدا مۇقىملاشقان ۋەزىن قائىدىسى بار، بۇ جەھەتتىن ”ئارۇز“ ۋەزنىنى خەلق ئېغىز شېئىرىيىتىدىن كېلىپ چىققان ئەندىزىلىك شېئىر ۋەزنى دېسىمۇ بولىدۇ. ئەگەر ”بارماق“ ۋەزنى بىلەن ”ئارۇز“ ۋەزنىنىڭ مۇتلەق پەرقى بار دېيىلسە، بوغۇملارغا چۈشىدىغان ئۇرغۇغا ئېتىۋار بېرىش، بوغۇملار تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنى ۋەزىن ئېتىۋارى بىلەن ئۇزارتىپ (سوزۇپ) ياكى قىسقارتىپ (ئۈزۈپ) ئېيتىش جەھەتتىن پەرقى بار، يەنە بىر پەرقى شۇكى، ھەر بىر مىسرا، بۆلەكلەر ۋە تۇراقلارغا بۆلۈنۈش جەھەتتىن ”ئارۇز“ ۋەزنىدىكى شېئىرلاردا چەكلىمە قەتئىي، تۇرغۇنراق، زامانىۋى ئۇسلۇپتىكى شېئىرلاردا ئەركىنرەك بولىدۇ.

تۇراق ناخشىدا تاكىت — شېئىرنىڭ مىسراسى ئارىلىقىدىكى قانۇنىيەتلىك توختاش (پائۇزا) — مۇ شېئىردا ئاھاڭدارلىق تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىدىغان بىر ئامىل. زامانىۋى ئۇسلۇپتىكى شېئىرلاردا (”بارماق“ ۋەزنىدە) تۇراقنىڭ پرىنسىپى سۆز-ئىبارىلەرنىڭ مەنا پۈتۈنلۈكىنى ئۆلچەم قىلىش: ”ئارۇز“ ۋەزنىدىكى شېئىرلاردا، ۋەزىن ئېتىۋارى بىلەن سۆزلەر پارچىلىنىپ، تۇراقتا بوغۇملار ئۆلچەم قىلىنىدۇ. زامانىۋى ئۇسلۇپتىكى شېئىرلاردا، كۆپىنچە بىر سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى بىر چەك قىلىنىپ، ئۇ ئادەتتىكى گەپلىشىشنىڭ تەبىي تاكىتلىرى بويىچە تۇراققا ئايرىلىدۇ. ئەندىزىلىك (”ئارۇز“ ۋەزنىدىكى) شېئىرلاردا، ئۇ تاللانغان بەھرىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە تۇراققا ئايرىلمىسا، ۋەزىنگە چۈشمەيدۇ.



## ئارۇز ۋەزنى

”ئارۇز“ سۆزىنىڭ تومۇرى ”ئەرۇز“ بولۇپ، ”ئەن، كەڭلىك“ دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ؛ كۆچمە مەنىسى بويىچە، ”ئارۇز“ شېئىرنىڭ مىزانى (ئۆلچىمى) دىگەنلىك بولىدۇ. بۇ ئەندىزىلىك شېئىرلاردا، بولۇپمۇ كىلاسسىك شېئىرىيەتتە رېتىم تۈزۈلۈش قائىدىلىرىنىڭ بىرى. ئارۇزنىڭ تۈرلىرى تولا، ھەر بىر تۈرى ”بەھر“ دېيىلىدۇ، ”بەھر“ ئەرەبچە ”دەريا-غول“ دىگەن مەنىدە؛ ئارۇزنى دېڭىزغا تەمسىل قىلساق، ئۇنىڭ تۈرلىرىنى ”بەھر“ (دەريا-غول) دەپ تەرىپلەشكە بولىدۇ. ئارۇز ۋەزنىنىڭ بەھرلىرى ئاساسەن 19 خىل (لېكىن كىلاسسىك شېئىرلاردا ھەر بىر بەھردىن ئۆزىگە خاس يېڭى تۈرلەر يارىتىلغانلىقى ئۈچۈن بۇ سان بىلەنمۇ چەكلەنمەيدۇ). بۇ بەھرلەر ئىككى

چوڭ تۈركۈمگە بۆلۈندۇ: بىر تۈركۈمى "بەھرى تەۋىل" يەنى "ئۇزۇن بەھرلەر"، يەنە بىر تۈركۈمى — "بەھرى قەسىر" يەنى "قىسقا بەھرلەر".

ئارۇز ۋەزنىنىڭ تۇراقلار بويىچە بوغۇملىرىنى ئۆلچەشتە قوللىنىلىدىغان ئەندىزىسى بار، بۇ "تەپئىل" دېيىلىدۇ. تەپئىل دىگەنلىك "پەدە" يەنى شېئىردا ئاھاڭ پەدىسى دىمەكتۇر. مۇشۇ تەپئىل سوزىدىن ئاساسەن 4 شەكىل تۈزۈلگەن: پەئۇلۇن، مەپائىلۇن، مۇپائەلەتۇن، پائىلاتۇن. بۇ شەكىلدىن بەزىلىرىنى تەكرارلاش، بەزىلىرىنى ئارىلاش ئىشلىتىش، بەزىلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىش يولى بىلەن يەنە بىرقانچە تەپئىل تۈرلىنىپ چىقىدۇ؛ بۇ تېخىمۇ تەرەققى قىلدۇرۇلۇپ: "مەپتۇلات، مۇپتەئەلۇن، مۇستەپئەلۇن، پائىلات، مەپائىل، پەئەلات، پەئۇل، مەپئۇل، پەئى، پائى" دىگەندەك تۇراق ئۆلچەملىرى ئىشلەپچىقىلغان.

"بەھرى تەۋىل" يەنى "ئۇزۇن بەھرلەر": تەۋىل بەھرى، رەمەل بەھرى، مەدىد بەھرى، بەست بەھرى، ۋافىر بەھرى، ھەزەج بەھرى، رەجەز بەھرى، كامىل بەھرى، سەرى بەھرى، مۇنسەرىھ بەھرى، مۇقتەزەپ بەھرى، مۇجتەس بەھرى.

"بەھرى قەسىر" يەنى "قىسقا بەھرلەر": مۇزارى بەھرى، جەددىت بەھرى، قەرىپ بەھرى، خەفىپ بەھرى، مۇشاكىل بەھرى، مۇتە قارىپ بەھرى، مۇتەدارىك بەھرى.

ئۇزۇن بەھرلەردە شېئىرلارنىڭ مىسرالىرى كۆپىنچە 13 — 16 بوغۇملۇق، قىسقا بەھرلەردە بولسا 7 — 12 بوغۇملۇق كېلىدۇ.



تەۋىل بەھرلىرىنى نوقتا قىلىنغان ھالدا، ئىككى تۈركۈم بەھرلەردىن بىرقانچە مىساللارنى كەلتۈرىمىز:

بەھرى مۇنسەرىھ

"مۇنسەرىھ"نىڭ مەنىسى "ئەركىن، تېز" دىگەنلىك بولىدۇ. بۇ بەھرىنىڭ بىر خىلى "بەھرى مۇنسەرىھ مۇسەممەن مەتۋى مەكفۇف (ئۇزۇپ-يوگەپ تېز ئېيتىلىدىغان سەككىزلىك ئەركىن بەھرى)" دېيىلىدۇ، يەنى مىسرادىكى سوزلەر تۇراقتا بولۇنگەندە بوغۇملار ئۇزۇپ ئېلىنىپ، بەزى بوغۇملىرى يوگىلىپ تېز ئېيتىلىدۇ. شۇڭا بۇ ئەركىن بەھرى دېيىلگەن. مىسرا 13 بوغۇمدىن تەركىپ تېپىپ، بىرىنچى بولۇگى 2 تۇراق 8 بوغۇم بولغىنى ئۈچۈن "مۇسەممەن" دېيىلگەن؛ ئىككىنچى بولۇگى 2 تۇراق 5 بوغۇم (يەنى 3-تۇراق 2 بوغۇم، 4-تۇراق 3 بوغۇم) بولۇپ كېلىدۇ. بۇنىڭ تەپئىلى:

مۇپتە ئەلۇن مۇپتە ئەلۇن مەپئۇل پائىلۇن

سۇغا سالسام سۇ كوتەرمەس مىسقال تومۇرنى،
ئالتۇن بېرىپ ئېلىپ بولماس قالغان كوڭۇلنى.
(خەلق بېيىتى)

بەھرى تدۋىل

"تەۋىل"نىڭ لۇغەت مەنىسى "ئۇزۇن" دىگەنلىك بولىدۇ. بۇ بەھرىنىڭ نامى "بەھرى تەۋىل سالىم" ("مۇكەممەل ئۇزۇن

بەھرى”). بۇ بەھردە يېزىلغان شېئىرنىڭ مىسراسى ئىككى بولەككە (ھەر بىر بولۇگى ئىككى تۇراقتا) بولۇنىدۇ، ھەر بىر بولۇگى 7 بوغۇمدىن (1-تۇراق 3 بوغۇم، 2-تۇراق 4 بوغۇم) بولۇپ، مىسرا 14 بوغۇمدىن تەركىپ تاپىدۇ. ئادەتتە بىرىنچى بولۇگى (2-تۇراق) ئۇزۇنراق توختىلىپ ئېيتىلىدۇ. بۇنىڭ تەپئىلى:

پەئۇلۇن مەفائىلۇن پەئۇلۇن مەفائىلۇن

يۈزۈڭنى كورسە قىلۇر گۇل ئوزىنى مىڭ پارە،
خوتەن يازىسىدا ئاھۇ كوزۇڭدە ئاۋارە.
(سەككاكى)

بەھرى مەدىد

”مەدىد“نىڭ لۇغەت مەنىسى ”سوزماق، سوزۇلماق“ دىگەنلىك بولىدۇ. بۇ بىر خىل بەھرى بولۇپ، نامى ”بەھرى مەدىد سالىم“ (”مۇكەممەل سوزۇلغان بەھرى“) دىيىلىدۇ. بۇ بەھرىدىمۇ ھەر مىسرا 7 بوغۇملۇقتىن 2 بولەككە بولۇنگەن 14 بوغۇمدىن تەركىپ تاپىدۇ. بۇنىڭ بەھرى تەۋىلىدىن پەرقى شۇكى، بۇنىڭ 1-ۋە 3-تۇراقلىرى 4 بوغۇمدىن، 2-ۋە 4-تۇراقلىرى 3 بوغۇمدىن تۈزۈلىدۇ؛ ئاندىن ھەر بىر تۇراق سوزۇلۇپ جاراڭلىقراق ئوقۇلىدۇ. بەھرى تەۋىلدە بولسا، تۇراقلار قىسقىراق، لېكىن بولەك سوزۇلۇپ ئوقۇلىدۇ. بۇنىڭ تەپئىلى:



پائىلاتۇن پائىلۇن، پائىلاتۇن پائىلۇن

ھەرىنچە يامانلىقكى قىلور ياخشى كورۇنۇر، نازۇك كىشىدىن
ھەرنە كېلور ياخشى كورۇنۇر.
(لۇتفى①)

بەھرى رەمەل

”رەمەل“نىڭ لۇغەت مەنىسى ”ئاۋۇن، كوپ، قۇمدەك تولا“ دىگەنلىك بولىدۇ. بۇ ئادەتتە تولا ئىشلىتىلىدىغان يەڭگىل بەھرى. شۇڭا بۇنىڭ خىللىرىمۇ كوپ. شۇلاردىن ئىككى خىلىنى تونۇشتۇرىمىز. بىر خىلى ”رەمەل مۇسەممەن سۇدۇر“ (”باشلانمىسى سەككىزلىك رەمەل“) يەنى مىسرانىڭ بىرىنچى بولۇگى 4 بوغۇملۇقتىن 2 تۇراق، ئىككىنچى بولۇگى 7 بوغۇملۇق (3-تۇراق 4 بوغۇم، 4-تۇراق 3 بوغۇم) بولۇپ كېلىدىغان 15 بوغۇملۇق ۋەزىن. بۇنىڭ تەپئىلى:

پائىلاتۇن پائىلاتۇن پائىلاتۇن پائىلۇن

ياكى:

پائىلاتۇن پەئەلاتۇن پەئەلاتۇن پەئەلان.

مىسال:

① لۇتفى — 15-ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر شائىرى.

جەڭگە ئاتلاندى قىزىل سەپ يېڭى پەرمان ئالدىدا،
شۇم نىيەت ياۋ چاغلىماستىن مۇشتنى ئاتقان ئالدىدا،
ئاقۋەت رەسۋاسى چىقتى گۇرزى-بازغان ئالدىدا.
(تېيىپجان ئېلىيوپ)

رەمەلنىڭ ئىككىنچى بىر خىلى "رەمەل مۇسەممەن سالىم" ("مۇكەممەل سەككىزلىك رەمەل") يەنى مىسراسى 8 بوغۇملۇق ئىككى بولەكتىن (ھەر بولۇگى 4 بوغۇملۇق 2 تۇراقتىن) تەركىپ تاپقان 16 بوغۇملۇق بەھرى، بۇنىڭ ھەر بىر تۇراقلىرى تولۇق سوزۇلۇپ جاراڭلىق ئوقۇلىدۇ. تەپئىلى:

مەفائىلۇن مەفائىلۇن مەفائىلۇن مەفائىلۇن،

ياكى:

پائىلاتۇن پائىلاتۇن پائىلاتۇن پائىلاتۇن.

مىسال:

زىمىستان كورمىگەن بۇلبۇل باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس،
جاپانى چەكمىگەن ئاشىق ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەس.
(خەلق بېيىتى)



كۇرەش دۇنياسىدا ھەر چوڭ كۇرەشكە بىز ھامان تەييار،
جاپالىق بولسىمۇ يىللار چوقۇم ئىقبالىمىز پارلاق.
(تېيىپجان ئېلىيوپ)

بەھرى مۇقتەزەپ

"مۇقتەزەپ"نىڭ لۇغەت مەنىسى "دەرھال توقۇش، ئېغىزغا ئەپلىشىپ بېرىش، راۋان" دىگەنلىك بولىدۇ. بۇ ۋەزىننىڭ كەڭرەك ئىشلىنىدىغان بىر خىلى. "بەھرى مۇقتەزەپ مۇسەممەن مەتۋى" ("سەككىزگە قاتلىشىدىغان راۋان بەھرى") يەنى تىلغا ئەپلىشىپ بېرىدىغان ۋە ئىككىنچى بولۇگى سەككىزلىك بولۇپ كېلىدىغان بەھرى. ئۇنىڭدا مىسرانىڭ بىرىنچى بولۇگى 7 بوغۇم (ھەر ئىككى تۇراق 4 بوغۇمدىن) بولۇپ، 15 بوغۇمدىن تەركىپ تاپىدۇ. ("رەمەل مۇسەممەن سودۇر"نىڭ ئەكسىچە) بۇنىڭ تەپئىلى:

پائىلات مۇپتەئەلۇن مۇپتەئەلۇن مۇپتەئەلۇن،

مىسال:

تاغمۇ تاغلاردىن ئىگىز ئايغىر بۇلاقنىڭ تاغلىرى،
ئۇستىندە قار ياتادۇر ئاستىندا باغلىرى.
(خەلق بېيىتى)

بىر ئۇلۇغ قىزىل قوشۇن جەڭگاھقا كىردى ئات سېلىپ،
ئورلىدى مەنزىل تامان ھېچ توختىماي دولقۇن يېرىپ.
(ئابلىز ھوشۇر)

### بەھرى رەجەز

"رەجەز"نىڭ لۇغەت مەنىسى "شېئىر ئېيتىش، كۈيلەش" دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ قىسقا-قىسقا، ئۇلاپ، تېز ئوقۇلىدىغان ئۇزۇن بەھر. بۇ ئاساسەن ئىككى خىل بولىدۇ: بىر خىلى "رەجەز مۇسەممەن سالىم" ("مۇكەممەل سەككىزلىك كۈيلەش")، بۇنىڭ تەپئىلى 4 مۇستەپئەلۇن؛ يەنە بىر خىلى "رەجەز مۇسەممەن مەتۋى" ("قاتلىنىدىغان ياكى ئاچ ئوقۇلىدىغان سەككىزلىك كۈيلەش")، بۇنىڭ تەپئىلى 4 مۇپتەئەلۇن ياكى 2 قات مۇپتەئەلۇن مەفائىلۇن. ھەر ئىككى خىل شەكىلنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيىتى شۇكى، سوزلەر تەركىۋىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار قىسقا بولۇپ، ئوقۇلغاندا تۇراقلاردا كوپ توختالماي ئوقۇلىدۇ؛ ھەر مىسرا 4 بوغۇملۇقتىن 4 تۇراقلىق بولىدۇ. مىسال:

بىر كۈن مېنى ئوتقا سېلىپ مەجنۇن شىئار ئولتۇرگۇسى،
ئۇسرۇك چىقىپ جەۋلان قىلىپ دىۋانىۋار ئولتۇرگۇسى.
(ناۋايى)

ئەمدى "بەھرى قەسىر" يەنى قىسقا بەھرىلەر بىلەن تونۇ-



شۇپ چىقايلى:

### بەھرى مۇتەقارىب

"مۇتەقارىب"نىڭ لۇغەت مەنىسى "ئەپلىك، ئاسان" دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ بەھرىنىڭمۇ بىرقانچە خىللىرى بار.

بىر خىلى، "بەھرى مۇتەقارىب ئەسرەم ۋەقسۇر" ("قىسقا-كەمتۈك، ئەپچىل بەھىر"). بۇ بەھىر ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ ۋەزنىگە ئوخشاش، ھەر مىسراسى 7 بوغۇمدىن (بىرىنچى بولۇگى 4 بوغۇم، ئىككىنچى بولۇگى 3 بوغۇمدىن) تۈزۈلىدۇ. بۇنىڭ تەپئىلى:

پائى پەئەلۇن پائى پەئۇل

مىسال:

گۈل تېرىدۇق گۈلزارغا،
بېيجىڭ گۈلى — مېيخۇادىن.
پارتىيىمىز چىقاردى،
بىزنى راسا پۇخادىن.
(خەلق قوشاقلىرى)

ئىككىنچى خىلى، "بەھرى مۇتەقارىب مۇسەددەس سالىم" ("مۇكەممەل ئالتىلىك ئەپچىل بەھىر")، يەنى مىسرانىڭ

بىرىنچى بولۇگى 6 بوغۇم، ئىككىنچى بولۇگى 3 بوغۇم بولۇپ كېلىدىغان (3 تۇراقلىق 9 بوغۇملۇق) ۋەزىن. بۇنىڭدا بىرىنچى بولەك (2-تۇراق) توختاپ تىنىپ ئوقۇلىدۇ. بۇنىڭ تەپئىلى:

مۇپتە ئەلۇن پەئۇل پە ئۇلۇن.

مىسال:

جاكالانغاچ پەنگە ئازاتلىق،
كوكۇل يايراپ، دىللار سۆيۈندى.
بىز سېغىنغان نۇرلۇق ئىستىقبال،
كوزلىرىمگە كۆلۈپ كورۇندى.
(نۇرمۇھەممەت ئىمىن)

بەھرى سەرى

”سەرى“نىڭ لۇغەت مەنىسى ”تېز، چاپسان“ دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ بەھرىنىڭمۇ خىللىرى كوپ. بىر خىلى ”بەھرى سەرىئ مەقتۇئ“ (”تېز ئۈزۈك بەھرى“) يەنى مىسرادىكى سوز-لەر ۋەزنى ئېتىۋارى بىلەن ئۈزۈپ كېسىپ، تېز ئوقۇلىدۇ. بۇ خىل بەھرىدە مىسرا 11 بوغۇمدىن تەركىپ تاپىدۇ. 3 تۇراقتا بولۇنۇپ، 1—2-تۇراقلار 4 بوغۇمدىن، 3-تۇراق 3 بوغۇم بولىدۇ. بۇنىڭ تەپئىلى:



مۇستەپئەلۇن مۇپتەئەلۇن فائىلان.

مىسال:

نەچچە كۈندۈز كورمەدىم يارىم سېنى،
سەنمۇ ھەم ياد ئەتمەدىڭ ھەرگىز مېنى.
(گۇمنام)

بەھرى قەرىب

”قەرىپ“نىڭ مەنىسى ”يېقىن، تۇققان“ دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ بەھرىنىڭ بىر خىلى ”بەھرى قەرىب مۇسەددەس مەكفۇف“ (”قولغا يېقىن ئالتىلىك بەھرى“) ”بەھرى مۇتەقارىب“قا يېقىن كېلىدىغان ۋە دەرھال قولغا چىقىدىغان بەھرى. بۇنىڭدا مىسرا 8 بوغۇمدىن تەركىپ تاپىدۇ. تەپئىلى:

مەفائىل پائىلان مەپئۇل

مىسال:

ئەجەپ ئوبدان زامان بولغاچ،
جېمى ئەل-يۇرت خوشال ئەمدى.

مۇقامدىن يېڭى كۈي باشلاپ،
ئېلىپ سازىڭنى چال ئەمدى.

(ئابلىز نازىرى)

بەھرى خەفىف

”خەفىف“نىڭ لۇغەت مەنىسى ”شىلدىرلايدىغان ياكى ئۇرال- غان“ دىگەنلىك بولىدۇ. بۇ چاچما بەھرىدۇر. بۇنىڭدا مىسرا 10 بوغۇمدىن تەركىپ تاپىدۇ، سۆزلەرنىڭ بوغۇملىرى چېچىلىپ ئوقۇلىدۇ. بۇنىڭ تەپئىلى:

پائەلان مەپائەلەن مەپئۇلەن

مىسال:

قان بولدى كۆڭۈل پىراقى بىرلە،
كۆيدى جانىم ئىشتىياقى بىرلە.
ئىشقىدا قارا باشىم ئاقاردى،
بىر باقمادى كۆز قاراقى بىرلە.

(ئاتايى①)

① ئاتايى — 15 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر شائىرى.



بەھرى مۇزارىئ

”مۇزارىئ“نىڭ لۇغەت مەنىسى ”ئوخشاپ كېتىدىغان، بويسۇنىدىغان“ دىگەنلىك بولىدۇ. بۇ بەھرىنىڭمۇ بىرقانچە خىلى بار، ئۇلاردىن بىرى بەھرى مۇزارىئ مۇسەممەن مەكفۇن مەقسۇر“ (”سەككىزلىككە ئوخشاپ كېتىدىغان قولغا ئەپلىك قىسقا بەھرى“). بۇنىڭدا مىسرا 12 بوغۇمدىن تۈزۈلىدۇ. تەپئىلى:

”مەپائىل پائىلات مەپائىل پائىلات“

بولۇپ كەلسە، ھەممە تۇراقلار 3 بوغۇمدىن تۈزۈلىدۇ: ئەگەر بۇ بەھرىنىڭ مۇسەببەغ (تولۇق، توق) تۈرى بويىچە تەپئىلى ”مەپئۇل پائىلاتۇن مەپئۇل پائىلاتۇن“ بولۇپ كەلسە، 2-ۋە 4- تۇراقلار 4 بوغۇمدىن تۈزۈلىدۇ. ھەر ئىككىلا شەكىلدە مىسرانىڭ ھەر بىر بولۇگى 6 بوغۇمدىن كېلىدۇ. لېكىن بۇ ئىسمى-جىسمىغا مۇۋاپىق باشقا بەھرىلەرگە ئوخشاپ كېتىدىغان بەھرى بولغىنى ئۈچۈن، ئادەتتە، ”بەھرى رەمەل مۇسەددەس سالىم“ (”رەمەلنىڭ مۇكەممەل ئالتىلىك بەھرى“)نىڭ تەپئىلى (پائىلاتۇن پائىلاتۇن پائىلاتۇن) بىلەن يازىسمۇ بولىدۇ، بۇ شەكىلدە مىسرا 4 بوغۇملۇق 3 تۇراق بولۇپ تۈزۈلىدۇ. مىسال:

تاڭ قۇياشى كۈلۈپ پارلاق نۇرلىرىنى
چاچقىنىدا ئۆي ئىچىدە رۇجەكلەردىن.

ئۇچار قۇشلار ۋىچىرلىشىپ قانات قېقىپ،
شۇڭغىغاندا كۆك ھاۋاغا ئۇچەكلەردىن.

(نەيىم يۇسۇپ)

ئومۇمەن ئەندىزىلىك شېئىرلاردا، مىسرالارنىڭ بوغۇملىرى مەلۇم سان بىلەن چەكلىنىدۇ. ئادەتتە بىر مىسرا (شېئىرنىڭ ۋەزنىگە قاراپ) 7 بوغۇمدىن 16 بوغۇمغىچە بولىدۇ. خەلق ئاممىسى يارىتىدىغان خەلق قوشاقلىرىنىڭ بەزى شەكىللىرى ئالماش يولى بىلەن بىرىنچى مىسراسى 8، ئىككىنچى مىسراسى 7 بوغۇمدىن تۈزۈلۈپ 4 مىسرا بىلەن شەكىللەنگەن.

شەكىل جەھەتتىن تەكشى-رەتلىك، مۇناسىپ ۋەزىن بىلەن يېزىلغان شېئىرنى ئوقۇغاندا ئاھاڭلارنىڭ تاكتى تەكپۈك بولۇپ چىقىدۇ (بولۇپمۇ غەزەللەر ۋە خەلق بېيىتلىرىدا).

تۇراق شېئىر ئارىلىغىدىكى قانۇنىيەتلىك توختاش (پائۇزا) دىمەكتۇر. بۇمۇ شېئىردا ئاھاڭدارلىق ۋە ساداداشلىق تۇيغۇسىنى ھاسىل قىلىدىغان بىر ئامىل. بارماق ۋەزنىدە (زامانىۋى ئۇسلۇپتىكى شېئىردا) كوپىنچە، سۆز-ئىبارىلەرنىڭ مەنىسىنى ئۆلچەم قىلىش تۇراقنىڭ پرىنسىپى. نەزمىلىك شېئىرلاردا بولسا ۋەزىن ئېتىۋارى بىلەن سۆز بوغۇملارغا پارچىلىنىپ، تۇراقتا بوغۇملار ئۆلچەم قىلىنىدۇ. بارماق ۋەزنىدىكى شېئىرلاردا كىشىلەر، كوپىنچە، بىر سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسىنى بىر چېگرا قىلىپ، ئادەتتىكى گەپلىشىشنىڭ تەبىي پاكىتلىرى بويىچە تۇراققا



ئايرىيدۇ. نەزمىلىك شېئىرلاردا بولسا، قوللىنىلغان بەھرىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە تۇراققا ئايرىلمىسا، ۋەزنىگە چۈشمەيدۇ. مەسىلەن:

مەندە (قىزىل) يۈرەك بار،
مەڭگۈ (تالماس) بىلەك بار،
بەخت (سمزگە) ئومۈرلۈك،
پارتى(يىدەك) يۆلەك بار.

## 2. قاپىيە

شېئىر ئىجادىيىتىدە بەدىي شەكىلنىڭ ئىككىنچى بىر شەرتى — قاپىيە. بۇ خەلقارا ئاتالغۇدا "رىفىم" دېيىلىدۇ. بۇ سۆز گىرېكچە "رىتىمخوس" (" ئاھاڭداشلىق") دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان. مىسرانىڭ ئاخىرقى سۆزى ئىككىنچى بىر مىسرانىڭ ئاخىرقى سۆزى بىلەن ئاھاڭداش بولۇپ كەلسە، شۇ قاپىيە بولىدۇ.

قاپىيە شېئىرىي ئەسەرنىڭ گەۋدىلىك خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى. قاپىيىنىڭ 3 رولى بار: 1) سۆزلەردە مۇناسىپ ئاھاڭداشلىق پەيدا قىلىپ، تىلنى تەسىرلىنەرلىك، جاراڭلىق ۋە مۇزىكىلىق گۈزەللىككە ئىگە قىلىدۇ؛ شېئىرىي ئەسەرنىڭ رىتىملىق ھېسسىياتىنى كۈچەيتىدۇ؛ ئاڭلىنىش جەھەتتىن گۈزەللىك تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ. 2) كۆيلەشكە، دېكلاماتسىيە قىلىشقا، يادلاشقا ئاسانلىق تۇغدۇرىدۇ. 3) شېئىرىي تىلنى، شېئىردىكى

ئاڭ ـ تۇيغۇنى تەسىرلەندۈرەرلىك ئىپادىلەپ بېرىش پاساھىتىگە ئىگە قىلىدۇ. شۇ سەۋەپتىن شېئىر ئوقۇغۇچىلاردا ئىچكى ئورتاق سادا پەيدا قىلىدۇ.

ھازىرغىچە ئىجات قىلىنغان شېئىرلاردىكى قاپىيىلەر كوپىنچە، بوغۇملار تەركىۋىدىكى سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى بويىچە توق قاپىيە، ئاچ قاپىيە دەپ ئىككى تۈركۈمگە بولۇنىدۇ. مىسرانىڭ ئاھاڭدارلىغىنى ئاشۇرۇش ۋە پىكىرنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، بۇ ئىككى تۈركۈم ئاساسىدا يەنە قوش قاپىيە ياكى رادىف، ئىچكى قاپىيە دەپ تۈرلىنىدۇ: تاللانغان ۋەزىن تەلەۋگە ۋە تەپەككۇرنىڭ بەدىي ئېھتىياجىغا بېقىپ، ئىزچىل قاپىيە، ئالماش قاپىيە دەپ ئايرىلىدۇ. ھەرقانداق قاپىيىلەر ئاساسىي ئىدىيىنى گەۋدىلەندۈرگۈچ تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇرنىڭ ئۇزۇن ياكى قىسقا، مۇرەككەپ ياكى ئىخچام بولۇشىغا قاراپ كەڭ قاپىيە ۋە تار قاپىيە دەپ پەرقلىنىدۇ.

## توق قاپىيە

توق قاپىيە ــ تويۇنغان قاپىيە، يەنى سېمىز قاپىيىدۇر. تىلدا تەلەپپۇز قىلىش ئورنى ۋە ئۇسۇلى ئوخشاش بولغان تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن قاپىيە توق قاپىيە بولىدۇ، يەنى بىر بوغۇملۇق قاپىيە (سوز) باشتىن ـ ئاخىر بىر خىل سوزۇق تاۋۇشتىن



تەركىپ تاپقان ۋە ئاخىرىدا بىر خىل ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن كەلگەن بولسا، بۇ توق قاپىيە دېيىلىدۇ. مەسىلەن: گاز، ساز، دەز، بەز، ئىز، بىز، ئوز، بوز، ئۆز، تۆز، بوز، كوز، كۆز، تۆز (ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بىر بوغۇملۇق سوزلەردە ”ئې“ سوزۇق تاۋۇشى كەلمەيدۇ).

بىر بوغۇملۇق سوزلەردىكى سوزۇق تاۋۇشلار (ئۇ، ئو، ئۈ، ئۆ، ئې، ئە، ئا) تىل ئورنى جەھەتتىن ئارقا سوزۇق، ئالدى سوزۇق، ئارا سوزۇق دەپ بولۇنگەنلىگى ئۈچۈن، ئارقا سوزۇق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن سوزلەر بىلەن ئالدى ياكى ئارا سوزۇق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن سوزلەر توق قاپىيە بولالمايدۇ. سوزۇق تاۋۇشلار لەۋ ھالىتى بويىچە يەنە پەرقلىنىدىغانلىغى ئۈچۈن، لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلاردىمۇ ئارقا سوزۇق ”ئو، ئۇ“ تاۋۇشلىرىدىن تۈزۈلگەن بوغۇم بىلەن ئالدى سوزۇق ”ئو(ө)، ئۈ(ü)“ تاۋۇشلىرىدىن تۈزۈلگەن بوغۇم بىر بىرىگە توق قاپىيە بولالمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئۈزۈك تاۋۇشلارمۇ ئۇزلىرىنىڭ جۈپلۈك تاۋۇشلىرى بىلەنلا ئاساسەن توق قاپىيىداش بوغۇم بولالايدۇ. مەسىلەن:

ب ــ پ، د ــ ت، س ــ ز، چ ــ ش، ن ــ ڭ، ق ــ غ، ك ــ گ، ج ــ ژ.

ئىككى بوغۇملۇق قاپىيىلەردە، بىرىنچى بوغۇملىرى بىر خىل سوزۇق تاۋۇشلار ياكى ئۇزلىرىگە تۈركۈمداش (جۈپلۈك) تاۋۇشلار ئارقىلىق تۈزۈلۈپ ۋە ئاخىرى بىر خىل ئۈزۈك

تاۋۇش بىلەن ئاياقلىشىپ، ئاخىرقى بوغۇملىرى پۈتۈنلەي بىر خىل كەلگەن بولسا، ئۇ مۇكەممەل توق قاپىيە دېيىلىدۇ. مەسىلەن: ئادا-سادا، ئالغان-قالغان، كەچتى-ئۆچتى، ئاتقان-ساتقان، ئاتتى-ياتتى، چاقماق-توقماق، ئۇلۇغ-تولۇق.

كۆپ بوغۇملۇق قاپىيىلەردە ئاخىرقى بوغۇم بىرخىل جۈپلۈك تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن بولسىلا (بىرىنچى، ئىككىنچى بوغۇملىرى قانداق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەنلىكىدىن قەتئىي نەزەر)، توق قاپىيە ھېساپلىنىدۇ. مەسىلەن: باھار، ئىپتىخار، زۇلپىقار، نىگار، يادىكار، ئىنكار.

بەزىدە ئاخىرقى بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ بىر خىل كەلگەنلىكى ئاساس قىلىنىپ، توق قاپىيە ھېساپلىنىدۇ. مەسىلەن: ھاۋا، سادا، ئادا، جۇدا، ئاشنا، ئانا.

لېكىن، ئىنچىكىلەپ تەھلىل قىلغاندا، بۇلار تويۇنغان قاپىيە بولالمايدۇ. پەقەت ئۈچىنچى ئورۇندىكى توق قاپىيە ھېساپلىنىدۇ. بەزىدە ئاخىرقى بوغۇمى تەركىۋىدە "ئان" ياكى "ئەن" كەلگىنىدە قاراپمۇ توق قاپىيە ھېساپلىنىدۇ. مەسىلەن: گۈلۈستان، خەندان، چەندان، ۋەتەن، چىمەن.

بۇنداق قاپىيىلەرنىڭ ئاخىرىغا ئورۇن-چاغ كېلىش قوشۇمچىسى "دە، دا" قوشۇلۇپ كەلسە، مۇكەممەل توق قاپىيىگە ئايلىنىدۇ.

بولۇپمۇ ئەندىزىلىك (ئارۇز ۋەزنىدىكى) شېئىرلارنىڭ بىرىنچى مىسراسىدا ھەل قىلغۇچ بوغۇمى ئۇچۇق بوغۇم ياكى



يېپىق بوغۇم بىلەن كەلگەن قاپىيە تاللانغان بولسا، قاپىيە كېلىدىغان باشقا مىسرالاردىمۇ شۇنداق ئۇچۇق بوغۇم ياكى يېپىق بوغۇملۇق قاپىيىلەرنى قوللىنىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

قاپىيە بولۇپ كەلگەن كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ دەسلەپكى بوغۇملىرىدا مەيلى تىل ئارقا ياكى تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلىرى كەلسۇن، ئىشقىلىپ ئاخىرقى بوغۇمى ئىزچىل ھالدا بىر خىل تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن بولسا، ئۇنىمۇ توق قاپىيە ھېساپلاشقا بولىدۇ.

## ئاچ قاپىيە

ئاچ قاپىيە ئورۇق قاپىيە دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تەركىۋىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار ئوخشاش بولمىسا، ياكى جۈپلۈك تاۋۇش بولمىسا، ئۇ ئاچ قاپىيە دېيىلىدۇ. مەسىلەن: كەلدى-كەتتى، سەزدى-تولدى، ئاتاپ-ساناپ، بۈگۈن-ئۈچۈن، ئېرىق-ئېچىق، پەلۋان-قەھرىمان.

چۈنكى بۇنداق سۆزلەردە، سوزۇق تاۋۇشلار ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن قاپىيىنىڭ ئاچ-توقلۇقىنى بەلگىلەيدىغان ئاخىرقى بوغۇمدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلار ئوخشاش ئەمەس ياكى ھېچبولمىغاندا جۈپلۈك تاۋۇش ئەمەس.

مەنا ئىپتىۋارى بىلەن ئايرىم مىسرالاردا ئاچ قاپىيىنى قوللى-

نىشقىمۇ بولىدۇ.

توق قاپىيە بىلەن ئاچ قاپىيە توم قاپىيە ۋە ئىنچىكە قاپىيە دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا، ئېغىز ۋە بۇرۇن بوشلۇقلىرىنىڭ سادا چىقىرىش ھالىتى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، تاۋۇشلارنىڭ ياڭراقلىق دەرىجىسى كۈچلۈك ياكى ئاجىز بولىدۇ.

"توم-ئىنچىكە" دېمەكلىك، قاپىيەلەرنىڭ سادالىق دەرىجىسىنى كۆرسىتىدۇ. تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا ئېغىز يوغانراق ئېچىلىپ، شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇرۇن بوشلۇغىدىمۇ سادا پەيدا قىلغان قاپىيەلەرنىڭ ياڭراقلىق دەرىجىسى كۈچلۈكرەك بولىدۇ. مەسىلەن:

ئان، ئاڭ، دا، را، غا، ئەن، دە دېگەندەك دىماق ياكى تىل ئارقا ياكى ئۈچى تىترەك ئۈزۈك تاۋۇشلىرى بىلەن تۈزۈلگەن قاپىيەلەردە، بوغۇمنىڭ مەركىزىي تاۋۇشى "ئا" ياكى "ئە" بولۇپ ئېغىز يوغان ياكى كەڭ ئېچىلىپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، ئاندىن دىماق تاۋۇشى "ن، ڭ" تىل ئارقا ۋە بوغۇز تاۋۇشى "د، غ" ھەم تىل ئۈچى كەينى يوگىلىپ تىترەپ چىقىدىغان "ر" تاۋۇشى تەلەپپۇز قىلىنغاندا، بۇ تاۋۇشلار ئېغىزغا تولۇپ چىقىدۇ ياكى دىماقتا ۋە تاڭلايدا تەڭلا سادا پەيدا قىلىدۇ. بۇنداق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن قاپىيە جاراڭلىق يەنى توم قاپىيە دېيىلىدۇ. ئەكسىچە، تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا، ئېغىز كىچىكرەك ئېچىلىپ، بۇرۇن ياكى ئېغىز بوشلۇغىدا سادا پەيدا قىلمايدىغان



قاپىيەلەرنىڭ ياڭراقلىق دەرىجىسى ئاجىزراق بولىدۇ. مەسىلەن: "ئى" ياكى "ئىپ"، "ئو" ياكى "ئۇ" بىلەن تىل ئۈچى ياكى يېنى ئۈزۈك تاۋۇشلىرى "ل، ك، پ، گ، ر، ق، غ..."لار قوشۇلۇپ كەلگەن قاپىيەلەرنىڭ ياڭراقلىق دەرىجىسى ئاجىزراق بولىدۇ. شۇڭا بۇنداق قاپىيە ئىنچىكە قاپىيە دېيىلىدۇ.

## قوش قاپىيە ياكى رادىف

مىسرانىڭ ئاخىرقى ئىككى سۆزى كېيىنكى قاپىيە چۈشكەن مىسرالارنىڭ شۇنىڭغا مۇناسىپ ئاخىرقى ئىككى سۆزى بىلەن قاپىيەداش كەلسە، قوش قاپىيە بولىدۇ. بۇنىڭدا ئاخىرقى سۆز قاپىيەداش بولغان مىسرالاردا باشتىن-ئاخىرغىچە تەكرارلىنىپ كېلىشىمۇ مۇمكىن. بۇنداق ئىزچىل تەكرارلىنىپ كەلگەن سۆز رادىف دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مىسال:

جەڭگە ئاتلاندى قىزىل سەپ
يېڭى پەرمان ئالدىدا،
شۇم نىيەت ياۋ چاغلىماستىن
مۇشتنى ئاتقان ئالدىدا،
ئاقىۋەت رەسۋاسى چىقتى
گۈرزى-بازغان ئالدىدا.
(تېيىپجان ئېلىيوپ)

## ئىزچىل قاپىيە ۋە ئالماش قاپىيە

بىر پارچە شېئىردا، قاپىيە قىلىنغان سوزلەر باشتىن-ئاخىرغىچە بىر خىل ياكى جۇپلۇك تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن بولسا، ئىزچىل قاپىيە دېيىلىدۇ، ئىزچىل قاپىيە كوپىنچە قىسقىراق شېئىرلاردا قوللىنىلىدۇ. چۈنكى، ئۇزۇن شېئىرلاردا، شېئىرنى باشتىن-ئاخىرغىچە بىر خىل تۈزۈلۈشتىكى قاپىيىدە چىقىرىش تەس، ئەگەر ئۇزۇن شېئىرلاردا ئىزچىل قاپىيە قوللىنىلىپ قالسا، قاپىيە قوغلىشىش بولۇپ قالىدۇ-دە، تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇر بوغۇلۇپ قېلىش، ھەتتا دىمەكچى بولغان مەنىنى ئېنىق ئاڭلىتالماي قېلىشتەك كەمچىلىكلەر يۈز بېرىدۇ. شۇڭا ئۇزۇن شېئىرلاردا ئالماش قاپىيە ئىشلىتىلگىنى تۈزۈك. ئالماش قاپىيە ھەر خىل قاپىيە يەنى تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇرنىڭ ئەركىن بايان قىلىنىشى ئۈچۈن شېئىرنىڭ ۋەزنىگە مۇناسىپ ھالدا بېيىت ياكى بەنتلەردە يوتكىلىپ بارىدىغان قاپىيە. مىسال:

ئەجەپمۇ يايرىدى كوڭلۈم
ۋەتەن نۇرغا چومۇلگەندە،
خوشال سايراپ تۇمەن بۇلبۇل
قىزىلگۈل-لەيلى كۇلگەندە.
بولۇپ بۇلبۇلغا جۇر-تەڭداش



ئازات ناخشامنى ياڭراتتىم،
قارا قۇزغۇن چۇشۇپ تورغا
ئۇلۇغ يانغىندا كويگەندە.
(مەمتىلى زۇنۇن)

ئالماش قاپىيە ئۇچۇن مىسال:
تارقىلىپ جۇدۇن-چاپقۇن
زەپ ئىللىق باھار كەلدى.
بەھۇزۇر نەپەس ئالدۇق
ۋەتەننىڭ ھاۋاسىدىن.
كوئېنلۇن لىباس كەيدى
قىپ-قىزىل چىچەكلەردىن،
ياراتتۇق گۈزەل داستان
زەپەرلەر ناۋاسىدىن
(ئابدۇرۇسۇل ئومەر)

## ئىچكى قاپىيە

ئادەتتە ۋەزنى ۋە مىسرالىرى ئۇزۇنراق شېئىرلاردا مىسرا بولۇنۇپ ئوقۇلىدىغان جايدىكى سوزلەرنىڭ ئاھاڭداش بولۇپ كېلىشى ئىچكى قاپىيە دەپ ئاتىلىدۇ. بەزى كلاسسىك شائىرلار ۋەزنى قىسقىراق ۋە مىسرالىرى ئىخچامراق شېئىرلاردىمۇ ئىچكى

قاپىيە قوللانغان، بۇنىڭدا شائىر سوزگە باي، تەسەۋۇردا يېتىلگەن بولۇشى كېرەك. بولمىسا، مەنا بىلەن كارى بولماسلىق سوزلەرنىڭ ئاھاڭداشلىقىغا ياكى ئىچكى قاپىيىلىك قىلىشقا بېرىلىپ كېتىش، مىسرالار قاپىيىداش سوزلەرنىڭ تىزمىسى بولۇپ قېلىشتەك كەمچىلىكلەر يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن:

دىلرەبالىغ، مېھرىبانلىغ
خۇش زەبانلىغلارمىدۇر،
دىلنەۋازلىغ، قەدىردانلىغ
بەد گۇمانلىغلارمىدۇر.

(گۇمنام)

## كەڭ قاپىيە ۋە تار قاپىيە

بوغۇملارنى تۈزۈشكە كوپرەك قاتنىشىدىغان تاۋۇشلارغا ۋە ئادەتتە كوپرەك ئىشلىنىدىغان بوغۇملارغا قاراپ قاپىيە كەڭ قاپىيە ۋە تار قاپىيە دەپ بولۇنىدۇ. تىل ئادىتىدە بوغۇم تۈزۈشكە كوپرەك قاتنىشىدىغان تاۋۇشلاردىن تەركىپ تاپقان قاپىيە كەڭ قاپىيە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغىنى تار قاپىيە بولىدۇ. يەنى كەڭ قاپىيە — كەڭ كولەمدە ئىشلىنىدىغان قاپىيە؛ تار قاپىيە — ئىشلىتىلىش دائىرىسى تارراق بولغان قاپىيە.

ئۇيغۇر تىلىدا بوغۇم تۈزۈشكە ئەڭ كوپ قاتنىشىدىغان



سوزۇق تاۋۇشلار: ئا، ئە، ئۇ، ئى؛ ئۈزۈك تاۋۇشلاردىن د، خ، ل، م، ن، پ، ر، س، ت، ي، ز، غ، ق؛ ئازراق ئىشلىتىلىدىغان سوزۇق تاۋۇشلار: ئو، ئو، ئې، ئۈ؛ ئۈزۈك تاۋۇشلار: ب، گ، ج، ك، چ، ۋ، ش، ھ، ژ، مۇمكىن بولسا، بۇ ھەقتە ئايرىم بىر جەدۋەل تۈزۈۋالسا، كوپ ئوڭايلىق تۇغۇلىدۇ.

قاپىيىلەر كەڭ ۋە تار بولىدىغانلىغى ئۈچۈن، قەلەم تەۋرىتىشتىن ئاۋال، يېزىلىدىغان شېئىرنىڭ ھەجمىگە، ۋەزىن شەكلىگە ۋە ئادەتتە كوپ ئىشلىنىدىغان سوز-ئىبارىلەرگە قاراپ، مۇمكىن قەدەر كەڭ قاپىيىلەرنى تاللىۋېلىش كېرەك. چۈنكى، شۇنداق قىلغاندا قاپىيە كەلتۈرۈشتە قىينالمايى، كەڭ-كۇشادە يازغىلى بولىدۇ. ئەگەر تار قاپىيە تاللىنىپ قالسا، قاپىيە چەكلىمىسى بىلەن پۈت-قول چۈشۈلۈپ قالىدۇ-دە، مەنانى چوڭقۇر ئىپادىلىگىلى بولمايدۇ. يېزىش ئەمەلىيىتىدە، شېئىرنىڭ قاپىيىسىنى بەلگىلەيدىغىنى كوپىنچە ھالقىلىق سوز-ئىبارىلەردۇر؛ قاپىيىنىڭ كەڭ ياكى تار بولۇشى پەقەت قاپىيە تاللاش ۋاقتىدا ئويلىنىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى.

قاپىيە تاللاشتا مۇنداق ئىككى جەھەتنى نەزەردە تۇتۇش كېرەك: بىرىنچىدىن، ئىپادىلەنمەكچى بولغان مەزمۇن ۋە ھىسسىيات كوتىرەڭگۇ، مەردانە سوزلەرنى تەلەپ قىلامدۇ ياكى ئەگىتمە، نازۇك ۋە تەمكىن سوزلەر بىلەن تەسۋىرلەشنى تەلەپ قىلامدۇ؟ ئىككىنچىدىن، يېزىشقا تاللانغان شەكىل ئۇزۇنمۇ-قىسقىمۇ؟ باشتىن-ئاياققىچە بىر خىل قاپىيە ئىزچىللىشامدۇ

ياكى بېيىت-بەنتلەردە قاپىيە ئالمشامدۇ؟ ئەنە شۇنىڭغا قاراپ كەڭ ياكى تار قاپىيىنى ياكى بولمىسا توق ياكى ئاچ قاپىيىنى قوللانسا بولىدۇ (كوپىنچە شائىرلاردا "قاپىيە لۇغىتى" بولىدۇ).

## مسرا، بېيىت، بەنت

مسرا ئەسلى ئەرەپچىدە (شېئىرنىڭ) يېرىم قۇرى ياكى يېرىم جۇملىسى دىگەنلىك بولاتتى. لېكىن هازىرقى ئىستىمال مەنىسىدە شېئىرنىڭ بىر جۇملىسى ئادەتتە بىر مسرا هىساپلىنىدۇ. مسرا خەلقارا ئاتالغۇدا "stih" دېيىلىدۇ. بۇ گىرىكچە sticchos (رەت، تەرتىپ، ئىنتىزام) دىگەن سوزدىن كېلىپ چىققان، يەنى مسرا سوزلەرنىڭ مۇنتىزىم بىر قاتارى دىگەنلىك بولىدۇ. گىراماتىكىلىق قائىدە ۋە پىكىرنىڭ تەقەز-زاسى بىلەن گايىدا پۈتۈن بىر ئۇقۇمنى ئاڭلىتىدىغان پۈتۈن بىر جۇملە (كوپىنچە، زامانىۋى ئۇسلۇپتىكى شېئىرلاردا) ئىككى مسرا قىلىپمۇ تۈزۈلىدۇ، مسرادا جۇملىنىڭ گىراماتىكىلىق قائىدىسىگە تولۇق رىئايە قىلىنىشى كېرەك. خۇددى ئادەتتىكى گەپلەردە ئىگە، خەۋەر ۋە تولدۇرغۇچىلار بولغىنىدەك، مسرا-دىمۇ شۇ ئامىللار بولۇشى كېرەك، يەنى بىر مسرا پۈتۈن بىر ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان جۇملىدىن ئىبارەت بولسا، گىراماتىكىلىق قائىدە بويىچە تۈزۈلگەن جۇملىدىكىدەك، جۇملىدىمۇ خەۋەرنى



بىلدۈرىدىغان بىر پېئىل بولۇشى لازىم، ئەگەر بىر مسرادا ئىككى پېئىل كېلىپ قالسا، ئۇ مۇرەككەپ جۇملە شەكلىنى ئالىدۇ-دە، مسرانىڭ بىر قىسمى قوشما جۇملىنىڭ بېقىندى جۇملىسى بولۇپ، يەنە بىر قىسمىدا كەلگەن پېئىل زامانلىق خەۋەرنى بىلدۈرىدۇ. يەنى مۇنداق هاللاردا بىر پېئىلدا ئىپ، ئوپ دىگەندەك هالەت رەۋىشداشلىرى كەلگەن بولسا، ئىككىنچى پېئىل تى-دى، ئەس-ماس، سە-غا، كەن-گەن، قان-غان شەكلىدە ئېنىق زاماننى بىلدۈرىدىغان خەۋەر بولۇپ كېلىشى كېرەك. ئاندىن باشقا، مسرالاردا پەقەت بوغۇم تولدۇرۇش ئۈچۈنلا ئالماش سوزلەرنى كوپ ئىشلىتىش پاساھەتكە تەسىر يەتكۈزىدۇ.

بېيىت ئەرەپچىدە بىر جۈملە دىگەنلىك بولىدۇ. لېكىن ئىستىمال مەنىسىدە، ئايرىم-ئايرىم مسرالاردىن تەركىپ تېپىپ، بىر بىرىگە چىڭ باغلانغان هالدا پۈتۈن بىر تەپەككۇرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدىغان ئىككى مسرا بىر بېيىت بولىدۇ، كوپىنچە، ئەندىزىلىك شېئىرلاردا بېيىت ئاساس قىلىنىدۇ. شۇڭا كىلاسسىك شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ سانى بېيىت بىلەن هىساپلىنىدۇ.

بەند (بەنت) ئەسلىدە ماددا، بوغۇم، بايراقچە دىگەن مەنىدىكى سوز. بۇنى خەلقارا ئاتالغۇدا "strofa" دەيدۇ. بۇ گىرىكچە stiophe (چوگىلەش، ئايلانما) يەنى پىكىرنىڭ بىر ئايلانمىسى، شېئىرنىڭ بىر بولۇگى دىگەنلىك بولىدۇ. هازىر ئادەت تىلىدا كۇپلېت دەپ ئاتايدۇ، كۇپلېت فرانسۇزچە couple (تۇتام،

باغلام) سۆزىدىن كېلىپ چىققان.

ئىككى ياكى بىرقانچە شېئىرىي قۇرلار بىرىكىپ، سېستىمىلىق قاپىيە ۋە ئومۇمىي ئىنتوناتسىيە بىلەن مەلۇم تەرتىپتە تەشكىل قىلىنسا، شۇ بەنت ياكى كۇپلېت بولىدۇ. دېمەك، بەنت ياكى كۇپلېت مەلۇم شەكىلدىكى ئۆزىگە خاس ئوبرازلىق ئىبارىلەر، ئىنتوناتسىيىلىك سىنتاكسىسلىق شېئىرىي جۈملىلەرنىڭ بىرىكمىسى. پۈتۈن بىر پارچە شېئىردا ئاساسىي ئىدىيە گەۋدىلەنگەن بولسا، بەنت ياكى كۇپلېتلاردا شۇ ئاساسىي ئىدىيىگە ياندىشىدىغان ئۇقۇملار ياكى ئاساسىي ئىدىيىنىڭ مۇشۇ گەۋدىسىنىڭ ئەزالىرى ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا بۇنى ئاساسىي ئىدىيىنىڭ بەدىئىي ئۈگىلىرى دېسەكمۇ بولىدۇ. كۇپلېتلاردا مىسرا سانى 2، 3، 4، 5، 6، 7، 8 بولىدۇ. شېئىر قايسى شەكىلدە يېزىلغان بولسا، شۇ شەكىلنىڭ تەلىۋى بويىچە، مىسرالارنىڭ سانى بەلگىلىنىدۇ. لېكىن كۇپلېت بىر بىرىگە مەنىۋى ئالاقىسى بولمىغان مىسرالارنىڭ تىزمىسى ئەمەس، كۇپلېت تەركىۋىدىكى مىسرالار بىر بىرىنى مەنا ۋە تەسۋىر جەھەتتىن تولۇقلىشى ياكى بىر بىرىنى تەقەززا قىلىشى لازىم.

ئاخىرىدا يەنە بەزى مەسلىھەتلەرنى بەرمەكچىمىز.

شېئىر ئىجاتكارلىرى بارا-بارا ئۆزىگە خاس ئۇسلۇپ يارىتىشى كېرەك، خاس ئۇسلۇپ ئاپتور تىلى (ئاپتورنىڭ ئۆزىگە خاس تىلى)، بەدىئىي ۋاستىلەردىن ئۆزگىچە پايدىلىنىش جەھەتلىرىدە ئىپادىلىنىدۇ. بىرەر شائىرنىڭ يازغان ئەسىرى ئۆز نامىنى



يازمىغان تەقدىردىمۇ شۇ كىشىنىڭ ئىكەنلىكى كىتاپخانغا ئايان بولالىسا، ئەنە شۇنى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇپ دېسە بولىدۇ. شائىر سۆز ئۇستىسى، تىل ھۈنەرۋىنى بولغىنى ئۈچۈن، ئىجادىيەتتە ئۆزىگە قورال بولغان تىلنىڭ گىرامماتىكىسى، شېئىرىي ئىجادىيەتنىڭ تېخنىكىسى ھەققىدىكى ئىستېتىكا، پىكىرنى توغرا ئىپادىلەشنى ئۆگىتىدىغان لوگىكا، شۇنداقلا شۇ تىل ئىگىسى بولغان خەلقنىڭ تىل تارىخى، ئۆرپ-ئادەتلىرى، ئەدەبىيات تارىخىنى ئۆگىنىشى كېرەك. خەلق تىلىدىن تەسۋىرىي ئىبارىلەر، ساتىرا، ھەجۋى، يۇمۇر، ئوخشىتىش، مۇبالىغە شەكىللىرىنى ئۆزلەشتۈرۈش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا شائىرنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش ئىقتىدارى ئاشىدۇ.

شېئىر ئاھاڭدارلىقى يۇقۇرى بەدىئىي ئەسەر بولغىنى ئۈچۈن، ئىنتوناتسىيىنى ئىپادىلەش يوللىرىنى ئۆگىنىش كېرەك. بۇنىڭدا فونېتىكا قائىدىلىرىنى، سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تەڭكەش بولۇپ چىقىش قانۇنىيەتلىرىنى، ئۇرغۇ قائىدىلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ. شېئىردا تەتۈر جۈملە تۈزگەندە مەنىسىگە بەك دىققەت قىلىش، سۆز-پىكىرلەرنىڭ تەكرار بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش، قوپال بەدىۋى سۆزلەرنى ئىشلىتىشتىن ئۆزىنى تارتىش تەكىتلىنىدۇ.

# خەلق قوشاقلىرىنىڭ ياخشى ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلايلى

## قۇمۇلنىڭ كونا قوشاقلىرى توغرىسىدا بەزىبىر تەسىراتلىرىم

**تېيىپجان ئېلىيوۋ**

لىن بياۋ ۋە "4 كىشىلىك گۇرۇھ" ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كونا ئېغىز ئەدەبىيات بايلىقىغىمۇ جىق ۋەيرانچىلىق سالدى، جۇملىدىن كونا خەلق قوشاقلىرىنىڭ ھەممىسىنىلا سېرىق نەرسىگە، زەھەرلىك چوپكە چىقىرىۋەتتى، ئۇنى تەتقىق قىلىشقا يول قويمىدى. تېخىمۇ ئېچىنىشلىقى شۇكى، كىمكى بۇ بايلىقلارنى ئاسراش، قەدىرلەش ۋە ئۇنىڭغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش توغرىسىدا ئېغىز ئاچسا ياكى بىرەر كونا ناخشىنى ئېيتىپ قويسا، "كونىنى تىرىلدۇرگۇچى"، "بۇرۇنقى گەپتىن پايدىلىنىپ ھازىرقىغا دارىتىپ ھۇجۇم قىلغۇچى" دىگەن ئاجايىپ-غارايىپ بەدناملارنى چاپلاپ، خالىغانچە كالتەكلىدى. بۇمۇ ئۇلارنىڭ پارتىيىنى چاڭگىلىغا كىرگۇزۇۋېلىش، ھوقۇق تارتىۋې-



لىش سۇيىقەستىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدىكى جىنايى قىلمىشلىرىنىڭ بىر تەركىۋىي قىسمى.

لىن بياۋ ۋە "4 كىشىلىك گۇرۇھ" بىتچىت قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى زەھەرلىرى تېخى تازىلىنىپ بولمىدى. ھېلىغىچە كونا خەلق قوشاقلىرىنىڭ ياخشى ئەنئەنىسى ئۇستىدە ۋە ئۇنىڭدىن ئۆگىنىش ھەققىدە گەپ ئېچىلسا، ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ ئۆزىنى قاچۇرىدىغان ئادەملەر ئاز ئەمەس.

لىن بياۋ، "4 كىشىلىك گۇرۇھ" ۋە ئۇلارنىڭ قول چوماقلىرى ئېيتقاندەك، كونا خەلق قوشاقلىرىنىڭ ھەممىسىلا سېرىق نەرسىلەرمۇ؟ ھەممىسىلا زەھەرلىك چوپمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. سەپسەتىلەر گەرچە ئاجايىپ ئىنقىلاۋىي ئىبارىلەرگە ئورالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ماركسىزم بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوق. ئۇ تىپىك مېتافىزىكىلىق سەپسەتە. بۇ خىل سەپسەتىنى كونا خەلق قوشاقلىرىنىڭ مول ماتېرىيالى كەسكىن رەت قىلىدۇ.

پۇرولېتارىيات ئەدەبىي مىراسلارغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىدۇ، ئۇنىڭغا تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىدىن قارايدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە قانداق نەرسە بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئالدى بىلەن ئۇنى ئوبيېكتىپ ھالدا، ئەستايىدىل تەھلىل تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭ شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ مېغىزىنى قوبۇل قىلىدۇ. يولداش ماۋ زېدۇڭ، بۇرۇن ئۆتكەن بارلىق پۇرولېتا-

رىيات داھىلىرىغا ئوخشاش، مەدەنىي مىراسلارغا، جۈملىدىن خەلق قوشاقلىرىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن، ئۇنى تەتقىق قىلغان، ئۆزىنىڭ شانلىق ئەسەرلىرىدە خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىنمۇ ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. ئۇ ئۆزىنىڭ شېئىرىي ئەسەرلىرىدە خەلق قوشاقلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشنىڭ شانلىق ئۈلگىسىنى ياراتقان، شۇنىڭدەك خەلق قوشاقلىرىنى تەتقىق قىلىشنى، ئۆگىنىشنى ئىزچىل تەكىتلەپ كەلگەن، بولۇپمۇ يولداش چېن يىغا شېئىرىيەت توغرىسىدا يازغان خېتىدە خەلق قوشاقلىرىغا ناھايىتى يۈكسەك باھا بېرىپ، ئۇنىڭدىن ئوزۇق ئېلىشنى نۇقتىلىق تەكىتلىگەن. يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ بۇ خېتى لىن بياۋ ۋە "4 كىشىلىك گۇرۇھ"نىڭ قوشاقچىلىق گۈلزارىمىزغا سالغان بۇزغۇنچىلىقىدىن ئۈزۈل-كېسىل ھېساپ ئېلىپ، زەھەر ۋە تەسىرلىرىنى تەل-توكۇس تازىلاپ، كونا خەلق قوشاقلىرىغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىپ، يېڭى شېئىرىيىتىمىزنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن كۈچلۈك ئىدىيىۋى قورال.

ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئەدەبىيات تارىخى شۇنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، مەدەنىي مىراسلار ئىچىدە ئۇزۇن تارىخىي جەريان داۋامىدا ئىجات قىلىنىپ، ئېغىزدىن-ئېغىزغا، ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقا كۆچۈپ، بارغانسېرى بېيىپ بارغان ئېغىز ئەدەبىياتى، جۈملىدىن خەلق قوشاقلىرى بىردەكلا ساغلام بايلىق. ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىگى شۇكى، ئۇ مەزمۇن ھەم بەدىي شەكىل جەھەتتىن ئاددىي ئەمگەكچى خەلقنىڭ



تۇرمۇشىغا بەكرەك يېقىن. ئۇنىڭدا كۆپرەك ئەمگەكچى خەلقنىڭ تۇرمۇش شارائىتى گەۋدىلەنگەن. ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىدىيە-ھېسسىياتى قويۇق، شۇنداقلا، ئۇ ئۆتمۈشتە كىتاۋىي بىلىم ئېلىشنىڭ سىرتىدا قالغان ئاددىي ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئارىسىدا كەڭ تارالغان، بۇ ئۇنىڭ ئالدى بىلەن ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۆز ئىجادىيىتى، ئۆز مەنىۋى بايلىغى ئىكەنلىگىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. قومۇل خەلق قوشاقلىرى بۇنىڭ ياخشى دەلىلى.

بىز مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قومۇلدا ئىجات قىلىنغان «شىڭشىڭشىيا قوشاقلىرى»نى ئەسلەپ ئۆتەيلى. ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن مەنزىرە، ھالەت، كۈيلەنگەن ئىدىيىلەردىن ئېزىلگەن ئەمگەكچى خەلقنىڭ تۇرمۇش ئوبرازىنى ئېنىق كۆرىمىز. بۇ قوشاقلار قومۇل ۋاڭى شامەخسۇتنىڭ شەپقەتسىز ئالۋاڭ-سەيسىسگە تۇتۇلغان، زۇلۇم دەستىدىن يۈرەك-باغرى ئۆرتەنگەن يوقسۇللارنىڭ دەرت-ئەلەملىك شىكايىتى. ئۇنىڭدا زالىم شامەخسۇتقا، شۇنداقلا چىرىك فېئودالىق تۈزۈمگە قارشى غەزەپ-نەپرەت ئوتى يالقۇنجاپ تۇرىدۇ. بۇ تارىخنىڭ توغرا ئىنكاسى، ئۆز قىياپىتى. ئۇ ئۆزلىرىنىڭ ياۋۇز ھۆكۈمرانلىغىنى ئەلنىڭ بەخت-سائادىتى دەپ ئاقلاپ كەلگەن فېئودال ۋاڭلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرىنىڭ جويلۇشلىرىغا، ساختا تارىخچىلىققا قارىتا ناھايىتى كۈچلۈك رەددىيە. بىز ئۆتمۈشتە ئالۋاڭ-سېلىق تولىيەلمىگەنلىگى، زۇلۇمغا قارشىلىق كۆرسەتكەنلىگى ئۈچۈن ۋاڭلارنىڭ شەپقەتسىز ئەمرى بىلەن نوم-

باغداش قاتارلىق جايلارغا پالىنىپ، گۇناكار سۇپىتىدە ۋاڭلار ئۈچۈن ئىشلەپ ۋەيران بولغان دەرتمەنلەرنىڭ مۇنۇ ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ باقايلى:

نوم دىمەڭلار، نوم دىمەڭلار،
نوم دىگەن زىندان ئىكەن.
يوللىرى قارغۇ تىكەن،
خەلقلىرى ئالۋاڭدىكەن.

زوركىنىڭ باشىغا چىقسام،
كورۇندى قۇمۇل باغلىرى.
ئاھ ئۇرۇپ قان يىغلىسام،
سىرىلدى سەرۋەڭ تاغلىرى.

بۇ قوشاقلاردا ئۇتمۇشتىكى ئەمگەكچى ئەجداتلىرىمىزنىڭ زۇلۇم ئاسارىتىدىكى ئىچىنىشلىق تۇرمۇشى ناھايىتى جانلىق ئەكس ئەتكەن. ئۇنىڭ ھەر بىر مىسراسىدىن زۇلۇم دەستىدە ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلغان دەرتمەنلەرنىڭ سەرسانلىق زارى يىغىپ تۇرىدۇ.

ئىزىلگەن، زۇلۇمغا قارشىلىق كورسەتكەن ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۆز ئىجادىيىتى بولغان بۇ خىل قوشاقلار ئۇلارنىڭ ئەكسىيەتچى ھوكۇمران سىنىپلارغا قارشى بىر خىل كۈرەش



ۋاستىسى ئىدى. زۇلۇمغا قارشى بۇ شىكايەتنامىلەر زۇلمەتلىك تۈزۈمگە قارشى غەزەپ ئوتىنى ياقىدۇ، يالقۇنجىتىدۇ، كۈرەشكە ئۈندەيدۇ. ئۇنى بۇگۇنكى ئەۋلاتلار ئاڭلىسا، ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئىچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرىدىن خەۋەردار بولىدۇ، بۇگۇنكى بەختىيار ھاياتنىڭ قەدرىگە تىخىمۇ يىتىدۇ، دەھشەتلىك كونا ئىجتىمائىي تۈزۈمنى تىرىلدۇرمەكچى بولغانلارغا قارشى كۈرەش ئىرادىسىنى كۈچەيتىدۇ. بۇنداق قوشاقلارنى ئەسلەشنى، ئىيتىشنى قانداقمۇ كونىنى تىرىلدۇرۇشكە ئۈرۈنۈش دىگىلى بولسۇن!

دەرۋەقە، كونا قوشاقلار ئىچىدە ئەكسىيەتچى ھوكۇمران سىنىپلارنىڭ مەنپەئەتىنى ھىمايە قىلىدىغان، ئەمگەكچى خەلقنى خۇنۇكلەشتۈرىدىغان، ئۇلارنى مەڭگۈ قۇللۇقتا ئۈندەيدىغان ئەكسىيەتچى قوشاقلارمۇ بار. بۇ، ئەكسىيەتچى سىنىپلارنىڭ ئەسىرلەر بويى ھوكۇمران ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ ھوكۇمران ئىدىيىسىنىڭ جەمىيەتكە تەسىر كورسەتكەنلىكى سەۋەبىدىن تۇغۇلغان بىر خىل خۇنۇك ئەھۋال. لىكىن شۇنداق بولسىمۇ، ئەمگەكچى خەلقنى ھاقارەتلەپ، ئەزگۈچىلەرنى مەدھىيىلەيدىغان قوشاقلارنىڭ ئەمگەكچى خەلق ئارىسىدا كەڭ خىرىدارى بولغان ئەمەس. بۇنداق نەرسىلەرگە بىز ھەرگىزمۇ ۋارىسلىق قىلمايمىز.

كونا خەلق قوشاقلىرى ئىچىدە غىرىپ-مۇساپىرلىق مۇڭلىرى خىلى سالماقنى ئىگەللەيدۇ. بىز بۇ ئارقىلىق ئۆتمۈشتە

يوقسۇزچىلىق دەردىدە، تۇرلۇك زۇلۇم دەستىدە خانىۋەيران بولغان ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەلەملىك شىكايىتىنى ئاڭلايمىز. مەسىلەن:

ئەجەپمۇ تاڭ ئاتمايدۇ
مەن بىلەن قىرىشقاندەك.
غېرىپمەن-مۇساپىرمەن
لاچىن سوققان توشقانمەن.

غېرىپتۇرمەن-غېرىپتۇرمەن
زار غېرىپتۇرمەن.
غېرىپلىقتا زەپىرەڭدەك
سارغىيىپ تۇرىمەن.

ئاتام مېنى، ئانام مېنى
نىمە دەپ تاپتىكىن.
شۇبۇ كۈنگە قالارىمنى
بىلمەيمىدىكىن.

بۇ خىل قوشاقلاردا بىز ئۆتمۈشتىكى خانىۋەيران بولغان غېرىپ-مۇساپىرلارنىڭ ئېچىنىشلىق ئوبرازىنى كورىمىز. كونكىرىت شەخسنىڭ ئاھ-زارىدىن شۇ جەمىيەتنىڭ ساداسىنى



ئاڭلايمىز. بۇنى ئەسلەشنىڭ بۈگۈنكى كۈندە دولەتنىڭ ئەركىن ھوقۇقلۇق پۇقراسىغا، ئۆز يۇرتىنىڭ خوجايىنىغا ئايلانغان ئەۋلاتلار ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئۆز دەۋرىنىڭ قەدرىگە يېتىشى ئۈچۈن چوڭقۇر تەربىيىۋى ئەھمىيىتى بار.

ئىجتىمائى ئەخلاق توغرىسىدىكى قوشاقلارنىڭ كۆپچىلىگىدە ئەمگەكچى خەلققە خاس بولغان ئالىجاناپ ئەخلاق-پەزىلەت تەرغىپ قىلىنىدۇ، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار سىنىپىنىڭ چىرىك ئەخلاقى پىپەن قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

تەكەببۇر ئەيلىمە ھەرگىز
مەگەرچە ئاسمان بولساڭ.
ئۆزەڭنى بارچىدىن كەم تۇت،
سۇلايمان پادىشا بولساڭ.

بۇ قوشاقلاردا كەمتەر بولۇش، ئۆزىنى بىلىشكە ئوخشاش ئالىجاناپ پەزىلەت تەرغىپ قىلىنغان، شۇنىڭدەك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارغا خاس بولغان تەكەببۇرلۇق، يوغانچىلىق ئىللەتلىرى ئۈستىلىق بىلەن قامچىلانغان.

كونا ئۇيغۇر قوشاقلىرى ئىچىدە ئىشقى-مۇھەببەت تېمىسىدىكى قوشاقلار ناھايىتى زور سالماقنى ئىگەللەيدۇ. لىن بياۋ ۋە ”4 كىشىلىك گۇرۇھ“نىڭ ئەڭ قاتتىق ئەيىپلىشىگە، ھاقارىتىگە ئۇچرىغانلىرىمۇ مۇشۇ تېمىدىكى قوشاقلار بولدى. ئۇلار ئۆزىچە،

مۇھەببەت قوشاقلىرىدىن يىرگىنىدىغانلىقىنى جاكالاپ، ئەدىبىيات-سەنئەتچىلەرگە بۇ تېمىدىن ئۈزۈل-كېسىل قول ئۈزۈش توغرىلىق مۇستەبىتلىك پەرمانىنى چۈشۈردى.

مۇھەببەت، ئائىلە تېمىسى بەدىئى ئەدەبىياتتا ھەرگىزمۇ زورلاپ تېڭىلغان نەرسە ئەمەس. (يوق نەرسىنى، چاكىنا نەرسىنى بەدىئى ئەدەبىياتقا زورلاپ تېڭىش لىن بىياۋ ۋە "4 كىشىلىك گۇرۇھ" قا ئوخشاش بىرنىمىلەرنىڭ ئىشى.) مۇھەببەت، ئائىلە رىياللىقتا، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا مەۋجۇت نەرسە. ئۇ ئىنسانلار ھاياتىنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيىتى ھەم مۇھىم بىر ساھەسى، بەدىئى ئەدەبىيات ھەرگىز چەتنەپ كېتەلمەيدىغان، بەلكى ئەكس ئەتتۈرۈش زۆرۈر بولغان تۇرمۇش، شۇڭلاشقىمۇ ئۇ بارلىق مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم بىر تېمىسى بولۇپ كەلگەن. قىز-يىگىت مۇھەببىتىنى، ئائىلە مۇھەببىتىنى يېزىش پۇرولېتارىيات ئەدەبىياتىنىڭ ئىشى ئەمەس دېيىش ئۇنى پۇرولېتارىيات تۇرمۇشىغا مەنسۇپ ئەمەس دېگەنلىك. بۇ پۇرو-لېتارىياتنى ھاقارەتلەشتىن، پۇرولېتارىياتنىڭ ئوبرازىنى رىيال-لىققا يات، ئىنسانىي ھېسسىياتى يوق، ياسالما، چاكىنا پىگۇرىغا ئايلاندۇرۇش سەپسەتىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇ نەرسە ناھايىتى ئېنىقكى، ئىنسانلار تۇرمۇشىنىڭ مەلۇم تەرەققىيات جەريانىنىڭ مەھسۇلى بولغان مۇھەببەت ۋە ئائىلە ھەممە سىنىپ كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا ئورتاق ھادىسە. لېكىن مۇھەببەت ھەم ئائىلىگە نىسبەتەن ھەر بىر تارىخىي دەۋرنىڭ، ھەر بىر سىنىپنىڭ



كۆزقارىشى-مۇناسىۋىتى ئوخشاش ئەمەس. ھەر بىر سىنىپنىڭ ئۆزىگە خاس ئىجتىمائىي ئورنى ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئىدىيە ۋە ئەخلاقىنى شەكىللەندۈرگەن. ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ ئىمتىيازى، چىرىك ئىدىيە ۋە ئەخلاقى ئۇلارنىڭ مۇھەببەت ۋە ئائىلىگە بولغان مۇناسىۋىتىدە چوقۇم ئەكس ئېتىدۇ. كونا خەلق قوشاقلىرى ئارىسىدا ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ ئائىلە ۋە مۇھەببەتكە بولغان مۇناسىۋى-تىنى، توقلۇقتىن تۇغۇلغان خوشلۇقنى، كەيىپ-ساپانى تەرغىپ قىلىدىغان قوشاقلارمۇ خېلى بار. لېكىن بۇ چىرىك نەرسىلەر ھەرگىز ئەمگەكچى خەلقنىڭ مۇھەببەت ۋە ئائىلىگە بولغان ساغلام كۆزقاراشلىرىغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، شۇنداقلا بۇ مۇھەببەت تېمىسىدىكى خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى ئەمەس. ئاساسىي ئېقىم ئەمگەكچى خەلقنىڭ مۇھەببەت، ئائىلە ھەققىدىكى ئىلغار قاراشلىرىنى ئىپادىلەيدىغان، ئەمگەكچىلەرگە خاس ئالىيجاناپ ئەخلاقنى تەرغىپ قىلىدىغان قوشاقلار. بىز مۇنۇ قوشاقنى ئوقۇپ كۆرەيلى:

گۈللا بولسا گۈل بولامدۇ
قاتى-قاتى بولمىسا.
يار دېگەنگە يار بولامدۇ
ئېتىقاتى بولمىسا.

بۇ يەردە "ئىتتىپاق" سۆزى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن مۇھەببەت ئوبيېكتلىرىنىڭ ئۆزئارا ساداقىتى، ۋاپادارلىغى مۇھەببەتنىڭ ئەڭ مۇھىم شەرتى قىلىنغان. بۇنىڭدا توقلۇقتىن تۇغۇلغان خۇشلۇقنىڭ، پەسكەش ئارزۇ-ھەۋەسنىڭ پۇرىغىمۇ يوق. ياكى تۆۋەندىكى قوشاقنى ئالايلى:

قارا قاشىم بار مېنىڭ،
كويدۇرمە قاش لازىم ئەمەس.
بىر ئاداشىم بار مېنىڭ،
ئىككى ئاداش لازىم ئەمەس.

بۇ قوشاقتا ياسالما گۈزەللىككە قىزىقىشنىڭ، "يار-ئۈستىگە يارتۇتۇش" تەك ئۇزمە كۆڭۈللۈكنىڭ ھەقىقى مۇھەببەتكە يات نەرسە ئىكەنلىگى بايان قىلىنغان.

ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۆز تەبىئىتىگە يات بولغان سەممىيەتسىزلىك، ۋاپاسىزلىق كونا خەلق قوشاقلىرىدا نەپرەت بىلەن ئەيىپلەنگەن. "بىۋاپانى سۆيمەيمەن" دىگەن تىما ئاستىدىكى قۇمۇل خەلق قوشاقلىرىدا ۋاپاسىزلىقنىڭ رەزىل ئوبرازى تەسۋىرلەنگەن ھەم ئۇنىڭغا كۈچلۈك نەپرەت ياغدۇرۇلغان. مەسىلەن:

بىۋاپا بۈگۈن بارادۇر،
تاڭلا ئۇنۇتقاي يارىنى.



دېپىڭىز قوي تېرىسى،
مەيدىڭىزگە ياقىسىز.
دىتىڭىزنىڭ يوقلۇغىدىن،
ھەممە خەققە باقىسىز.

بۇ قوشاقلاردا ۋاپاسىزلىققا نەپرەت، ئەمگەكچى خەلققە خاس بولغان سەممىيەتلىككە، ئالىجاناپ ئەخلاققا مەدھىيە ئوقۇلغان.

كونا جەمىيەتتىكى نىكا تۈزۈمى ھەقىقى مۇھەببەتنىڭ كاپالىتى بولغان ئەمەس، بەلكى ئۇنى خارلاشنىڭ، بولۇپمۇ ئاياللار ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىشنىڭ قانۇنى دەستۇرى ئىدى. بىراق، ئەمگەكچى خەلق ئۆزىنىڭ ساغلام مۇھەببىتىنى ئاشۇ قانۇندىن ئۈستۈن ھىساپلاپ كەلگەن. مەسىلەن:

ئاي بىلەن كۈن دوست ئىكەن،
چولپانغا ھەمرا يوق ئىكەن.
ئاخۇنۇمدىن سورىسام،
ئاشىققا نىكا يوق ئىكەن.

بۇ يەردە شۇنى ئىزاھلاپ ئۆتۈش كېرەككى، ئاشىققا نىكا ئوقۇمىسىمۇ بولىدۇ دەپ پەتىۋا بەرگەن ئاخۇنۇم ھەرگىزمۇ كونا نىكا قانۇنىنىڭ ئوبرازى ئەمەس، بەلكى شۇ چاغدىكى

مەۋجۇت ئادالەتسىز قانۇنىنىڭ ئەكسى بولغان، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئارزۇسىدىكى يەنى مۇھەببەت ئەركىنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدىغان غايىۋى ئادىل قانۇنىنىڭ ئوبرازى. بۇ، ئەملىيەتتە، ئادالەتسىز كونا نىكا قانۇنىنى رەت قىلىدىغان ئىسيانكار پىكىر.

كونا مۇھەببەت قوشاقلىرى ئىچىدە جۇدالىق دەردى، جۇدالىق-تىكى سېغىنىش دەردىنى ئىپادىلەيدىغان قوشاقلارمۇ خېلى كوپ. جۇدالىقمۇ مۇھەببەتنى سىنايدىغان بىر خىل سىناق. نۇرغۇن قوشاقلاردىكى جۇدالىق ئازاۋىدىن زارلىنىش ۋە سېغىنىش ھىسسىياتلىرى ئۆزئارا تەقدىرداش بولغان مۇھەببەت ئوبېكتى-لىرىنىڭ بىر بىرىگە بولغان ئەقىدىسىنى يەنى ئەمگەكچى خەلققە خاس بولغان ئۆزئارا كويۇمچانلىقىنى ئىپادىلەش بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، مۇھەببەت ئەركىنلىكىگە ھەر جەھەتتىن توسالغۇ تۇغدۇرۇپ ھىجرانلىق پەيدا قىلغان ئادالەتسىز كونا ئىجتىمائى تۈزۈم ئۈستىدىن، دىنىي خۇراپات ئۈستىدىن قىلىنغان شىكايەت-تۇر. مەسىلەن:

ئالمىنى ئايرىدىلا،
شاپتۇلنى قايرىدىلا.
ئەپلىشىپ قالغان كوڭۇلنى،
زۇلۇم بىلەن ئايرىدىلا.

ياردىن ئايرىلغىلى،



كىمنىڭ خىيالى بار ئىدى.
ئايرىۋەتتى شۇ خۇدايىم،
نە گۇنايىم بار ئىدى.

شۇنىڭدەك، مۇھەببەت بابىدىكى پۇشايمان، ئاغرىنىش كۈي-لىرىدىمۇ خېلى مۇھىم ئىبرەت-ساۋاقلار، ئالىجاناپ ئىدىيە ئىز-ھار قىلىنغان كونا مۇھەببەت قوشاقلىرى توغرىسىدا گەپ قىلى-غاندا، زادى ئەستىن چىقىرىشقا بولمايدىغان شۇنداق مۇھىم بىر نۇقتا باركى، ئۇ مۇھەببەت، نىكا ئەركىنلىكىنى قىلچە ئېتىراپ قىلمايدىغان، بولۇپمۇ ئاياللارنى ئادەم قاتارىدا كور-مەيدىغان مۇستەبىتلىك ھوكۇم سۇرگەن كونا جەمىيەتتە بارلىققا كەلگەن. مۇشۇنداق جەمىيەتتە "يارىم سەن مېنىڭ جانىم"، "مەن يارىمنى سېغىنغاندا قاناتىم بولسا"، "ئادىل پادىشا بولسا، سۆيگەن يارىمنى ئالسا"، "ھەممىدىن كويۇك يامان"، "ئەمدى مەن قانداق قىلاي بىۋاپا يار دەردىدە" دەپ ناخشا ئېيتىشنىڭ ئۆزى مۇھەببەت ئەركىنلىكى ۋە ساغلاملىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا تەرغىپ قىلغانلىق بولىدۇ. بۇنداق تەرغىبات مۇستەبىت ھاكىمىيەتنىڭ، دىنىي خۇراپاتنىڭ قاتتىق تەقىبىگە ئۇچراپ كەلگەن. ئۇ جەمىيەتتە قوزغىلاڭچى خەلق "ئوغرى" دەپ ئاتالغىنىدەك، مۇھەببەت ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇچىلار "بۇزۇق"، "پاسىق" دەپ ئەيىپلەنگەن، "يارىم" دەپ ناخشا ئېيتىشنىڭ ئۆزىمۇ ئەدەپسىزلىك ھىساپلانغان. دىمەك، بىز بۇ

خىل ناخشىلارغا تارىخىي نۇقتىدىن قارىغىنىمىزدا، مۇھەببەت قوشاقلىرىنىڭ تولىسى بىر خىل ئىسيانكارلىق ناخشىسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

لېكىن مۇھەببەت بابىدا ئاددىي ئىنسانىي چۈشەنچىگىمۇ ئىگە بولمىغان، ئەخلاق جەھەتتە چىرىكلىكنىڭ تىپىك ۋەكىلى بولغان لىن بياۋ ۋە "4 كىشىلىك گۇرۇھ"نىڭ ئالدىدا مۇھەببەت قوشاقلىرىنى ئېيتىش شۇنچىلىك چوڭ گۇنا بولىدىكى، بۇ "گۇنا" ئۈچۈن تارتقان ئەلەملىرىمىزنى ئەسلەشمۇ شۇنچە ئېغىر كېلىدۇ. بۇ خىل قوشاقلارنى ئېيتىپ قويغان خېلى كۆپ خەلق سازەندىلىرى سازايى قىلىندى، بەزىلىرى ئۆزىنىڭ راۋاپ-دۇتارىدىن ئايرىلماق تۈگۈل، پۇقرالىق ھوقۇقىدىنمۇ ئايرىلىپ قالدى.

كونا خەلق قوشاقلىرىنىڭ تېماتىك مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ، خىلمۇ-خىل تېمىدا توقۇلغان قوشاقلارنىڭ تولىسىدا ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۆزىگە خاس ساغلام ئىدىيە ھېسسىياتى بار، شۇنىڭدەك ئۇنىڭدا شۇ مىللەت خەلقىنىڭ ئۆتمۈشتىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئەھۋالى، ئېتنوگرافىيىسى، پسىخولوگىيىسى، ئۆرپ-ئادىتىگە ئائىت نۇرغۇن قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىياللار بار. شۇڭا ئۇنى قەدىرلىشىمىز كېرەك. بۇنداق مۇئامىلە قۇمۇل خەلقىنىڭ كونا قوشاقلىرىغىمۇ مەنسۇپ.

* * *

قۇمۇلنىڭ كونا خەلق قوشاقلىرى بىزگە ئۇيغۇر خەلق قوشاق-



لىرىنىڭ بەدىئىي خۇسۇسىيىتىگە دائىر ناھايىتى ياخشى ئۈلگىلەرنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ بەدىئىي خۇسۇسىيەت دېگىنىمىز ئالدى بىلەن شېئىرىيەتتە ئوبراز يارىتىش مەسىلىسى، يەنى ئوبرازلىق تەپەككۇر مەسىلىسى ھەم شېئىرىيەت شەكلى قۇرۇلۇش مەسىلىسىدۇر.

لىن بياۋ ۋە "4 كىشىلىك گۇرۇھ" بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتىنى ئىنكار قىلدى، بۇ، ئەمەلىيەتتە، بەدىئىي ئەدەبىياتنى ئىنكار قىلغانلىق. شۇنىڭ كاساپىتىدىن قوشاقچىلىقىمىزدىمۇ بىر مەزگىل چاكىنىلىق ئەۋج ئالدى. شۇنى ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن ئېيتىشقا توغرا كېلىدۇكى، ئارىلىقتا بىر مەزگىل گېزىت-ژۇرناللىرىمىزدا خەلق قوشاقلىرى نامىدا ئېلان قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ تولىسى قوشاققا ئوخشىماي قالدى، بۇ — سۇبيېكتىپچىلىق ئىجادىيەت تەتقىقاتى ئىدىيىسى، گۇرۇھ باگۇسى كەلتۈرۈپ چىقارغان يامان ئاقىۋەت. بۇ خىل ئەھۋالنى تۈگىتىش ئۈچۈنمۇ، لىن بياۋ ۋە "4 كىشىلىك گۇرۇھ"نىڭ بۇ جەھەتتىكى جىنايىتىدىن ئۈزۈل-كېسىل ھېساب ئېلىشىمىز كېرەك. بۇنىڭسىز خەلق قوشاقلىرىنىڭ ياخشى ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىشنى ھەقىقىي رەۋىشتە ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ.

خەلق قوشاقلىرىنىڭ بەدىئىي خۇسۇسىيىتى دېگىنىمىزنىڭ ئۆزى كەڭ تېما، چوڭقۇر ئىلمىي مەسىلە. مەن بۇ ھەقتە تەپسىلىي پىكىر بايان قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەسمەن. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ ماقالىدا ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىكى ئوبرازلىق

تەپەككۇر مەسىلىسى توغرىسىدا بەزىبىر تەسىراتلىرىمىنى دەپ باقماقچىمەن.

ئوبرازلىق تەپەككۇر مەسىلىسى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ بەدىي خۇسۇسىيىتىگىمۇ ئائىت تۈپ مەسىلە. ئوبرازلىق تەپەككۇر ئالاھىدە خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان بىر خىل تەپەككۇر شەكلى بولۇپ، ئۇمۇ مەنتىقى تەپەككۇرگە ئوخشاش ئوبيېكتىپ شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ ئادەم مېڭىسىدىكى ئىنكاسى. بىراق ئۇ مەنتىقى تەپەككۇردەك شەيئىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئابستراكت ئۇقۇملار ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ئادەمنىڭ كۆز ئالدىدا گەۋدىلىنىدىغان كونكرېت تەسۋىرلەر ئارقىلىق ئىنكاس قىلىدۇ. ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ ئۆزىگە خاس ئىپادىلەش ۋاستىلىرى بار، مەسىلەن، تەمسىل، ئوخشىتىش، جانلاندۇرۇش، كىنايە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تەسۋىرىي ۋاستىلەر.

بىز ئالدى بىلەن ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ مۇھىم بىر ۋاستىسى بولغان تەمسىل توغرىلىق بىر ئاز توختىلىپ ئۆتەيلى:

تەمسىل دېگىنىمىز ئىپادىلىمەكچى بولغان ئوبيېكتنى ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىككىنچى بىر ھالەتنىڭ تەسۋىرى ئارقىلىق بايان قىلىشتۇر. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا ئاساسىي پىكىر، كۆپىنچە، ئاخىرقى 3-، 4-مىسرالاردا بايان قىلىنىدۇ. ئالدىنقى مىسرالىرىدا بولسا ئاساسىي پىكىرلەرنى ئوبرازلىق بايان قىلىش ئۈچۈن ياكى تېخىمۇ جانلاندۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك ئىككىنچى بىر ھالەت تەسۋىر-



لىنىدۇ. مەسىلەن:

زىمىستان كورمىگەن بۇلبۇل،
باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس.
جاپانى تارتمىغان ئاشىق،
ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەس.

بۇ قوشاقتىكى ئاساسىي ئىدىيە "يامانىنى كورمەي ياخشىنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ"، "جاپانى تارتماي، راھەتنىڭ قەدرىگە يەتكىلى بولمايدۇ" دېگەن قانۇنىيەتكە ئىگە بولغان پىكىر. بۇ پىكىرنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇش ئۈچۈن تەبىەت دۇنياسىدىكى ئىككىنچى بىر مۇقەررەرلىك ھالەت تەمسىل قىلىنغان، شۇنىڭ بىلەن بۇ پىكىر ناھايىتى جانلىق ۋە ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن.

ئالما دەپ سۇندۇم قولۇمنى
پىشمىغان ئانارغا.
نېمە دەپ بەردىم كوڭۇلنى
قەدىر بىلمەس يارغا.

پۇشايمان بايان قىلىنغان بۇ قوشاقتا ئۇقۇشماي ياكى سىناشماي، ناباپ بىراۋغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىشتەك ھاماقەتچىلىككە ئالما دەپ يېگىلى بولمايدىغان توك ئانارغا قول ئۇزارتىشتەك

بىمەنە، ھاماقەتچىلىك ئۇرۇنۇش تەمسىل قىلىنغان. مۇشۇ بەدىي تەسۋىردىي ۋاستە ئارقىلىق پۇشايمان ھىسسىياتى ئوبرازلاشقان. تۇۋەندىكى قوشاقنى ئالايلى:

گۈلەمشۋا گۈلىنى كورۈك،
بەرگى سايان قايرىلىدۇ.
بىۋاپا يارنى كورۈك،
ئۇلمەي تىرىك ئايرىلىدۇ.

بۇ قوشاقتا گۈلەمشۋا گۈلىنىڭ بەرگى تەرەپتە قايرىلىشىدىن ئىبارەت بىر خىل خۇسۇسىيىتى بىۋاپانىڭ ۋاپاسىزلىق قىلىپ ئايرىلىشىدىن ئىبارەت خۇسۇسىيىتىگە تەمسىل قىلىنغان، نەتىجىدە بىۋاپانىڭ ئوزىگە خاس ئوبرازى گەۋدىلەنگەن.

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئوتۇش كېرەككى، بەزىلەر قوشاقلاردا ئاساسىي پىكىر كېيىنكى 3-، 4-مىسرالاردا بايان قىلىنىدۇ، دەپلا دەسلەپكى مىسرالارنىڭ كېيىنكى مىسرالار بىلەن (ياكى ئاساسىي پىكىر بىلەن) بولغان مۇناسىۋىتىگە سەل قارايدۇ.

دەرۋەقە، خەلق قوشاقلىرى دەپ ئاتالغان بەزىبىر قوشاقلاردا ئاساسىي پىكىر بىلەن مۇناسىۋىتى يوق ھەتتا ئۇنىڭغا زىت گەپلەر قىستۇرۇلغان نەرسىلەرمۇ بار، لېكىن بۇ خىل نەرسىلەر خەلق قوشاقلىرىنىڭ ياخشى ئەنئەنىسىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ.

ئوبرازلىق تەپەككۇر جانلاندۇرۇش ۋاستىسى ئارقىلىق ئىپا-



دىلەنگەن قوشاقلارمۇ ناھايىتى كوپ. بىز مۇنۇ قوشاقنى ئوقۇپ كورەيلى:

زوركىنىڭ باشىغا چىقسام
كورۇندى قۇمۇل باغلىرى،
ئاھ ئۇرۇپ قان يىغلىسام
سىرىلدى سەرۋەك تاغلىرى.

بىز بۇ قوشاقنى ئاڭلىغىنىمىزدا ئۇتمۇشتە زۇلۇم دەستىدىن ئوز يۇرتىدىن ئايرىلغان (پالانغان)، ئايرىلىش پىراقىغا چىدىماي زوركى تېغىنىڭ ئۇستىگە چىقىپ يىراقتىن يۇرتىنى كورۇپ، سېغىنىش ئوتىدا يۇرەك-باغرى خۇن بولغان، كوزلىرىدىن قانلىق ياش توكۇۋاتقان بىر دەرتمەن كوز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. بۇ قوشاقتىكى ”سىرىلدى“ سوزىنىڭ جانلاندۇرۇش رولى ناھايىتى چوڭ. ”سىرىلدى سەرۋەك تاغلىرى“ دىگەندە بىزگە تاغ بىر تۇرۇپ ئاشۇ دەرتمەننىڭ ئاھ-زارىغا چىدىماي، ئىچى سىرىلىپ كېتىۋاتقان مۇڭداش-ھىمداش ئادەم قىياپىتىدە كورۇنىدۇ. بىر تۇرۇپ ئاشۇ تاغ ئېرىپ، دەرتمەنىنىڭ قانلىق ياشلىرىغا قوشۇلۇپ، ئېقىپ كېتىۋاتقاندەك كورۇنىدۇ. بۇ ئوبرازلىق پىكىرنىڭ دەرتنى چۇشىنىدىغان ئادەمگە نەقەدەر چوڭقۇر تەسىر قىلىدىغانلىقىنى توغرىسىدا سوزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

بىز يىراق يەرگە كېتىۋاتقان، قايتىپ كېلىش مۇشكۇل

بولغان، قەدىردانىدىن ئايرىلىشقا قىيمىغان ئادەمنىڭ ھېسسىياتىنى ئىپادىلەنگەن مۇنۇ قوشاقنى ئاڭلاپ باقايلى:

كەتسىلە كەلمەيدىلا،
ياغلىقلىرى قالسۇن ماڭا.
يىغلىسام ياشىمنى ئېرتاي،
ھەمرا بولۇپ تۇرسۇن ماڭا.

بۇ مىسرالار ”ماڭا يادىكار قالدۇرغىن“ دىگەن پىكىرنىڭ ئوبرازلىق ئىپادىسى. بۇ يەردە قەدىردان مەھبۇبلار مۇناسۋەتىدىكى بىر ئادەت بولغان ياغلىق قالدۇرۇش ۋاستە قىلىنىپ، ناھايىتى چوڭقۇر لىرىك ھېسسىيات ئىپادىلەنگەن. بۇ شېئىرىيەتتە سىمۋۇللۇق نەرسە-ھالەتلەردىن پايدىلىنىشنىڭمۇ ياخشى ئۈلگىسى.

ئەمدى ئوبرازنى گەۋدىلەندۈرۈشنىڭ يەنە بىر مۇھىم ۋاستىسى بولغان ئوخشىتىشنىڭ بەزى مىساللىرىنى كورۈپ باقايلى. مەسلەن:

قاچانغىچە يۇرىمىز
كاككۇك بىلەن زەينەپتەك.

رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، كاككۇك بىلەن زەينەپ ئاشىق-



مەشۇق قۇشلار ئىمىش. ئۇلار سايرىغاندا بىر بىرسىنىڭ ئىسمىنى چاقىرىشىدىكەن، لېكىن ئۇلار ۋىسال تاپالماي، مەڭگۈ جۇدالىقتا ئۆتىدىكەن. جۇدالىقنىڭ سىمۋۇلىغا ئايلانغان كاككۇك بىلەن زەينەپنىڭ مۇناسىۋىتى يۇقۇرىدىكى قوشاقتا جۇدالىقنىڭ ئوبرازلىق ئىپادىسى بولغان.

توۋەندىكى مىسرالارمۇ ئوخشىتىشتىن پايدىلىنىشنىڭ چىرايلىق ئۈلگىلىرى:

يەل-بوراندەك يەلپىنىپ،
كەتسەم يارىمنىڭ قېشىغا.
......
يۈرۈگۈم غەلۋىرگە ئوخشاش
قويسىلا تۇرماس تىرىك.

ئوبرازنى گەۋدىلەندۈرۈشنىڭ بەدىي ۋاستىلىرىدىن بىرسى بولغان كىنايىدىن پايدىلىنىشنىڭ مىساللىرىمۇ ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا ناھايىتى كوپ. بىز مۇنۇ مىسرالارنى ئوقۇپ باقايلى:

قارا قاشىم بار مېنىڭ،
كويدۇرمە قاش لازىم ئەمەس.

بۇ يەردىكى ”كويدۇرمە قاش“ سوزى پەدەز خورلۇقىنىڭ كىنايىلىك تەسۋىرى بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ياسالما گۈزەللىككە مەپتۇن بولماسلىق كېرەك دىگەن پىكىر ئوزىنىڭ بىر خىل ئوبرازلىق ئىپادىسىنى تاپقان.

ئوبرازلىق تەپەككۇرنى ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر چۈشىنىشتىن ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىمۇ ناھايىتى مول ماتىرىيال بېرەلەيدۇ. بىز لىن بياۋ ۋە ”4 كىشىلىك گۇرۇھ“ پەيدا قىلغان ئىدىيالىزىم ۋە مىتافىزىكىلىق رامكىلارنى پاچاقلاپ تاشلاپ، دادىل ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن بۇ مول ماتىرىياللارنى تەتقىق قىلىشىمىز، ئۇنىڭدىن ئوزۇق ئېلىشىمىز لازىم. بۇ شېرىيىتىمىزنى يېڭى سەۋىيىگە كوتىرىشنىڭ مۇھىم بىر ئېھتىياجى.



# ئۇلۇغ تۇركشۇناس مەخمۇت قەشقىرى

## هاجى ياقۇپ يۇسۇپى

مەخمۇت قەشقىرى 11-ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى. ئۇ ئوزىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۇرك» ناملىق ئەسىرى بىلەن دۇنياغا تونۇلغان مەشھۇر تۇركشۇناس.

شەرقى ياۋروپادىن تاكى يىراق شەرقىچە، ياۋروپا-ئاسىيانىڭ شىمالى، غەربى، غەربىي جەنۇبى، شەرقى ۋە مەركىزىي ئاسىيا قىسىملىرىنىڭ ئەڭ مۇنبەت ۋە گۈزەل جايلىرىغا ئورۇنلاشقان تۇركى مىللەتلەر بۇنىڭدىن 9 ئەسىر بۇرۇن ياشىغان بۇ ئۇلۇغ ئالىمى بىلەن پەخىرلىنىدۇ. تۇركى تىل بىلەن سوزلىشىدغان ھەرقانداق بىر مىللەت ئوزىنىڭ ئەدەبىيات ۋە ئەدەبىيات تارىخىنىڭ ئوتتۇرا زامان قىسمى ئۇستىدە توختالغاندا بۇ ئۇلۇغ ئالىمنىڭ مەشھۇر ئەسىرى — «دىۋانۇ لۇغاتىت تۇرك» تىن سوز ئاچماي ئوتەلمەيدۇ. ئۇ بۇنىڭدىن 9 ئەسىر بۇرۇنقى تۇركى خەلقلەرنىڭ تىلىنى، ئەدەبىياتىنى، فولكلورىنى، ئېتنوگرافىيەسىنى دۇنياغا تونۇشتۇردى.

مەخمۇت قەشقىرى دۇنيادا ھېچكىم تۇركشۇناسلىق ئىلمى

بىلەن شۇغۇللانمىغان 11 ـ ئەسىردە تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى، تىل ـ ئەدەبىياتىنى، تارىخى ۋە ئېتنوگرافىيىسىنى تەتقىق قىلىپ، تۈركشۇناسلىقنىڭ تۇنجى قېتىم ئاساسىنى قۇرغان ۋە بۇ ھەقتە قىممەتلىك نادىر ئىلمىي ئەسەر قالدۇرۇپ كەتكەن ئۇلۇغ ئالىمدۇر.

تۈركشۇناسلىق بىز تۈركىي خەلقلەردە بۇنىڭدىن 9 ئەسىر ئىلگىرى ئاساسى قۇرۇلغان بىر ئىلىم ساھەسى. بۇ ئىلىمنىڭ ئاساسى بىزدە قۇرۇلغان بولسىمۇ، بىز ئۇنى راۋاجلاندۇرالمىدۇق. ئەپسۇسكى، ھەر خىل ئىجتىمائىي، سىياسىي سەۋەپلەر ۋە مۇرەككەپ ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلىدىن زامانىمىزغا قەدەر داۋاملاشتۇرۇپ كېلەلمىدۇق، ھەتتا مەخمۇت قەشقىرىنىڭ بۇ قىممەتلىك ئەسىرىنى ساقلاپ قېلىش، نەشر قىلىش، تەتقىق قىلىش......ھوقۇقلىرىدىن مەھرۇم قالدۇق.

ئۆتمۈشتە بولۇپمۇ "4 كىشىلىك گۇرۇھ"نىڭ زىيانكەشلىكى ھۆكۈم سۈرگەن دەۋرلەردە تۈركشۇناسلىق ھەققىدە سۆز ئېچىشمۇ بولمايتتى، بۇ ساھەدە ئۆگەنگەن ۋە تەتقىق ئېلىپ بارغان نۇرغۇن تەتقىقاتچى يولداشلىرىمىز تۈرلۈك بەدناملار بىلەن زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، ئېلىمىزدىكى ھەرمىللەت خەلقى پەنگە يۈرۈش قىلىش كۈرىشىنى باشلىۋەتتى، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى مەخمۇت قەشقىرىنى قايتىدىن تىلغا



ئېلىپ، مەرھۇمنىڭ ئەسىرىنى ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇق، بۇ پارتىيىمىز مىللىي سىياسىتىنىڭ بۈيۈك غەلىبىسىدۇر.

## مەخمۇت قەشقىرىنىڭ ھاياتى ۋە شەخسىيىتى

مەخمۇت قەشقىرىنىڭ ھاياتى توغرىسىدا ئۆزىدىن باشقا ھېچقانداق بىر ئاپتورنىڭ يازغان مەلۇماتلىرىنى ھازىرغىچە كۆرمىدۇق. دەسلەپ قىلىپ مارتىن ھارتمان① «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ بىرىنچى تومى نەشر قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن يازغان ماقالىسىدا «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە مەخمۇت قەشقىرىنىڭ مۇئەللىمى دەپ كۆرسىتىلگەن قەشقەرلىق خەلق ئوغلى ھۈسەيىن ناملىق بىر ئالىم توغرىلىق تاجۇل ئىسلام سەمئانىنىڭ② «كىتابۇل ئەنساب③»دا مەلۇمات بارلىقىنى بىلدۈردۇ. سەمئانى قەشقەردە يېتىشكەن ئالىملار توغرىلىق سۆزلىگىنىدە،

---

① مارتىن ھارتمان — (1851 ـ 1928) گېرمانىيە شەرقشۇناسلىرىدىن. بېرلىن شەرق تىللىرى ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى.

② سەمئانى — مىلادى 1113 ـ يىلى خۇراسانىنىڭ مەرۋ شەھرىدە تۇغۇلغان. سەمئانى ھەدىسچى ۋە تارىخچى ئىدى. بۇ ساھەدە قىلغان زور خىزمەتلىرى ئۈچۈن «تاجۇلئىسلام» (ئىسلام تاجىسى) دېگەن ئۇنۋانغا ئېرىشكەن.

③ كىتابۇل ئەنساپ — نەسەبنامە.

ھۆسەيىننى تىلغا ئېلىپ، ئۇ پازىل، زاھىت بىرشەيخ بولسىمۇ، سوزلىگەن رىۋايەتلىرى، ھەدىسلىرىگە دىگەندەك ئىشىنىپ كېتىشكە بولمايتتى دەيدۇ.

سەمئانىنىڭ كىتاۋى ياكى باشقا تارىخىي مەنبەلەرگە قارىغاندا، ئۇ دەۋردە «قاراخانىلىقلار» دولىتىنىڭ شەرقىي قىسىملىرىدىمۇ ئىسلام تەلىماتلىرىنىڭ يۇكسەك بىر دەرىجىدە تەرەققى قىلغانلىغى مەلۇمدۇر. ئۇ دەۋرلەردە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا يالغۇز دىنى تەلىماتلىرىغا ئەھمىيەت بېرىلىپ، باشقا ئىلىملەر، مەسىلەن: قامۇسچىلىق، تارىخ، ئېتنوگرافىيە، جۇغراپىيە......قاتارلىق بىلىملەر بىلەن شۇغۇللانغانلارغا كوڭۇل بولۇنمىگەنلىگى، بۇ ھالەتنىڭ بىر چۇشكۇنلۇك ئالامىتى ئىكەنلىگى؛ رىۋايەت، ھەدىسلەرنى يالغان، خاتا سوزلىگۇچىلەر ئىسىملىرىنىڭ بىبلوگرافىك ئەسەرلەرگە كىرگۇزۇلگەنلىگى ئېنىقتۇر. شۇڭلاشقا، مەخمۇت قەشقىرى، يۇسۇپ خاس ھاجىپلارغا ئوخشاش ئالىملىرىمىزنىڭ دىنى ھوكۇمران ئورۇندا تۇرغان بىر تارىخىي دەۋردە تىلغا ئېلىنمىغانلىغى ئەجەپلىنەرلىك ئىش ئەمەس. دىمەك مەخمۇت قەشقىرىنىڭ ھاياتى توغرىلىق ھازىرچە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۇرك»تىكى مەلۇماتلار بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىشقا مەجبۇرمىز.

مەخمۇت قەشقىرى «دىۋان»دا ئوزىنى كىتاپخانلارغا تۇۋەندىكىدەك تونۇشتۇرىدۇ:

”......مۇھەممەت ئوغلى ھۇسەيىن، ھۇسەيىن ئوغلى مەخمۇت دەيدۇكى......“



”بۇ كىتاپنى ھىجرى 466 ـ يىلى (لەھەڭ يىلى) يازدىم“، ”كىتاپنى 464 ـ يىلى جامادىيەل ئەۋۋەل باشلىرىدا يېزىشقا كىرىشىپ، توت قېتىم يېزىپ تۇزەتكەندىن كېيىن، 466 ـ يىلى جامادىيەل ئاخىرىنىڭ 12 ـ كۇنى تۇگەتتىم“، ”مەن ئۇلارنىڭ ئەڭ ئۇز تىللىغى، ئەڭ ئوچۇق ئاڭلىتىدىغىنى، ئەڭ، ئەڭ نەسەپلىگى، ئەڭ ياخشى نەيزىۋازى، پىكرىنى ئوبدان يۇرىتەلەيدىغىنى بولغىنىم ھالدا، ئۇلارنىڭ شەھەرلىرىنى، چوللىرىنى ئۇ باشتىن ـ بۇ باشقا كەزدىم، تۇرك ـ تۇركمەن، ئوغۇز، چىگىل، ياغما، قىپچاقلارنىڭ تىللىرىنى، قاپىيىلىرىنى ئۇگىنىپ پايدىلاندىم. شۇنداقكى، مەنىمۇ ئۇ قەبىلىلەرنىڭ تىلىنى ئۇگىنىپ، ياخشى سىستىملاپ چىقتىم:“

”ئابۇل (ئوپال): بىزنىڭ ئەلدە ـــ قەشقەردە بىر يېزىنىڭ ئىسمى.“

”بۇنى ياغما ئىلىدە ئاڭلىدىم.“

بۇ شەھەر ”بارسغان“① مەخمۇتنىڭ دادىسىنىڭ شەھىرىدۇر.

”بۇ كىتاۋىمنى مۇقەددەس پەيغەمبەر ئورنىدا ئولتۇرغان، ھاشىم ئۇرۇغىدىن ئاباسلاردىن ئىمام بولغان ئۇلۇغىمىز، خوجىمىز ئەبۇلقاسىم ئابدۇللا ھوزۇرلىرىغا سوغا قىلدىمكى، ئىمانى بولغانلارنىڭ بېگى ۋە تەڭرىنىڭ خەلىپىسى مۇھەممەت ـــ

---

① بارسغان ـــ ئىسسىق كولنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان بىر شەھەر. خارابىسى ھازىرمۇ بار. دىۋاندا بارسغاننى ئافراسياپنىڭ ئوغلى قۇرغان دىيىلىدۇ.

ئۇل مۇقتەدى بىئەمروللاخاننىڭ ئوغلىدۇر.“

مەلۇمكى، مەخمۇت قەشقەرىنىڭ قاچان تۇغۇلغانلىغى، قانداق ياشىغانلىغى، پائالىيەتلىرى سوزلەنمىگەن، ۋاپات تارىخىمۇ نامەلۇم. مەخمۇت قەشقەرىنىڭ ئوز كىتاۋىنى 1072 — 1074 - يىللىرىدا يېزىپ تۈگەتكەنلىگى تەكشۈرۈش، تەتقىقات ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، بىرىنچى قول ماتېرىيال توپلىغان، يېتىلگەن بىر ئالىم ئىكەنلىگى، 11 - ئەسىردە ياشىغانلىغى ۋە بۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ۋاپات بولغانلىغىدىن دېرەك بېرىدۇ.

مەخمۇت قەشقەرىنىڭ ئوز دادىسى ھۈسەيىننىڭ بارسغانلىق ئىكەنلىگىنى سوزلەپ كېلىپ، قەشقەرنى ”بىزنىڭ يۇرت“دەپ سوزلىگىنىگە قارىغاندا، ئۇنىڭ دادىسى بارسغاندىن قەشقەرگە كوچكەن، ئوزى شۇ يەردە تۇغۇلۇپ ئوسكەن.

مەخمۇت قەشقەرىنىڭ نەسەبىگە كەلسەك، «دىۋان»دىكى قەيدلەرگە قارىغاندا، ئۇنىڭ يۇقۇرى تەبىقىلەرگە مەنسۇپ بولغانلىغىنى، ھەتتا قاراخانىلىقلار ئائىلىسىگىمۇ يات ئەمەسلىگىنى كورگىلى بولىدۇ. بۇ ھەقتە مەخمۇت قەشقەرى دادىسىنىڭ ياكى ئەجدادىنىڭ ”تۈركى خەلقلەر ئۆلكىلىرىنى سامان ئوغۇللىرىدىن قۇتقۇزغان ئەمىر بەھرقىن“ ئىكەنلىگىنى سوزلەيدۇ.

مەخمۇت قەشقەرىنىڭ جەڭ قوراللىرىدىن ياخشى پايدىلىنالايدىغانلىغىنى سوزلەشلىرى، قارا خانىلىقلارغا مەنسۇپ بەزى مەشھۇر شەخسلەردىن رىۋايەتلەر نەقىل قىلىشى، ئوز ئەسىردە جەڭ شېئىرلىرى، ھەربى ئاتالغۇلارغا ۋە قارا خانىلىقلارغا، دولەت



تەشكىلاتىغا، ساراي ئادەتلىرىگە دائىر بەرگەن مەلۇماتلىرىمۇ بۇنىڭغا دەلىل بولالايدۇ.

مەخمۇت قەشقەرى ئوز ئەسىرىنى باغداتتا يازغان دىگەن تەخمىنگە قارىغاندا، مەرھۇم قەشقەردىن ئىراقتا كوچكەن بولىدۇ. ئەمما نىمە سەۋەپتىن، قاچان باغداتقا كوچكەنلىگى توغرىلىق ئوزىدىن ياكى باشقىلاردىن قالغان ھېچقانداق مەلۇمات يوق. ئۇ ئوزىنىڭ يالغۇزلا تۈركى خەلقلەر ياشىغان كەڭ بىپايان دالا قىرلاردا ساياھەت قىلىپ، جاپالىق تەكشۈرۈش، تەتقىقات ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغانلىغىنى، نۇرغۇن تۈركى شىۋىلەرنىڭ شەكلى، ئەنئەنىلىرىنى ئوز يېرىدە ئۈگەنگەنلىگىنى، تارىم، ئىلى، چۇ ۋە سىر دەريا ۋادىلىرىدىكى تۈركى خەلقلەر شەھەرلىرىنى كورگەنلىگىنى، تۈركى خەلقلەر ۋە قەبىلىلەر خەلقىنىڭ شىۋە - تەلەپپۇز پەرقلىرىنى، لۇغات ئايرىمىلىقلىرىنى ئۈگەنگەنلىگىنى بىلدۈرىدۇ.

قانداق بولمىسۇن، مەخمۇت قەشقەرى باغداتقا كېلىپ، ئوز ئەسىرىنى يېزىشقا كىرىشكەندە، پۈتۈن توپلىغان ماتېرىياللىرىنى قايتىدىن كورۇپ، پىششىقلاپ، مۇقىملاپ چىققان، شۇ چاغدا ئۇنىڭ يېشىمۇ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان ئىدى.

ئەرەپ تىلىنى مۇكەممەل بىلىدىغان مەخمۇت قەشقەرى كىلاسسىك ئىسلام تەلىماتلىرىنى ئوز ئېلىدىكى ۋاقتىدا مۇسۇلمان تۈركى ئالىملىرىدىن ئوقۇغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى قاراخانىلىقلار دەۋرىدە قەشقەر ۋە بارسغان رايونلىرى مەدىنىيەت جەھەتتە

تەرەققى قىلغان جايلار ئىدى. بۇ نۇقتىنى مارتىن هارتمانمۇ ئېتىراپ قىلماقتا.

مەخمۇت قەشقىرىنىڭ نىمە ئۈچۈن باغداتقا كوچكەنلىگىنىڭ سەۋەپلىرىنى شۇ دەۋر تارىخىنىڭ ئومۇمى شەرتلىرىدىن ئىزدەش زورۇر. يەنى ئىراندا سەلجۇقلارنىڭ①، ماۋرانىنەهردە② قاراخانىلىقلارنىڭ هاكىمىيەتلىرى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەيلى خۇراسان، مەيلى ئىراقتا بولمىسۇن، نۇرغۇنلىغان قەشقەرلىق ئۇيغۇرنىڭ ئىسلامنىڭ مەدىنى، سىياسى ۋە ئەسكىريي هاياتىغا كۈچلۈك قاتنىششى تەبىي ئىدى. شۇڭا، بەزى تۈرك تارىخچىلىرى ۋە تۈركشۇناسلار بۇ ماۋزۇ ئۈستىدە تۆۋەندىكى ئىككى خىل پىكىردىدۇر:

1. سەلجۇق ئىمپراتورى مەلىك شاهنىڭ رەپىقىسى ”تەركەن خاتۇن“③ قارا خانىلىقلار سۇلالىسىدىن بولغاچقا، نۇرغۇن قەشقەر-

---

① سەلجۇقلار — 11 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئوتتۇرا شەرقتە ئىمپىرا- تۇرلۇق قۇرغان بىر تۈركى قەۋم بولۇپ، سەلجۇقلار خاندانلىغىنىڭ ئىران، ئىراق، كىرمان، سۈرىيە ۋە ئاناتولىدا قۇرغان دولىتى 300 يىلدىن ئارتۇق هوكۇم سۈرگەن.

② ماۋرانىنەهر — جەيهۇن دەرياسىنىڭ ئۇ قېتىدىكى جايلار.

③ تەركەن (تۈركان) — ئىران سەلجۇق هوكۇمدارلىرىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغلىرىدىن هىساپلانغان مەلىك شاهنىڭ رەپىقىسى بولۇپ، تۈركى خەلقلەر مەلىكىلىرىنىڭ مەشهۇرىدۇر. دادىسى قارا خانىلىقلارنىڭ خاقانلىرى- دىن ئىدى. ئۇ مەلىك شاه بىلەن تۇرمۇش قۇرۇپ، سەلجۇقلار سارىيىنىڭ نوپۇزلۇق هاكىمەسى بولغان ۋە سەلجۇقلار ئىمپىراتۇرلىغىدا كوپ سىياسى ماجىرالارغا سەۋەپ بولغان.



لىقلەرنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىراققا كەلگەنلىگى مەلۇم. قارا خانىلىقلار دەۋرىدە يۇقۇرى تەبىقىغە مەنسۇپ بولغان مەخمۇت قەشقىرىنىڭمۇ مۇشۇنداق بىر سەۋەپ بىلەن باغداتقا كېلىپ قېلىشى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس.

2. قارا خانىلىقلارنىڭ هوكۇمران تەبىقىلىرى ئارىسىدا بولغان تەخت تالىشىش ماجىرالىرى ئىچىدە، ئۇ سىياسى جەھەتتىن قىسىلىپ، هاياتى خەۋپ ئاستىدا قالغانلىقتىن باغدات تەرەپكە كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ قاراشلار داۋاملىق هالدا ئىزدى- نىش، تەتقىقات ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

مەخمۇت قەشقىرى باغداتقا قېچىشتىن ئىلگىرى، ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىسلام دىنى هوكۇمران ئورۇندا تۇرغان بۇخارا، سەمەرقەنت، نىشا پۇرلارغا ئوخشاش چوڭ مەدەنىيەت مەركەز- لىرىگە بارغان ئىدى. ئەمما قەشقەردە يەنىلا ئىلمىي، مەدىنى پائالىيەتلەر مەۋجۇت ئىدى.

مەخمۇت قەشقىرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نى يېزىۋاتقان مەزگىلدە قەشقەردە «قۇتادغۇ بىلىك»گە ئوخشاش تىل ۋە پىكىر نۇقتىسىنەزىرىدىن يىراق ئەسەرلەر يېزىلماقتا ئىدى. قارا خانىلىقلار ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن نۇرغۇن ئىلمىي ۋە مەدىنى مۇئەسسە- سىلەر جۈملىدىن ساجىيە مەدرىسىسى ئەنە شۇ ئىلمىي، مەدىنى هاياتنىڭ شاهىدى ئىدى.

مەخمۇت قەشقىرى تۈركى تىلىنى نۇرغۇن شىۋىلىرى بىلەن بىلىشتىن تاشقىرى شۇ دەۋردىكى ئەڭ مۇهىم تىللاردىن هىساپ-

لانغان ئەرەپچە بىلەن پارىسچىنى مۇكەممەل بىلەتتى. مەخمۇت قەشقىرى فىلولوگىيە ساھەسىدە كەڭ مەلۇمات ئىگىسى بولۇپ، ئۆز دەۋرىدىكى ئەرەپ فىلولوگىيىسىنىمۇ ياخشى بىلگەچكە، ئەرەپ فىلولوگىيىسىنى «دىۋان»دا تۈركى تىلغا تەدبىق قىلغان ئىدى.

دېمەك مەخمۇت قەشقىرىنى تۈركشۇناسلىق ساھەسىدە ئېنسىكلوپېدىيىلىك بىلىملەر بىلەن قوراللانغان بىر ئۇيغۇر ئالىمى دېيىش كېرەك. چۈنكى مەخمۇت قەشقىرى تۈركى شىۋىلەرنىڭ بىرقانچىسىنى ياخشى بىلىپلا قالماستىن، بەلكى تۈركى تىلدا سۆزلىگۈچى خەلقلەرنىڭ تارىخى، جۇغراپىيىسىنى، مىفولوگىيىسى①، فولكلور ۋە ئېتنوگرافىيىسى، خەلق ئەدەبىياتىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدىغانلىقىنى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ ھەر بىر بېتىدىن ئوچۇق كۆرگىلى بولىدۇ.

مەخمۇت قەشقىرى توغرىسىدا مەشھۇر رۇس ئالىملىرىدىن بولغان پروفېسسور سامايلوۋىچ ئۆزىنىڭ بىر ئەسىرىدە: "مەخمۇت قەشقىرى 11-ئەسىرنىڭ رادلوفىدۇر" دەپ يازىدۇ. تۈركشۇناسلارنىڭ بەزىلىرى بۇ باھانى توغرا دەپ تەستىقلايدۇ.

پروفېسسور سامايلوۋىچ ئىككى ئالىمنىڭ ئارىلىقىدا 9 ئەسىرلىك ئىجتىمائى تەرەققىيات ئايرىپ تۇرغان تارىخىي دەۋرنى نەزەردە تۇتمىغان. مەخمۇت قەشقىرى فېئودالىزم ئوتتۇرا ئەسىردە

① مىفولوگىيە — ئەپسانە ئۇيدۇرمىلار يىغىندىسى.



ئىسلام دىنى تەلىماتلىرى كەڭ تارقالغان بىر دەۋردە ياشىغان بىر ئالىم. ئۇ ئىسلام فىقھە① تەلىماتى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان، پەننى ئىلىملەر تەرەققى ئەتمىگەن، دىنىي چەكلىمىلەر كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىتتا ياشىغىنىغا قارىماي، بۈنىڭدىن 9 ئەسىر ئىلگىرى تۈركلوگىيىنىڭ ئاساسىنى بىرىنچى بولۇپ مەيدانغا قويغان زاتتۇر. ئەسىرىمىزگە قەدەر ئۆتكەن ھېچقانداق بىر تىلچىمىزنى قەشقىرىگە ئوخشىتىپ بولمايدۇ، ھەتتا ئەلىشىر ناۋائىمۇ تۈركى تىلنى مەخمۇت قەشقىرىدەك ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىپ ئۆرنەك كۆرسەتمىگەن.

بىز 9 ئەسىر بۇرۇن ئۆتكەن مەخمۇت قەشقىرى بىلەن ئۇنىڭدىن 9 ئەسىر كېيىن ئۆتكەن رادلوفنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنىنى تۈركشۇناسلىق ئۆلچىمى بىلەن بىر سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى:

مەخمۇت قەشقىرى پۈتۈن تۈركى شىۋىلەرنىڭ سۆز بايلىقىنى توپلىدى، تۈركى ئېتنوگرافىيە ۋە ئېتنولوگىيىسىگە دائىر مول ماتېرىياللارنى توپلاپ تاللىدى. ئۆزى تارىخچى بولمىسىمۇ، تۈركى تىلدا سۆزلىگۈچى خەلقلەرنىڭ تارىخى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۇلارنىڭ ئەنئەنىلىرى ۋە رىۋايەتلىرىدىن خاتىرىلەر يازدى. بۇ جەرياندا بولۇپمۇ سېلىشتۇرمىلىق گىرامماتىكا مەسىلىلىرىنى بايان قىلدى. تۈركى شىۋىلەرنى سېلىشتۇرۇشتا ئىنتايىن

① فىقھە — ئىسلام قانۇنلىرى ھەققىدىكى تەلىمات.

ئۈنچىكە تەتقىقات ئېلىپ باردى.

مەخمۇت قەشقىرى ”خاقانىيە شىۋىسى — ئوغۇز، قىپچاق، ئارغۇ، چىگىل، كەنجەك ۋە ئۇيغۇر شىۋىلىرىنى“ ناھايىتى ياخشى بىلەتتى. شۇڭلاشقا ئۇ شىۋىلەرنىڭ فونېتىكىسى، مورفولوگىيىسىنىمۇ بەك ئوبدان بىلەتتى. تۈركى شىۋىلەرنىڭ ئانا خەتلىرى ھەققىدە ئاساسلىق مەلۇمات ئىگىسى ئىدى.

رادلوفقا كەلسەك، بۇ زات تۈركى شىۋىلەرنى (ئۆزبېكچە ۋە تۈركمەنچە بۇنىڭدىن مۇستەسنا) تەتقىق قىلدى. تۈركى خەلقلەرنىڭ چوڭ بىر سۆزلۈكىنى تۈزدى ۋە سېلىشتۇرمىلىق بىر گىراماتىكا ئۈچۈنمۇ تىرىشتى. بۇنىڭدىن باشقا ئېتنوگرافىيىگە دائىر مەلۇماتلار توپلىدى، تارىخچى بولمىسىمۇ تۈركى خەلقلەر تارىخىغا دائىر بەزى مونوگرافلەر① ۋە تىل ماۋزۇسى ئۈستىدە ئەسەرلەر يازدى. بىز مەخمۇت قەشقىرىنى ئۇلۇغ تۇنجى ئۇيغۇر تىلچىسى، ئەينى زاماندا تۈركولوگىيىنىڭ ئىلگىرى-ئاخىرى بولۇپ تۇنجى قۇرغۇچىسى دەپ ھېساپلايمىز، شۇڭلاشقا ئۇنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ئەسىرىنى قەدىمقى تۈركى تىللار يادىكارلىقلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىملىرىدىن بىرى دەپ تونۇيمىز.

ئەگەر مەخمۇت قەشقىرى يىرىك تۈركشۇناس ياشىغان دەۋردە ياۋروپادا ئۆتكەن ئالىم بولغان بولسا، شۈبھىسىزكى،

① مونوگراف — بىرەر مەسىلە ۋە تېمىلارنى تەكشۈرۈشكە بېغىشلانغان ئەسەر.



ئۇ تۈركشۇناسلىق ساھەسىدە دەۋرىمىزگە تېخىمۇ ئاجايىپ قىممەتلىك ئىلمىي تۆھپىلەرنى قوشقان بولاتتى. رادلوفمۇ ھەقىقەتەن تۈركشۇناسلىقتا زور ھەسسە قوشقان ئالىم، لېكىن ئۇ تۇنجى تۈركشۇناس ئەمەس.

بىز ئۆز چۈشەنچىمىز بىلەن ئۆز قارىشىمىز بويىچە ”رادلوف ئەسىرىمىزنىڭ مەخمۇدىدۇر“ ياكى ”تۈركشۇناسلىقتا رادلوف قەشقىرىنىڭ ئىز باسارىدۇر، ئىشىنى داۋاملاشتۇرغۇچىدۇر“ دىسەك، بۇ ئالىمنىڭ ئىلىم دۇنياسىدىكى ئابرويىغا ھېچقانداق نۇقسان يەتمىسە كېرەك.

## مەخمۇت قەشقىرىنىڭ ئەسەرلىرى

قولىمىزدا قەشقىرىنىڭ يالغۇز بىرلا ئەسىرى بولۇپ، ئۇ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تۇر. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر كىتاۋى بارلىقىنى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە ئۆزى خەۋەر بېرىپ: ”سىنتاكسىسقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ئۈچۈن ئايرىم بىر كىتاپ يېزىپ، ئىسمىنى «كىتابۇ جەۋھىرىن نەھۋى فى لۇغاتىت تۈرك»① قويدۇم“ دەيدۇ. (1 - توم، ئىستانبۇل باسمىسى، 25 - بەت) دىمەك، ئۇ بىرىنچىسى «سۆزلۈك»، ئىككىنچىسى تۈركى

① «كىتابۇ جەۋھىرىن نەھۋى فى لۇغاتىت تۈرك» — تۈركى تىل سىنتاكسىسىنىڭ جەۋھىرى.

تىلىنىڭ «سىنتاكسىسى» بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان «دىۋانۇ
لۇغاتىت تۈرك» بىلەن «كىتابۇ جەۋھىرىن نەھۋى فى لۇغاتىت
تۈرك» نى يازغان. ئىككىنچى كىتاۋى قولىمىزدا ئەمەس، كور-
گەن كىشىمۇ يوق، ئېھتىمال يوقالغان بولۇشى مۇمكىن. بەلكى
كەلگۈسى كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇمۇ تېپىلىپ قېلىشى مۇمكىن.

## دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك

«دىۋان» ئەسلىدە «تۈركى-ئەرەبى سوزلۇك» بولۇپ،
ئۇنىڭغا ئورنەك ئۈچۈن 300 گە يېقىن «ماقال-تەمسىللەر»، 240
پارچىچە شېئىر پارچىلىرى (بېيىت، رۇبائىيلار) كىرگۈزۈلگەن،
ئۇنىڭدا تۈركى تىللارنىڭ تۈزۈلۈشى، گىراماتىكىسى ئايرىم
چۈشەندۈرۈلگەن، تۈركى خەلقلەرنىڭ ياشاشلىرى، ئەنئەنىلىرى،
تارىخى، جۇغراپىيىسى ھەققىدە ئېنسىكلوپىدىك مەلۇماتلار
بېرىلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مەخمۇت قەشقىرىنىڭ بۇ قىممەتلىك
ئەسىرى، بىرىنچىدىن، تۈركى تىلىنىڭ سوزلۇگى؛ ئىككىنچىدىن،
گىراماتىكا كىتاۋى؛ ئۈچىنچىدىن، باي ئەدىبىيات ئانتولو-
گىيىسى①؛ توتىنچىدىن، ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئېنسىكلوپېدىيە
ھىساپلىنىدۇ. «دىۋان» توغرىلىق سىررى ئاتالاي (تۈركىيىلىك):
"ھازىرغا قەدەر تۈركى تىلدا ۋە قەدىمقى تۈركى خەلقلەردە
بۇنىڭدەك يارامىلىق، بۇنىڭدىنمۇ ئۈستۈن تۈرىدىغان بىر ئەسەر

① ئانتولوگىيە — ئەدىبىي، شېئىرىي ئەسەرلەرنىڭ تاللانما توپلىمى.



كورۈلمىگەن، بۇ ئەسەر يىگانىدۇر، يىگانە بولۇپ قالىدۇ"
دەيدۇ.

مەخمۇت قەشقىرى ئوز كىتاۋىدا كىتاپىنى نىمە ئۈچۈن يازغان-
لىغىنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ: "دەردىنى ئاڭلىتىش، تۈركى
خەلقلەرنىڭ كوڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تىلى بىلەن
سوزلەشمەكتىن باشقا يول يوق......"

كورۈلىدۇكى، مەخمۇت قەشقىرى بۇ كىتاپىنى ئەرەپلەرگە،
ئومۇمى تۈركى تىلنى بىلمەيدىغانلارغا ئۇنى ئۈگىتىش مەقسىدىدە
يازغان. ئۇنىڭ يەنە: "ماڭا مەڭگۇ بىرشان-شەرەپ، پۈتمەس-
تۈگىمەس بىر ئوزۇق دەپ شۇ كىتاۋىمنى — تەڭرىگە سىغىنىپ —
دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك (تۈرك تىللىرى سوزلۇگى) نامىنى بېرىپ
يازدىم"، "تۈركى تىل بىلەن ئەرەپ تىلىنىڭ ئاتىيشى باراۋەر
(پاراللېل) يۈرگەنلىگى بىلىنسۇن دەپ......" دىگەنلىرىگە
قارىغاندا، ئۇنىڭدا ئوزىگە شەرەپ ساقلاش، تۈركى تىلنىڭ
ئەرەپچىگە ئوخشاش باي بىر تىل ئىكەنلىگىنى ئىسپاتلاشتىن
ئىبارەت ئىككى نىشاننىڭ بارلىغىنى بىلگىلى بولىدۇ.

مەخمۇت قەشقىرى كىتاپىنى قانداق يازغانلىغىنى، يېزىشتا
قانداق ئۇسۇل قوللانغانلىغىنى ۋە نىمىلەرگە دىققەت قىلغانلىغىنى
كىرىش سوزىدە مۇنداق ئىزاھلايدۇ: "بۇ كىتاپىنى ھىكمەت،
قاپىيە، تەمسىل-ماقاللار، شېئىر، رەجەز①، نەسىركەبى نەرسىلەر

① رەجەز — ئارۇز ۋەزنىنىڭ بەھرىلىرىدىن بىرى بولۇپ، بۇ بەھردە
قەسىدە شېئىر يېزىلىدۇ.

بىلەن بىزەپ، بوغۇم ھەرپ تەرتىۋى بىلەن تۈزدۈم. تەتقىقاتچىلار ئۇنى جايىدىن تاپسۇن، ئىزدىگەنلەر ئۆز رېتىدىن ئىزدىسۇن دەپ سۆزلەرنى ئۆزجايىغا قويدۇم، قىيىنلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ، قاتتىقلىرىنى يۇمشاتتىم، يىللارچە قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بەردىم. بۇ سۆزلۈك كىتاۋىنى باشتىن-ئاخىرغا قەدەر سەككىز بۆلۈمگە ئايرىدىم."

"سۆزلەرنى 'ئىسىملار' ۋە 'پېئىللار' قىلىپ ئىككىگە ئايرىدىم، ئىسىملارنى پېئىللارنىڭ ئالدىغا يازدىم...... ئالدىغا قايسىلىرىنى قويۇش زۆرۈر بولسا ئۇنى ئالدىغا، ئىككىنچى ئورۇندا كېلىدىغانلىرىنى ئارقىغا يازدىم......"

"تۈزۈلگەن نەرسىلەرنىڭ يول كۆرسەتكۈچ قىممىتى بولسۇن دەپ، بىر تۈركۈم ئۆلچەملەر قويدۇم. ئالغا بېسىشنى خالىغانلارغا توغرا يول كۆرسەتسۇن، كەڭ بىر يول بولسۇن، يۇقۇرى ئۆلچىگۈچىلەرگە بىر پەلەمپەي بولسۇن دەپ مۇشۇ شەكىلدە ئىشلىدىم، تۈركى قەبىلىلەرنىڭ جانلىق تىلىدىن سۆز ياسىلىدىغان تومۇرلارنى ئالدىم. چۈنكى ئۇزۇن بىر سۆزنى قىسقارتىشتا كېرەكلىكتۇر."

"كىتاپتا تۈركى خەلقلەرنىڭ قاراشلىرىنى، بىلىملىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، سۆزلىگەن شېئىر ئۆرنەكلىرىنى توپلىدىم. قايغۇلۇق، خوشاللىق كۈنلىرىدە يۈكسەك چۈشەنچىلەر بىلەن سۆزلەنگەن ماقال-تەمسىلەرنىمۇ ئالدىم. ئۇلارنى دەسلەپ سۆزلىگەنلەر كېيىنكىلەرگە، بۇلار تېخىمۇ كېيىنكىلەرگە



بىلدۈرۈشكەن ئىدى. بۇلار بىلەن بىرلىكتە كىتاپقا نۇرغۇن مۇھىم سۆزلەرنى توپلىدىم."

"يېزىلغان تاغلار، چۆللەر، جىلغىلار، دەريالار، كۆللەر مۇسۇلمان تۈركى ئەللىرىدە بولغانلىرىدۇر. چۈنكى تىللاردا سۆزلەنگەنلىرى مۇشۇلار، بۇلار تونۇشلۇق بولغانلىقلىرى ئۈچۈن يازدىم. تونۇلمىغانلىرىنىڭ كۆپچىلىكىنى قالدۇردۇم. مۇسۇلمان بولمىغان تۈركى ئەللىرىدىن بىر قىسمىنىمۇ يازدىم، ئۇ تەرىپىنى يازمىدىم. چۈنكى ئۇلارنى يېزىش ھاجەتسىز ئىدى"، "تۈركى تىلغا كېيىن كىرگەن سۆزلەرنى يازمىدىم، ئەر ۋە خوتۇن ئاتلىرى يېزىلمىدى، بۇلاردىن توغرا قوللىنىش ئۈچۈن كۆپ قوللىنىلغان ھەممە كىشى تەرىپىدىن تونۇلغان ئاتلارنى يازدىم."

روشەنكى، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» — ئوتتۇرا ئەسىردىن بىزگە قالغان مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر غەزنە. دىۋان يېزىلغان 1072 — 1074-يىللاردا تۈركى خەلقلەرنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغانلىقىنى بىلىمىز. ئەمما مىللىي تىل، ئەدەبىيات، چۈشەنچە مەھسۇللىرى شۇ كەمگىچە پۈتۈن ئەينى بىلەن توۋەندە دۇر.①

مەخمۇت قەشقىرى ئۇزاق ۋاقىت ئەمگەك سەرپ قىلىپ، ماتېرىياللارنى ئۆز يېرىدىن ئېلىپ، تەتقىق قىلىپ بۇ قىممەتلىك

① توۋەن — تېخى مۇسۇلمان بولمىغان تۈركى قەۋملەرنى يەنى جانبالىق (كۇچار بىلەن بۈگۈر ئارىلىقىدىكى بىرقەدىمىي شەھەر)نىڭ شىمالىدىكى بارلىق بۇددىست تۈركى قەۋملەرنى كۆرسىتىدۇ.

بىلىملەرنى يېزىپ قالدۇردى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە ۋە ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى تۈركى خەلقلىرى ئەدەبىياتى، تارىخى ۋە مەدەنىيىتى ئۈچۈن دەسلەپكى ۋە ئەڭ مۇھىم مەنبە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تۇر.

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ ھازىر تۈركىيەدە ساقلىنىۋاتقان يېگانە يازما نۇسخىسى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئۆز قول يازمىسى — ئارگىنال نۇسخىسى ئەمەس. بۇ نۇسخا ئىراندىن دەمەشق (سۇرىيە)كە كۆچۈپ بېرىپ يەرلىكلىشىپ قالغان مۇھەممەت بىننى ئەبى بەكر ئىبنى ئەبىلغەتھ تەرىپىدىن 1266-يىل 1-ئاۋغۇستتا (كۆچۈرۈلۈپ بولغان) مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئۆز قول يازمىسى نۇسخىسىدىن كۆچۈرۈلگەن نۇسخا بولۇپ، ئەسلى نۇسخا يوقالغان. مۇھەممەت تۈركچىنى بىلمىگەنلىكى، ئەرەپچىنى ياخشى يازالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئەسلى نۇسخىنى كۆچۈرۈشتە بىرمۇنچە يەرلىرىنى خاتا كۆچۈرۈپ قويغان.

تارىخچى ئانتەپلىك ئەينى ”....قەشقەرلىق مەھمۇتنىڭ لۇغىتىدە كۆردۈم“ دەپ، «دىۋان»دىن مەلۇمات ئىزدىگەنلىكىنى بىلدۈردى. قەشقەردىن مىسىرغا كۆچكەن ئالىم ئىبنى مۇھەممەت، ئەبۇ ھەييانغا ئوخشاش ئالىملارنىڭمۇ «دىۋان»نى كۆرۈپ ئوقۇغانلىقى مەلۇمدۇر. كاتىپ چەلەبىمۇ «كەشفۇز زۇنۇن»① ئاتلىق بىبلىيوگرافىيە كىتاۋىنىڭ 808-بېتىدە بۇ قىممەتلىك

① «كەشفۇز زۇنۇن» — «گۇمانلارنى ئېچىش».



ئەسەردىن سۆز ئاچىدۇ. دېمەك مەھمۇت قەشقەرىنىڭ كىتاۋىنى شەرق ئالىملىرى بۇرۇندىن بىلىشەتتى، پەقەت كېيىنچە ئۇنتۇلغان.

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» بۇنىڭدىن 60 يىل ئىلگىرى ئىستانبۇلدا تېپىلىپ، دەسلەپ 1915—1917-يىللىرى 3 توم ھالىدا نەشر قىلىندى. كىتابنىڭ 1-تومى چىقا-چىقمايلا دۇنيادا زور ھاياجان قوزغىدى، تۈركىيەدە ۋە غەرپتە بۇ قىممەتلىك غەزىنە تەتقىق قىلىنىپ، بۇ ھەقتە كۆپ ماقالىلار يېزىلدى. بۇ دۇنياغا تونۇلغان بىر ئەسەر بولدى. تەتقىقاتچىلار قەدىمقى تۈرك مەدەنىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان يېڭى بىلىملەرنى تېپىپ چىقىشتى.

مەسىلەن: پروفېسسور بروكېل مان① «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ بىر ئىندېكسىنى نەشر قىلدى، تۈركىيەدە ئەلى ئۇلۇۋى ئېلوۋە «دىۋان» دىكى شېئىرلارنى، ئابدۇل ئەھەت نۇرى، نەجىب ئاسىم، فەرىد-بىرتەككە ئوخشاش ئاپتورلار «ماقال-تەمسىللەر»نى توپلاپ، كىتاپ ھالىتىدە نەشر قىلىشتى.

تۈركىيەدە كىلىسلىق رىفات بىلگە قاتارلىقلار «دىۋان»نى تەرجىمە قىلىشىپ باققان بولسىمۇ، تەرجىمىلىرى نەشر قىلىش سەۋىيىسىگە يېتەلمىدى. كېيىن تەرجىمە قىلىش ئىشى سامىخ رىفات بىلەن مۇھەممەت ئاكىفقا تاپشۇرۇلغان بولسىمۇ، بۇلار

① بروكېل مان كارل — 1868-يىلى تۇغۇلغان، برېسلاۋ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سامى تىللىرىنىڭ پروفېسسورى.

تەرجىمىنى تاماملىيالمىدى. ئەڭ ئاخىردا تەرجىمە ئىشىنى تىلجى بەسىم ئاتالاي ئورۇنلىدى. 1957 ـ يىلى دەھرى دىلچىن تەرىپە- دىن ئەرەپ ھەرپى بىلەن تۈزۈلگەن بىر ئىندېكىس تۈرك تىل قۇرۇمى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

«دىۋان» توغرىلىق فۇئات كوپرولو، زەكى ۋەلىدى توغان، ھ.ن. ئورخۇن، ئا.جەفەر ئوغىلى، كىلىسلىق رىفات، نەجىپ ئاسىم، ئەلى ئولۇۋى ئېلوۋە؛ غەرپتە بروكېل مان، مارتىن هارتمانغا ئوخشاش نېمىس ۋە ۋىنگىر ئالىملىرى، كېيىنچىرەك بەزى رۇس ۋە فرانسۇز ئالىملىرى ئالاھىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، كوپ ماقالىلار يېزىشتى. ئەسەرنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان تىل، تارىخ، جۇغراپىيە، مىفولوگىيە، فولكلور — خەلق ئەدىبى- ياتى قاتارلىق ماۋزۇلىرى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، كىتاپلار نەشر قىلدى.

10 ـ ئەسىردىن باشلاپ تۈركى خەلقلەرنى پاراكەندە قىلغان ”ئەرەپ قويۇنى“ قارشىسىدا، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناھايىتى مۇستەھكەم بىر گىگانت ئىستىھكام سۈپىتىدە خىزمەت قىلدى. تۈركى خەلقلەرنىڭ ئالىملىرى ئولتۇرۇلدى، تۈركى كىتاپ ئوقۇدى دەپمۇ كوپ كىشىلەر زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى، تۈركى كىتاپلار كويدۈرۈلدى، مەبۇدلىرى ۋەيران قىلىندى. ئەمما تۈركى خەلقلەرنىڭ تىللىرى، ئەدىبىياتلىرى، تارىخ ۋە مەدە- نىيەتلىرى، مەخمۇت قەشقىرىنىڭ بۇ قىممەتلىك ئەسىرى بۇگۈنگە قەدەر ئۇلىشىپ كەلدى.



# موللا بىلال بىننى موللا يۈسۈپ ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى توغرىسىدا

**شەرىپىددىن ئومەر**

موللا بىلال بىننى موللا يۈسۈپ 19 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدىبىياتىنىڭ يىرىك ۋەكىللىرىدىن بىرى.

تارىخي نۇقتىنەزەردىن قارىغاندا، شائىرنىڭ ئىجادىيىتىنى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدىبىياتى بىلەن يېقىنقى زامان ئەدىبىياتىنى بىر بىرىگە باغلاپ تۇرىدىغان هالقا دەپ ئېيتىش مۇمكىن.

ئۇ 1824 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىدە موزدوز ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئاتىسى موللا يۈسۈپنىڭ تەربىيىسىدە باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ غۇلجا «بەيتىللا» مەدرىسىگە كىرىپ ئوقۇپ، ئۆز مىللى تىل ـ ئەدەبىياتىنىلا ئەمەس، بەلكى شەرق خەلق- لىرىنىڭ تىل ـ ئەدىبىيات تارىخىنىمۇ زور كۈچ بىلەن قېتىقىنىپ ئۆگىنىدۇ. بۇ هال شائىرنىڭ ئەدىبي پائالىيىتىنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئوسۇشىگە چوڭقۇر تەسىر كورسىتىدۇ.

موللا بىلال ”نازىم“ دىگەن تەخەللۇس بىلەن 1851 ـ يىلى «غەزەلىيات» (غەزەللەر توپلىمى)، 1875 ـ يىلى «غازات دەر

مۇلكى چىن» (جوڭگودىكى جەڭ)، 1881-يىلى «چاڭموزا يۇسۇپخان» داستانىنى، 1882-يىلى «نوزۇگۇم» قىسسىسىنى يېزىپ چىقتى.

ئەينى زاماندىكى زۇلۇم دۇنياسىنىڭ قانلىق چاڭگىلى مىليونلىغان ئەمگەكچىلەر قاتارىدا شائىر ئائىلىسىنىڭمۇ ھايات نەپىسىنى بوغقان ئىدى. شائىر بۇ ھالىنى «غازات دەر مۇلكى چىن» دىگەن ئەسىرىدە مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

ئوزۇم ئادەملەر پەقىرى ئىدىم،
پەقىرنى دىمەكتۇر ھەقىرى ئىدىم.
بۇ ئەلدە يۇردۇم يامانلار بىلەن،
خارابەت ئىچىدە جاۋانلار بىلەن.
نە ئەگىلىمدە تون بار، نە ئىلكىمدە زەر،
خۇدا خەۋپىتىن ھىچ تاپمايىن خەۋەر.
بۇ قىسمى ئوتۇپ ئومرىمىز نەچچە يىل،
خالايىق ئارا ئانچە خار ۋە زەلىل.

تالانتلىق شائىر نازىمى دەۋرىنىڭ سىياسى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن رەھىمسىز ئېزىشى ئارقىسىدا 70 يېشىدا قارغۇ بولۇپ قالىدۇ. شائىر "تەيپىڭ تيەنگو" قوزغىلىڭىنىڭ بىۋاستە تەسىرىدە، 1863—1864-يىللىرى مەنچىڭ ئىستىبداتىغا قارشى كوتىرىلگەن مەشھۇر ئىلى قوزغىلىڭىغا قاتناشقان ئىدى. خەلق



قوزغىلىڭى چىرىك مەنچىڭ ئىستىبداتى ئۇستىدىن غەلىبە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن چاررۇسىيە گېنىرالى كالپوكوۋسكىنىڭ ئىلىغا بېسىپ كىرىشى بىلەن مەغلۇپ بولدى. چاررۇسىيە جاھانگىرلىگى شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنچىڭ ئىستىبداتىدىنمۇ يامانراق ياۋۇز دۇشمىنى ئىدى.

شائىر چاررۇسىيە گېنىرالىنىڭ ۋەھشى قىياپىتىنى ئۇنىڭ ئوز تىلى بىلەن تۇۋەندىكىدەك ئېچىپ تاشلايدۇ:

ئەۋەتسۇن ماڭا تازا بىكنى تۇتۇپ،
قوساق تويغۇزارمەن قېنىنى يۇتۇپ،

ئەپسۇسكى، ئەزەلدىن شىنجاڭغا تەۋە بولغان ياركەنت، بورغۇجىدىن قورغاسقىچە، كەتمەن تەرەپ ئۇزۇن تامدىن غالچاتقىچە بولغان يەرلەرنى 1888-يىلى مەنچىڭ ھوكۇمىتىنىڭ چاررۇسىيە جاھانگىرلىگى بىلەن تۇزگەن تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىسى بويىچە چاررۇسىيە جاھانگىرلىگى ئىلىۋالدى. مانا شۇ چاغدا ئىلى قوزغىلاڭچىلىرىدىن بىر قىسىم ئادەملەر بىر تەرەپتىن مەنچىڭ ئىستىبداتىنىڭ ئوچ ئېلىشىدىن قورققان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن چاررۇسىيە جاھانگىر ھوكۇمرانلىرىنىڭ مەجبۇرلىشى ئارقىسىدا، بۇرۇنقى ئوز يۇرتلىرىنىڭ بىر قىسمى بولغان يەتتە سۇغا كوچۇپ كەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىسيانكار ئوت يۇرەك شائىر موللا بىلالمۇ بار ئىدى. ئۇ 1899-يىلى يەركەنتتە

ۋاپات بولدى.

خەلقىنىڭ يۇقۇرقى پاجىئەلىك، مۇڭلۇق ھالىتى شائىرنىڭ "كۆچ-كۆچ قوشاق" لىرىدا بىزگە مەڭگۈ يادىكار بولۇپ قالدى.

كەتمەكنى ئىرادە ئەيلەپ،
كىمە ياسىدۇق قاشتا.
ئاق خان بىلەن قارا خان،
ئىتتىپاق ئىكەن باشتا.

ئالمۇتىغا كۆچ دەيدۇ،
بارار يېرىمىز قۇملۇق.
راست گېپىنى قىلمايدۇ،
كۆزى كۆك، بېشى يۇڭلۇق.

قالدى مىڭ جاپا بىلەن،
قوۋغان باغۇ-بوستانلار.
يۇرت-مەلىدىن ئايرىلدۇق،
يۈرەكتە قالدى ئارمانلار.

★

**غەزەلىيات:** بۇ 2016 مىسرادىن ئىبارەت تۈرلۈك مەزمۇنلار-



دىكى لىرىك شېئىرلار توپلىمى بولۇپ، 1851-يىلى توپلام بولۇپ چىققان. شائىر غەزەلىياتنى گەرچە 27 يېشىدا يازغان بولسىمۇ، شېئىرىيىتىنىڭ مەزمۇنلۇقلۇغى، ئۆزىگە خاس باي مىللى پۇراقى، ھەقىقى شېئىرىيەتكە خاس پوئېتىك گۈزەللىككە ئىگە ئىكەنلىگى، ھەجمى جەھەتتىن چوڭلۇغى بىلەن ئۆزىنىڭ تالانتلىق شائىر ئىكەنلىگىنى كۆرسىتىدۇ.

«غەزەلىيات» مەركىزىي ئىدىيە جەھەتتىن ئالغاندا، چوڭقۇر ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە چىن ئىنسانى مۇھەببەت توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شائىر ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى مۇھەببەت لىرىكىسىنى يېڭى مەزمۇن، يېڭى تېما بىلەن بېيىتقان شائىرلارنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇھەببەت لىرىكىلىرىدا شەرق ئەدەبىياتىدىكى، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئەسىردە پەيدا بولۇپ، كېيىن ئەۋج ئالغان ئىسلام دىنىدىكى تەرىقەتچىلىككە قارشى چىقىدۇ، تەرىقەتچىلىكنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ۋەكىللىرى ئەخمەت يەسەۋى، سوپى ئاللايار قاتارلىقلار مۇھەببەتنىڭ ئىنسانلار ئارا بولۇشىنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنى مەۋھۇملاشتۇرۇپ، مۇھەببەت پەقەت ئاللاغا خاس دەپ قارايدۇ ۋە ئۆز شېئىرلىرىدا "ئاللا"غا بولغان ئاتالمىش مۇھەببىتىنى غايىۋىلەشتۈرىدۇ. شائىر ئۇلارنىڭ بۇ ئىدىيالىستىك ئەكسىيەتچى كۆز قاراشلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى رىيال مۇھەببەتنى كونكرېتلاشتۇرۇپ، چىن ئىنسانى مۇھەببەتنى، ئۇنىڭ پاك،

گۈزەللىگىنى ۋە ئۇنىڭ شۇ ئاساسىدا تۇغۇلغان كۈچىنى ئۇلۇغلايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ غەزەللىرىدىكى لىرىك قەھرىمانىنى فېودالىزىم تۈزۈمىنىڭ روھىي تىرىگى بولغان ئىسلام دىنىنىڭ ئاياللارنى پەس كورىدىغان سەپسەتىلىرىگە قارشى قويىدۇ:

لەبى لالە زولالىڭ بىزگە دۇر كىم تەبەھىيون،
ئۆلۈك تەنلەرنى زەندە ئەتكىلى روھى راۋانىمسەن.
بۇ نازىم ئېيتىدۇر، يۈز ئىلتىجا ئەيلەپ نىگارىغا،
ماڭا پەندى-نەسىھەت ئەتكىلى بىر نۇكتا دانىمسەن.

بۇ يەردە شائىر بىرىنچىدىن، لىرىك قەھرىمان ”نىگارى“ نىڭ گۈزەل، پاك ئىشقىدىن قۇدرەتلىك روھىي ئوزۇق ئالسا، ئىككىنچىدىن، ئۇنى ئۆزىگە مەسلىھەت بەرگۈچى ئەڭ سادىق يولداش دەپ قارايدۇ.

شائىرنىڭ لىرىك غەزەللىرىدە فېودالىزىمنىڭ ئەكسىيەتچى ئىدىئولوگلىرى موللا، شەيخ، زاھىتلارنى بىۋاستە ساتىرىك قامچا ئاستىغا ئالىدىغان ۋە ئىسلام دىنىنىڭ قانۇن قىسمى بولغان شەرىئەتكە بىۋاستە جەڭ ئېلان قىلىدىغان مىسرالار كوپ ئۇچرايدۇ:

شەرئىدە زوھىد① سوزى ھەقتۇر، ھەقىقەتتە مېنىڭ،
ئىشقى ئىلى خوشلۇغىدىن ئېرسە، زوھىد ئىلى ناردىر خالاس.
ئىختىيار سەندە بىلال گەرخوشلار ئېرسەڭ ئىشقىنى،

① زوھىد — زاھىد، سوپى.



زاھىدتىن بولغىن خالاس، يوقسا دىلدا زاردىن خالاس.

شائىرنىڭ غەزەللىرىدە بىر تەرەپتىن، چىرىك فېودالىزىم ئۈستىدىن خەلقنىڭ سىياسى، ئىقتىسادىي، مەنىۋى ئېزىلىشلىرى ئېچىنىشلىق، مۇڭلۇق شىكايەت قىلىنسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ چىرىك قورغاننى پاچاقلاپ تاشلايدىغان خەلقنىڭ ئىنقىلاۋىي كۈچى ئىسيانكار لىرىك قەھرىمان سۈپىتىدە نۇرلىنىپ تۇرىدۇ.

**«نوزۇگۇم» قىسسىسى:** شائىر بۇ ئەسىرىنى 1882-يىلى يازغان. شائىرنىڭ ئىجادىيەت تېمىسى تەرىپىدىن ئېلىپ قارىغاندا، ئۇ «غەزەلىيات»تا يارىتىلغان ئايالللار ئوبرازىنىڭ بىۋاستە داۋامى، ئىدىيە جەھەتتىن يۇكسەك دەرىجىگە كوتىرىلىشى. «غەزەلىيات» تىكى لىرىك يار ئوبرازى جىسمانى، مەنىۋى جەھەتتىن گۈزەل بولۇش بىلەن بىللە ئۆز مۇھەببىتىگە چىن دىلىدىن مەڭگۇ سادىق، ئۇ ۋەتەنىنى، ئەمگەكىنى قىزغىن سۆيىدۇ، ئۇ فېودالىزىمنىڭ مۇتەئەسسىپ ۋەھشى ئىسكەنجىسىدە سىياسى، ئىقتىسادىي، مەنىۋى جەھەتتىن چەكسىز ئېغىر پاجىئەلىك تەقدىرگە دۇچ كەلگەنلىگى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۈستىدىن قانلىق شىكايەت قىلىدۇ. بەزىدە روھىي ئىسيانكارلىق قىياپىتى بىلەنمۇ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. لېكىن ئەمەلىي ھەركەتكە ئوتمەيدۇ. شۇنىڭدەك ئۇ لىرىك قەھرىمان پەللىسىدىن ئېپىك قەھرىمان پەللىسىگىمۇ كوتىرىلمەيدۇ.

ئەمدى «نوزۇگۇم» قىسسىسىگە كەلسەك، بۇنىڭدىكى قەھرىمان ئالدى بىلەن ئېپىك قەھرىمان. ئۇ «غەزەلىيات» تىكى لىرىك

قەھرىمانلارغا ئوخشاش فېودالىزمنىڭ روھىي ئىسكەنجىسى ئۈستىدىن قانلىق شىكايەت قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى فېودالىزم تۈزۈمىنى قولغا قورال ئېلىپ پاچاقلاپ تاشلاشقا ئاتلانغان قەيسەر جەڭچى. ئۇ 1826-يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدا مەنچىڭ ئىستىبداتىغا قارشى كوتىرىلگەن قوراللىق قوزغىلاڭغا قاتنىشىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەھرىمانلىق پەزىلىتىگە مۇناسىپ ئىش قىلىپ، ئىس-تۈتەك قاپلىغان ئازاتلىق جەڭ ئاكوپلىرىنىڭ بىرىدە ياش توكمەي، باش ئەگمەي كۇرەش قىلىپ، ئاخىرى ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىپ، 10 مىڭلىغان گۇناسىز ئەر-ئايال، نارىسىدە باللار بىلەن ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنىدۇ. ئۇ يۇلتۇزغا كەلگەندە قېچىپ، يەنە موڭغۇل، سولان ئىستىبداتچىلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ، بىر سولان ئەمەلدارىغا مەجبۇرى نىكا قىلىنغاندا، پاك ئىنسانى ئازاتلىق، ئەركىنلىك يولىدا مىللى غۇرۇرى ۋە ئىپپەت-نومۇسىنى ساقلاپ، ئەمەلدارنى بوغۇزلىۋېتىپ قاچىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ھەركىتى پۈتۈن ئىلىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ، ئىلى ئەمەلدارلىرىنى ئالاقزادە قىلىۋېتىدۇ. بۇ ھال قىسسىدە نوزۇگۇم ئېغىزىدىن مۇنداق بېرىلىدۇ:

ئالتاي ياتىم خامانىدا،
نان يۇشۇردۇم سامانىدا.
ئاجىز نوزۇگۇم جاڭگالىدا،
ئانام يۈرەر قايانىدا.



يايى چىقتى تۇتقىلى،
ئەجدار بولۇپ يۇتقىلى.
ئون بەش يايى كېلىپتۇ،
نوزۇگۇمنى تۇتقىلى.

نوزۇگۇمنىڭ ئازاتلىق، ئەركىنلىك بىلەن سۇغۇرۇلغان ئىرادىسىنى مەنچىڭ ئىستىبداتچىلىرىنىڭ ھەرقانداق جازاسىمۇ، تۇرمىسىمۇ سۇندۇرالمايدۇ. ئۇ ئازاتلىق، ئەركىنلىك ئۈچۈن قۇربان بولۇشنى ئەڭ ئالى شەرەپ دەپ بىلىدۇ. شائىر ئۇز دۈشمەنلىرى بىلەن تامچە قېنى قالغىچە تىز پۈكمەي جەڭ قىلغان بۇ ئازاتلىق جەڭچىسىگە تولۇپ تاشقان ئۈمىتۋارلىق بىلەن مەدھىيە ئوقۇپ قىسسىسىنى تاماملايدۇ:

ئانداق بولسا خاتۇن سالىم پاك①،
مانجۇلار زۇلمى ئاڭادۇر باك②.
بۇنىڭدەك بولسا خاتۇنلار پائالى③،
تاپار جەننەت بوزەنلەردىن كامالى④.

① سالىم پاك — تازا، پاك.
② باك — كېرەكسىز، قورقىتالمايدۇ.
③ پائالى — پائالىيەت.
④ كامالى — كامالەتكە يەتكەي.

نوزۇگۇم روھىغا ھەق رەخمەت ئېيتسۇن،
شېھىت ئالى ئېھكامى① ئوزرە پۈتسۇن.

شائىر بۇ ئەسەردە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا بىرىنچى بولۇپ، ئازاتلىق جەڭچىسىنىڭ جەڭگىۋار ۋەتەنپەرۋەرلىك خىسلەتلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن 19-ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئايالىنىڭ تىپىك، گۈزەل ئوبرازىنى ياراتتى دېيىشكە بولىدۇ.

**غازات دەر مۈلكى چىن:** بۇ شائىرنىڭ ئەڭ يىرىك ئەسىرى بولۇپ، 1875-يىلى يېزىلغان. بۇ ئەسەردىن شائىر ئىجادىيىتىدىكى ئىككى چوڭ بۇرۇلۇشنى كۆرۈشىمىز مۇمكىن: بىرىنچى، ئۇ ئەمدى پەقەت كىچىك لىرىك شېئىرلارنىلا ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىي سىنىپىي ھېسسىياتنى تەپسىلىرەك، مۇكەممەلرەك ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان سيۇژىتلىق (ۋەقەلىك) ئەسەر يېزىش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن؛ ئىككىنچى، ئۇنىڭ دۇنياقارىشىدا چوڭ بۇرۇلۇش بولغان. ئۇ «غەزەلىيات»تا كۆپرەك ئىشقى-مۇھەببەت تېمىسى ئەتراپىدا ئايلىنىپ، ئوتتۇرا ئەسىر سىنىپىي كۈرىشىدە ئىپادىلەنگەن خەلقچىللىقنىڭ بىۋاستە سىنىپىي مەنبەسىگە يېتىپ بارالمىغان ئىدى.

ئوتتۇرا ئەسىردىكى سىنىپىي كۈرەش ئەمگەكچى دېھقانلار-

① ئېھكامى — مۇقامى.



نىڭ فېودالىزمنىڭ ئىستىبدات ئاسارىتىگە قارشى ئىنقىلابىي كۈرەشلىرى بولۇپ، بۇ ئىنقىلابىي كۈرەش ئوتتۇرا ئەسىرلەر تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ئىدى. يولداش ماۋ زېدۇڭ مۇنداق دېگەن ئىدى: "جۇڭگو فېوداللىق جەمئىيىتىدە پەقەت دېھقانلارنىڭ بۇ خىل سىنىپىي كۈرىشى، دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە دېھقانلار ئۇرۇشلىرىلا تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ھەقىقىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچىسى ئىدى". مۇنداق دېھقانلار ھەرىكىتى ئىدىيە جەھەتتىن خەلقچىللىقنى بايراق قىلغان ئىدى.

خەلقچىللىق ئوتتۇرا ئەسىردە كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ، ئالدى بىلەن نامرات دېھقانلارنىڭ فېودال، ئاقسۆڭەك، زېمىندار، سۈتخور ۋە مۇتەئەسسىپ كۈچلەرگە ھەم فېودالىزمنىڭ تۈۋرۈكى بولغان ئىسلام دىنىغىمۇ قارشى ئىسيان تۇغى ئىدى. تارىختا ئۆتكەن نۇرغۇن دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى مۇشۇ ئىسيان تۇغىنى مەشئەل قىلغان ھالدا تارىخقا يېزىلىپ كەلدى.

شائىر ئۆز ئەسىرىگە تارىخنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولغان ئەنە شۇ دېھقانلار قوزغىلىڭىنى تېما قىلىپ، ئۇنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە كىرىشتى. بۇ ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ ئالاھىدە چوڭقۇرلاشقانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. شۇنداق قىلىپ، شائىر «غازات دەر مۈلكى چىن» داستانى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا چوڭ ئىجتىمائىي سىياسىي تېمىنى ئېلىپ كىردى.

چىرىك مەنچىڭ ئىستىبداتى دەۋرىدە، يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، پۈتۈن جۇڭگو ئىنتايىن ئېغىر زۇلمەت ئاستىدا

ئىدى. تارىخنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان خەلق زۇلۇم ئالدىدا سۈكۈتتە تۇرۇۋەرمىدى.

1851-يىلى قوزغالغان تەيپىڭ تيەنگو قوزغىلىڭى پۈتۈن ئېلىمىز تۇپرىقىغا ھورلۇك، ئازاتلىق ئىسيانىنىڭ يالقۇنىنى چاچتى، ئۇنىڭ تەسىرىدە 1861 — 1862-يىللىرى گەنسۇ خۇيزۇ ئەمگەكچى دىخانلىرى قوزغىلاڭ كوتىرىپ، مەنچىڭ ئەمەلدارلىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. بۇ قوزغىلاڭنىڭ يالقۇنى چاقماق تېزلىكىدە تيانشاننىڭ جەنۇپ، شىمالىغا يېتىپ كەلدى-دە، 1862-يىلى كۇچاردا، 1864-يىللىرى قەشقەر، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپاندا ۋە 1864-يىلدىن 1867-يىللىرىغىچە ئىلىدا خەلق قوزغىلاڭلىرى بولۇپ ئۆتتى. موللا بىلال نازىمىنىڭ «غازات دەر مۇلكى چىن» داستانى ئىلىدا بولۇپ ئۆتكەن مەنچىڭ ئىستىبداتىغا قارشى دىخانلار قوزغىلىڭىنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ.

قوزغىلاڭ ئىشتىراكچىلىرىدىن بىرى بولغان شائىر بىلال بۇ ھەقتە بىر چوڭ ئەسەر يېزىشنى كوڭلىگە پۈكۈپ، قوزغىلاڭ ۋاقىتلىرىدىلا ماتېرىيال توپلىدى. بۇ ھەقتە ئۇ:

يۇرۇپ بۇ بىلال بۇ جەھەد① ئىچىرە كوپ،
پۈتىپ دەپتىرى ئىچىدە ئالدى كورۇپ، — دەيدۇ.

شائىر بۇ ئەسەرنى يېزىشقا ئۇزۇندىن تەييارلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئەسەرگە كىرگۈزۈلمەكچى بولغان ۋەقەلەر دائىرىسىنى

① جەھەد — جەڭ.



ئۇنىڭ تارىخىي باغلىنىشى، ۋەقەلىكنىڭ كېلىپ چىقىش ئىجتىمائىي سەۋەپلىرى، سىنىپىي تەبىقىلەرنىڭ قوزغىلاڭدا تۇتقان سىنىپىي مەۋقەسى ۋە ئۇلارنىڭ رولىنى ئىنچىكىلەپ تەپسىلىي ئۇگىنىپ، ئۇنى ئۆز ئەسىرىدە بەدىي رىياللىققا ئايلاندۇرۇپ، تىپىك شارائىتتىكى تىپىك قەھرىمانلارنى ياراتالىغان.

ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى، بەدىي ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرسى شۇكى، ئەسەردە ئۆز جەمىيىتىنىڭ ھەركەتلەندۇرگۈچ كۈچى بولغان خەلق باشتىن-ئاخىر جەمىيەتنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى بايلىقىنى ياراتقۇچى، ئىنقىلاپنىڭ ئاساسىي كۈچى، ئىنقىلاپنىڭ رەھبەرلىرىنى ياراتقۇچى، ئۇلارغا ئەقىل-ئىدرەك بەرگۈچى مەنبە قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ. مەسىلەن، ئىنقىلاپنىڭ باش رەھبىرى ئابدۇرۇسۇل بەگنى كونا ھاكىم مەزامزات چىڭخانلىقى ئەمەلدارى بىلەن تىل بىرىكتۇرۇپ، سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۇرگەندىن كېيىن، قوزغىلاڭ جەريانىدا خەلق ئىچىدىن ئەلا پالۋان ئۇسۇپ چىقىپ سۇلتان بولۇپ، خەلققە تايىنىپ مەنچىڭ ئىستىبداتىنى يېڭىپ، چارروسىيە باسقۇنچىلىرى بىلەن ئاخىرىغىچە جەڭ قىلىدۇ. بۇ جەڭدە سادىر پالۋان باياندايى سېپىلى ئاستىغا لەخمە كولاپ دورا بىلەن پارتلىتىش ئارقىلىق مەنچىڭ ئىستىبداتىنىڭ مۇستەھكەم قورغانلىرىنى ئالىدۇ. ئەسەردە باش قەھرىمان خەلقنىڭ، قوزغىلاڭنىڭ رەھبىرى ھەم ئۇنىڭ بىر ئاددى ئەزاسى، خەلق ئۇلارنىڭ پۈتمەس-تۈگىمەس كۈچ-قۇۋۋىتى، ئەقىل-ئىدرىكىنىڭ مەنبەسى قىلىپ

تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ رىيال ھايات لوگىكىسىغىمۇ ئۇيغۇن كېلىدىغان مۇتلەق ھەقىقەتتۇر. بۇ ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى ۋە بەدىي قىممىتىمۇ دەل مەشەدە!

ئەپسۇسكى مىڭلاپ قوزغىلاڭچىنىڭ قېنى ۋە جېنى بەدىلىگە كەلگەن كۇرەش مىۋىسى چاررۇسىيە جاھانگىرلىگىنىڭ ياۋۇز گېنىرالى كالپوكوۋسكىنىڭ 1871-يىلى 5-ئايدا ئىلىغا بېسىپ كىرىشى بىلەن ۋەيران بولدى. خەلق بىلەن تەقدىرداش شائىر:

تامامى دەرتمەن ئېيتقاي مۇنى،
كوزدىن ئاققۇزغان جىگەر قاننى،
بىراۋنىڭ بولۇپتۇ ئاتاسى شەھىد،
بولۇپ بەزىلەرنىڭ بالاسى شەھىد،
بىراۋ ئايرىلىپتۇ قېرىنداشتىن،
كىجاندىن ئەزىزدەك كوكۇلداشتىن①،
ئىشىتسە دىلى تىز يارا بولار،
نە يارا بولار بەلكى پارا بولار.

دەپ خەلق دەردىگە چىن يۇرىگىدىن ئېتىلىپ چىققان ئېچىنىشلىق ھىسسىيات بىلەن مۇڭداش بولىدۇ.

لېكىن ئوتكەن ئەسىرنىڭ مۇدھىش قوينىدا خەلقچىلىقنى

① كوكۇلداش — قېرىنداش، ئۇرۇقداش مەنىسىدە.



ئوزىگە مەشئەل قىلىپ، ئوز تەقدىرى ئۇچۇن جەڭ قىلغان دېخانلار قوزغىلاڭچىلىرى تارىخنى ئىلگىرى سۇرۇپ، تۇنى قوغلاپ، تاڭنى يېقىنلاشتۇرغىنى ئۇچۇن، تارىخ بېتىدە مەڭگۇ يادلىنىپ تۇرىدىغانلىغىنى چوڭقۇر ھىس قىلغان شائىر داستانىنى توۋەندىكى مىسرالار بىلەن تاماملايدۇ:

ھەر كىشى ئىش قىلسا ئەمەس مەنىسىز،
مەنىسىنى بىلگۇسىدۇر بەتامىسىز،①
ھەر سوزۇم كىم؟ ئوتسە پىتىپمەن تامام،
ئەھلى خىرەتلەرگە②دىدىم مەن سالام.

**چاڭموزا يۇسۇپخان:** شائىر بۇ داستاننى 1881-يىلى يازغان، بۇ چاغ شائىرنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىنىڭ قۇرامىغا يەتكەن ۋاقتىغا توغرا كېلىدۇ.

«چاڭموزا يۇسۇپخان»نى 19-ئەسىر ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئەڭ ئۇتۇقلۇق چىققان ساتىرىك ئوبراز دېيىشكە بولىدۇ. بۇنىڭ ئەسلى مۇناپىق غوجىلار توغرىسىدا خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۇرگەن ھەجۋى لەتىپە ئىدى. شائىر ئەنە شۇ ۋەقەلىكتىن پايدىلىنىپ، ئۇزاقتىن بېرى كوڭلىدە پۇكۇپ

① بىكامىسىز — تەمسىز.
② خىرەت — ئەقىللىق.

كەلگەن مۇدداسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. چۈنكى، ئۇ ئىلى قوزغىلىڭىدا دىنىي نىقاپ بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان شاۋكەت ئاخۇن، ياگور ئاخۇن ۋە چەتتىن كىرگەن ئەخمەت خوجا، ماخمۇت پوچىلارنىڭ مۇناپىقلىق بىلەن تولغان "ھىكمەتلىرى"نى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بولسا، تارىختىن بېرى خەلق قوزغىلىڭىغا خوجا ئەۋلادى نىقاۋى بىلەن ئارىلىشىپ "توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلىغان" ئاپپاق غوجا، بۇزرۇك غوجا، جاھانگىر غوجىلارنىمۇ بىلەتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى جاھانگىرلارنىڭ دىنىي نىقاپقا ئورالغان مالايلىرى ئىدى. چاڭموزا يۇسۇپخان ئەنە شۇ غوجىلارنىڭ ئەكسىيەتچى ماھىيىتىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن تىپىك ساتىرنىڭ ئوبرازى.

شائىر ئۇنىڭ داغدۇغىلىق "سىرلىق" سىرتقى كۆرۈنۈشى بىلەن ئىچكى ماھىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ئۇستىلىق بىلەن ئېچىپ تاشلاپ، غوجىلارنىڭ ئەسلى ئەكسىيەتچى ماھىيىتىنى پاش قىلىدۇ. بۇ ئەسەرنى 19 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تەنقىدىي رېئالىزمنىڭ ئەڭ ياخشى نەمۇنىلىرىدىن بىرى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

* * *

موللا بىلال نازىمى شېئىرىيىتىدىكى ئەڭ چوڭ بىر خۇسۇسىيەت ئۇنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن بىۋاستە ئوزۇق ئېلىپ، خەلق بىلەن تەقدىرداش بولغان ھالدا خەلق قەلبىگە قايتا



سىڭىپ كەتكەنلىكى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنىڭ خېلى نۇرغۇن شېئىرلىرى خەلق ئارىسىغا تارقىلىپ، خەلق ئەدەبىياتىغا ئايلىنىپ، تا ھازىرغىچە خەلق ئارىسىدا ناخشا قىلىپ ئېيتىلىپ كەلمەكتە. مەسىلەن:

بازارغا يوللىرىڭ بولسۇن،
قىزىل گۈل ھەمرىيىڭ بولسۇن،
سېنىڭدەك نازىنىن يارغا،
مېنىڭدەك قۇللىرىڭ بولسۇن.
..................................
گۈلمىدى، غۇنچەمىدى باشىڭدىكى،
كېچىلەپ تونالمىدىم كىملەر ئىدى قاشىڭدىكى.
..................................

شائىرنىڭ بەزى شېئىرلىرى ھەتتا خەلق تەمسىللىرىگە ئايلىنىپ كەتكەن:

ئىرغاي بىلەن ئېلىپ بولماس سايىنىڭ تېشىنى،
دەرت كەلگەندە سىغىرىپ بولماس كۆزنىڭ يېشىنى.

شائىر ئىجادىيىتىدىكى بۇ ھال تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ قارىغاندا، ئۇنىڭ مەيدانى دۇنياقارىشى بىلەن باغلىنىدۇ. ئۇ ئېزىلگۈچى

سىنىپتىن — كەمبەغەل موزدۇز ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ سىنىپىي ئورنى ئۇنى مۇقەررەر ھالدا ئەمگەكچى خەلق بىلەن تەقدىرداش قىلىپ، ئۇنىڭ كۆزقارىشىنى شەكىللەندۈردى. ئۆتمۈش فېئوداللىزىم جەمئىيىتىدىكى خەلقنىڭ پاجىئەلىك سەرگۈزەشتىلىرى دەل شائىرنىڭ ئۆمۈر بويى بېسىپ ئۆتكەن ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرى بولۇپ كەلدى. شائىر ئىدىئولوگىيە جەھەتتە ئەنە شۇ خەلق ئىنقىلاۋى ھەركىتىدە پەيدا بولغان دېموكراتىك ئاڭ بىلەن سۇغۇرۇلۇپ، ئۆزىنىڭ سىياسى ھەم ئىستېتىك قاراشلىرىنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ، ئەسەر يارىتىپ خەلق ئىنقىلاۋى تارىخىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ياردەم بەردى. شۇڭا ئۇنىڭ ئىجادى خەلق بىلەن تەقدىرداش بولۇپ، خەلق ئىچىگە سىڭىپ كىرەلىدى.

شائىرنىڭ پۈتۈن ئىجادىيىتىدىن ئېيتقاندا، ئۇسلۇبى يېنىك، تىلى چۈشىنىشلىك. ئۇ ئاددى لېكىن تەمسىل خاراكتېرلىق سۆزلەرنى ئىشلىتىپ، روشەن، جانلىق ئوبرازلارنى ياراتتى. ئۇ شېئىرىيەت جەھەتتە داستان، غەزەل، مەسنەۋى، مۇخەممەس، رۇبائى شەكلىدە ئەسەرلەر يازدى. ئۇ بارماق ۋەزنىدىن باشقا ئارۇز ۋەزنىمۇ پىششىق ئىگەللىگەن شائىر. ئۇ يىرىك ئەسىرى «غازات دەر مۈلكى چىن»نى ئارۇز ۋەزنىنىڭ ”تە قارىب“ شەكلى بىلەن يازغان.

بىلال نازىمنىڭ ئەسەرلىرى ئۇلۇغ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ باي مەدەنىيەت غەزنىسىگە قوشۇلغان بىر بايلىق ھېسابلىنىدۇ.



شائىرنىڭ ئەسەرلىرى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىشتىلا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر تىلى، ئۇيغۇر تارىخىنى ئۆگىنىشتىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

لېكىن، موللا بىلالنىڭ ئۆزىمۇ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىمۇ فېئوداللىزىم ئىجتىمائى مۇناسىۋەتلىرىنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا، بىز ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە ماركسىزىملىق سىنىپىي نۇقتىنەزەر بىلەن تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىشىمىز كېرەك. بۇ نۇقتىدا قىلچىمۇ ئىككىلىنىشكە بولمايدۇ. ئەنە شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ كۆزقارىشىدىكى چوڭ ئاجىزلىقنىڭ بىرسى شۇكى، ئۇ سىنىپىي مۇناسىۋەتلەرگە دىنىي نۇقتىنەزەر بىلەن ياندىشىدۇ. بۇ ھال كۆپرەك ئۇنىڭ يىرىك ئەسىرى بولغان «غازات دەر مۈلكى چىن» ئەسىرىدە ئۇچرايدۇ. بۇ ئەسەردە ماھىيەت جەھەتتىن ئالغاندا، مەنچىڭ ئىستىبداتىدا ھۆكۈمران گۇرۇھنى مەركەز قىلغان موڭغۇل ۋە يەرلىك مىللى ھۆكۈمران گۇرۇھلار بىلەن شىنجاڭدىكى ئېزىلگۈچى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئارىسىدىكى جىددى سىنىپىي كۈرەش ئاساسىي ئورۇننى ئىگەللىسىمۇ، بەزەن جايلاردا ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلغۇچىلار بىلەن ئېتىقات قىلمىغۇچىلاردىن ئىبارەت ئىككى دىنىي مەزھەپ ئارىسىدىكى كۈرەش تۈسىنى ئالىدىغان جايلارمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ خاتالىقتا بىلال ياشىغان دەۋر، شارائىت بىلەن ئىجتىمائى مۇناسىۋەتلەر چەكلىمىسىدىن ئايرىپ قارالسا ئەلۋەتتە خاتا بولىدۇ.

شائىر ھاياتىدىكى نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەرنى ”خۇدانىڭ قۇد-

رىتى" دەپ قارىغانلىغى، شېرىيىتىدىكى بەزەن ئۇچرايدىغان ئۈمىتسىزلىك ئۇنىڭ دۇنياقارىشىدا ئىسلام دىنى تەسىرىنىڭ خېلىلا ئېغىر ئىكەنلىگىنى كورسىتىدۇ. لېكىن بۇ هال ئۇنىڭ خەلق مەيدانىدا، خەلق بىلەن تەقدىرداش، هەمنەپەس بولۇپ تۇرۇپ، بۈيۈك رىيالىست سۈپىتىدە ياراتقان ئەسەرلىرىنىڭ قىممىتىنى چۈشۈرەلمەيدۇ.

ئۇ ئۆز زامانىسىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك، ئازاتلىق-ئەركىنلىك ئىدىيىلىرىنى ئالغا سۈرگۈچى رىيالىست، دېموكرات شائىردۇر.



# ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ تارىخى ۋە ئۇنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا

**مەخمۇت زەيدى**

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىۋى قىسمى بولغان ناخشا-قوشاقلار ناهايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئىرادىن ئىلگىرىلا ئۇيغۇر ناخشىلىرى ئىچكى ئولكىلەرگە كىرگەن. ئەڭ ئاۋۋال خۇاڭخېنىڭ شىمالىي ساھىلىگە كىرگەن، ئۇ يەردىكى خەلقنىڭ زوقىنى تارتقان. دىمەك، ئۇيغۇر ناخشا-قوشاقلىرى ناهايىتى قەدىمقى زامانلاردىن بۇيان ئېغىزدىن-ئېغىزغا، ئەۋلاتتىن- ئەۋلاتقا مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان بايلىق ھىساپلىنىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى دۇنيادا قوشاقچىلىغى بىلەن داڭ چىقارغان، يۇقۇرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن تارتىپ، تاڭ، سۇي ۋە چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىگىچە غەربىي رايون (شىنجاڭ)غا كوپ قېتىم ئىلمىي تەكشۈرگۈچىلەر كېلىپ، ئۇيغۇر مەدىنىيىتى، جۈملىدىن ناخشا-قوشاقلىرى ھەققىدە ئۇچمەس

خاتىرلەر قالدۇرغان.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11-ئەسىرگە تەۋە مەشھۇر ئىككى ئالىمى — مەخمۇت قەشقىرى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۇلۇغ ئەسەرلىرىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئارزۇ-غايىسى، مەدەنىيىتى، پەلسەپىۋى قاراشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بولۇپمۇ مەخمۇت قەشقىرىنىڭ كىتاۋىدا كۆپلىگەن ماقال-تەمسىل، قوشاقلار خاتىرلەنگەن. بۇ خىل ئەدەبىي پارچىلار كۆپ خىل بولۇپ، مەزمۇن ۋە بەدىىلىكى جەھەتتىن بىزنىڭ قېتىقىنىپ ئۆگىنىشىمىزگە، تەتقىق قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. ئۇ، ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىشتىكى مۇھىم قوللانما ۋە يۈكسەك نەمۇنىدۇر. بۇ ئەسەر بىزگە ئېتنوگرافىيە جەھەتتىنمۇ كۆپلىگەن ماتېرىياللارنى بېرەلەيدۇ. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە خاتىرلەنگەن تۆۋەندىكى قوشاقلارنىڭ تەرجىمىسىگە كۆز يۈگۈرتەيلى:

يىگىتلەرنى ئىشلىتىپ،
ياغاچ، مىۋە ئىرغىتىپ،
قۇلان-كىيىك ئاۋلىتىپ،
بايرام قىپ دىل ئاچايلى.

يىغا ئوتىن ئوچۇرگەن،
ياۋ ئوردىسىن كوچۇرگەن،
ئىشنى ئۈزۈپ پۈتتۈرگەن،
ئەرنى ئۆلۈم ئىپ كەتتى.



باتۇر ئەرتوڭا ئۆلدىمۇ،
ۋاپاسىز دۇنيا قالدىمۇ،
پەلەك ئۇچىنى ئالدىمۇ،
ئەمدى يۈرەك تىلىنۇر.

كورکەم تونۇڭ ئۆزەڭگە،
تاتلىق ئىشىڭ ئۆزگىگە،
تۇتقىن ئەزىز مىھماننى،
يايسۇن داڭقىڭ ئەللەرگە.

يۇقۇرىدىكى قوشاقلارنىڭ 1-سىدە بىزنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ باشلانغۇچ جامائە دەۋرىدىكى ئوۋچىلىق تۇرمۇشى ئىپادىلەنگەن. بۇ جەھەتتىن بۇ خىل قوشاقلارنى بىر قەدەر قەدىمقى دەۋردە مەيدانغا كەلگەن، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. 2-كۇپلېت قوشاقتا يىغا-ئۇرۇش ئوتىنى ئوچۇرگەن، دۈشمەنلەرنى قاچۇرغان باتۇرغا مەرسىيە ئوقۇلغان. ئۇنىڭدىن كېيىنكىلىرىدە ئادەمگەرچىلىك، مىھمان دوستلۇق، مۇھەببەت كۈيلەنگەن. دېمەك، ئۇيغۇر قوشاقلىرىنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزاق بولۇپ، ئۇنى ھەرگىزمۇ مەخمۇت قەشقىرى ياشىغان دەۋر، يەنى 11-ئەسىر بىلەنلا چەكلەپ قويغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭدىكى قوشاقلار مەخمۇت قەشقىرى ياشىغان دەۋردىن بىرقانچە ئەسىر ئىلگىرىكى تارىختىنمۇ مەلۇماتلار بېرىدۇ، دېيىش مۇمكىن.

ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ ئانىسى بولغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، جۈملىدىن ناخشا-قوشاقلار ئەنە شۇنداق ئۇزۇن تارىخىي باسقۇچلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، بۈگۈنگە يېتىپ كەلگەن. بىزنىڭ يازما ئەدەبىياتىمىز ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئوزۇقلىنىش، ئىلھاملىنىش ۋە ئۇنى ئۆگىنىش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ھەم تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكى ھالەتكە يەتكەن. قىسقىسى، يازما ئەدەبىياتنى ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ. ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخى ئىككى جەھەتنى، يەنى ئېغىز ئىجادىيىتى ۋە يازما مەدەنىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا، ھەرقايسى دەۋرلەردە شۇ دەۋر روھىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن بولىدۇ. «تاھىر-زوھرە»، «غېرىپ-سەنەم» قاتارلىق خەلق داستانلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۈگۈندىن بىرقانچە يۈز يىللار ئىلگىرىكى ھاياتىنى سەنئەت شەكلى بىلەن ھەر تەرەپلىمە ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئىستېتىك كۆز قاراشلىرىنى، فېئوداللىق تۈزۈمگە بولغان قارشىلىقىنى، بولۇپمۇ فېئوداليزم ئاسارىتىگە قارشى ئىنسانىي مۇھەببىتىنى، ئىناق ئائىلە مۇناسىۋىتىنى — ئەر-ئاياللارنىڭ باراۋەرلىكىنى تەشەببۇس قىلغان. بۇ داستانلارنىڭ ئاساسىي قىسمى نەزمە شەكلى بىلەن يېزىلغان. ناخشىلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

تاھىر بىلەن زوھرە، غېرىپ بىلەن سەنەم خەلق ئاممىسىنىڭ چىن دىلىدىن يارىتىپ سۆيگەن قەھرىمانلىرى. ئۇلار باتۇر، ئادالەتپەرۋەر. ئۇنىڭدىن باشقا سادىر پالۋان بىلەن نوزۇگۇم



قاتارلىق قەھرىمانلارمۇ ناخشا-قوشاقنى كۈرەش قورالى قىلىپ جەڭ قىلغان خەلق قەھرىمانلىرىدۇر. بىز بۇلارنىڭ قوشاقلىرىنى ئوقۇغاندا 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئەمگەكچى خەلقنىڭ مەنچىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى بىلەن ئۇچراشقاندەك بولىمىز.

ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى يالقۇنلىنىپ تۇرغان «كوچمەنلەر ناخشىسى»نى ئالىدىغان بولساق، بۇ ناخشا-قوشاقلار شىنجاڭ ھەرمىللەت خەلقىنىڭ چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى غەزەپ-نەپرىتىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز ۋەتىنىگە بولغان چەكسىز مۇھەببىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

ئىلىدىن چىقىپ كېلىپ،
يانبۇلاقتىن قايرىلدۇق.
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يەرلەردىن
ئۆلمەي تىرىك ئايرىلدۇق.

ئۇرۇس ھارۋىسى دەيدۇ،
ئالدى چاقى پەس ئىكەن.
كىشىنىڭ يۇرتىغا بېرىپ،
كۈن ئالماقمۇ تەس ئىكەن.

بۇ قوشاقلاردا چارروسىيە تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ زۇلمىغا قارشى

(1871 — 1881 - يىللاردىكى) ئەھۋاللار ئىپادىلەنگەن بولۇپ،
شۇ يىللاردىكى ئېغىر كۈنلەر ئەسلەنگەن.

ئۇيغۇر خەلقى ئەسىرلەردىن بۇيان ئۆزىنىڭ بەخت - سائا-
دەتلىك تۇرمۇشىنى يارىتىش يولىدا ھارماي - تالماي كۈرەش
قىلىپ، بۇ يولدا كۆپ قۇربانلار بەردى. قەھرىمانلىقنى، باتۇر-
لۇقنى مەدھىيىلەيدىغان نۇرغۇن ناخشىلارنى، داستانلارنى
ياراتتى. يۇقۇرىدا ئېيتىلغانلاردىن تاشقىرى سىيىت نوچى،
مايىمخان، گۈلەمخان، ئالىمخان... لار توغرىسىدىكى ناخشا-
قوشاقلار (داستانلار) بۇ سۆزىمىزنىڭ ئىسپاتى.

سىيىت نوچى تۇردى يەڭ،
ئىسيانچىلار سېپى كەڭ،
كۈچلەر بىلەن بىرلەشسەڭ،
دۈشمەنلەر كېلەلمەس تەڭ.

جەسۇر ئوغلان ئامان بول،
كۈرەش ساڭا ئاچقاي يول.
ئىسيانىڭغا مەدەتكار،
جېمى يوقسۇل، غېرىپ، قۇل...

(«سىيىت نوچى» داستانىدىن.)

ياكى:



گۈلەمخاننىڭ تۇرغان يېرى ئويمان بولاقتۇر،
گۈلەمخاننى زورلاپ ئالغان شاڭيو چولاقتۇر.
راھەت كورۇش زالىملارنىڭ ھەققى دىمەڭلار،
ئەلەم تارتىش كەمبەغەلگە باقى دىمەڭلار.

قاتارلىق ناخشىلارنىڭ ھەربىرسى خەلقىمىزنىڭ ئۇزاق تارىخىي
سەھىپىسىنى كورسىتىپ، ھەر قېتىم ئاڭلانغاندا ئاشۇ تارىخىمىزنى
بىرقېتىم ۋاراقلىغاندەك ھىس قىلدۇرىدۇ. بۇ قوشاقلارغا
خەلقنىڭ غايە - ئۇمىدى سىڭدۈرۈلگەن. سوزلىرى ئىخچام ۋە
تاللانغان، ئەڭ جاراڭلىق ھەم ھىسسىياتنى ئىپادىلەيدىغان
چۈشىنىشلىك تىل بىلەن يېزىلغان. شۇڭلاشقىمۇ كىشىنىڭ
ئېسىدە ئاسان قالىدۇ.

بۇ خىل تارىخىي قوشاقلارنىڭ كوپچىلىگى مۇھەببەت تېمىسىغە
بېغىشلانغان بولۇپ، مۇنداق بولۇشىنىڭمۇ تارىخىي سەۋەپلىرى
بار. ئوتمۇش كونا جەمىيەتتە تەڭسىزلىك ھوكۇم سۇرەتتى،
ئەركىن مۇھەببەتكە، ئىناق ئائىلە قۇرۇش يولىدىكى ئىلغار
ئىدىيىلەرگە يول قويۇلمايتتى. فېئودالىزىمغا، خۇراپاتلىققا قارشى
كۈرەشكۈچىلەر ئەزگۈچى ھوكۇمرانلار تەرىپىدىن قارىلىنىپ،
ھاقارەتلىنىپ زىندانلارغا تاشلىناتتى. ئەزگۈچى سىنىپلار ئوز-
لىرىنىڭ ئەيش - ئىشرەتلىك تۇرمۇشىغا كەڭ يول بېرىپ،
ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەركىن ئائىلە قۇرۇش، ئوز سۆيگۈسىنى
ئىزھار قىلىشىغا يول قويمايتتى. ئۇلار تۇرلۇك نىقاپلار، دىنىي

قائىدىلەر بىلەن ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەركىنى بوغۇپ، چۇشەپ قويۇشقا ئىنتىلەتتى.

بەگلىرىم بەگلىكتە قالدى،
دوغىسى ئالۋاڭ بىلەن.
ئاخۇنۇم پەتىۋا قىلادۇر،
راستى يوق، يالغان بىلەن.

دىگەن قوشاقلار ئەنە شۇ خىل ئەھۋاللار ئۈستىدىن قىلىنغان شىكايەت. تارىخىي قوشاقلار ئىچىدىكى مۇھەببەت تېمىسىغا بېغىشلانغان قوشاقلاردا كۆيلەنگىنى ئەمگەكچىلەرنىڭ گۈزەل ئەخلاقى، ئالى پەزىلىتى؛ پاش قىلىنغىنى فېودال، بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەكسىيەتچى، چاكىنا كوز قارىشى ۋە چىرىك تۇرمۇش ئىستىلى. تۇرپان ئويمانلىغىدىن توپلانغان مۇھەببەت قوشاقلىرىدا بۇ هال ئوچۇق كورۇنۇپ تۇرىدۇ:

شاخى گۈل بولغان بىلەن، مۇشىسىز بولسا بىكار،
ئايدەك يۈزى بولغان بىلەن، مېھرىسىز بولسا بىكار.

ياكى:

سايىسىز بوستاندىن، چول-باياۋان ياخشىراق،
قەدرى بىلمەس ئادەمدىن، بىلسە هايۋان ياخشىراق.



شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، خەلق قوشاقلىرىدا ئىشقى-مۇھەببەت، ۋەتەن سويگۈسى ئوز ئارا بىرلىشىپ كەتكەن. ئوزىنىڭ سويگەن يارىنى سويۇش بىلەن ئائىلىنى سويۇش، يۇرت-خەلقنى، ۋەتىنىنى سويۇش بىر پۈتۈن نەرسىگە ئايلىنىپ كەتكەن:

سېنى دىدىم، سېنى دىدىم، كەچتىم بۇ جاندىن،
يۈرەك-باغرىم پارە-پارە، كوز-يېشىم قاندىن.

ئىگىز-ئىگىز تاغ باشىدا چىراق كويىدۇ.
چىراق ئەمەس، يارىنىڭ ئوتى، يۈرەك كويىدۇ.

كورۇپ تۇرۇپتىمىزكى، بۇ يەردىكى "يار" سوزى ئوز سويگۈسىنى كورسىتىپلا قالماستىن، ئەل، يۇرت ۋە ۋەتىنىگە بولغان قىزغىن مۇھەببىتىنىمۇ ئوز ئىچىگە ئالغان. دىمەك، تارىخىي قوشاقلاردىكى "يار" سوزىنى كۆچلۈك سىمۋوللۇق خاراكتېرىغا ئىگە دىيىشكە بولىدۇ.

خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگەللىگەن ناخشا-قوشاقلار ناهايىتى ئۇزۇندىن بېرى تاۋلىنىپ پىشۇرۇلغان ئىسىل مەدىنىيەت بايلىغى. بۇ، مەڭگۇ دات باسمايدىغان قىممەتلىك ئەينەك بولۇپ، ئۇنىڭدا شۇ دەۋر، شۇ ماكاندىكى خەلق هاياتى ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ.

كونا قوشاقلار ئىچىدە ناخشا قىلىنىپ ئېيتىلىپ، ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ ئىنتايىن كەڭ تارقالغانلىرىمۇ بار. ناخشىنىڭ كۆچى ھىجراندا دېگەندەك، بۇنداق قوشاقلار ھىجران چۆلىدە كېتىۋېتىپ، يۈرەكتىن ئېيتىلىپ چىققان لىرىكا، ئۇنىڭ ھەر بىر سۆزى خۇددى تاۋلانغان پولاتتەك چىڭ ۋە پىشىشىق. ئۇنىڭ تەركىۋىدىكى بىرەر-يېرىم سۆزنىمۇ چىقىرىۋەتكىلى بولمايدۇ. ئۇ شۇنچىلىك قېلىپلىشىپ كەتكەن. ئوقۇپ كۆرەيلى:

كەيدىم كېپىنەك تونىنى،
گۈلخاندا ياتارمەن دەپ.
ئالدىم يا بىلەن ئوقىنى،
دۈشمەننى ئاتارمەن دەپ.

بۇ قوشاقتىكى "يا" دېگەن بىرلا سۆزنى ئالماشتۇرۇپ، ئۇرنىغا "مىلتىق" دېگەن سۆزنى قوللانساق، بۇ ھالدا تارىخنى بۇرمىلىغان بولار ئىدۇق، چۈنكى، بۇ قوشاقنى بىزنىڭ بوۋىلىرىمىز تېخى مىلتىق ئىشلىتىش ئومۇملاشمىغان شارائىتتا، يەنى ئوقيا دەۋرىدە ئىجات قىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. "كېپىنەك تون" ۋە "گۈلخان" دېگەن سۆزلەرمۇ، بۇ ناخشىدا بەلگىلىك تارىخىي دائىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

بۇنىڭغا سېلىشتۇرما قىلىپ، ھازىرقى زامان قوشاقلىرىدىن ماۋۇ بىر كۇپلېت قوشاقنى ئوقۇپ كۆرەيلى:



ئۆدەك كۆرسەڭ ئېتىۋال،
بۇلبۇل كۆرسەڭ سېتىۋال.
سېغىنغاندا كۆرەرسەن،
سۈرىتىمنى تارتىۋال.

بۇ قوشاقتا بۇلبۇل، ئۆدەك، سۈرەت قاتارلىق سۆزلەر ئېتىۋال، سېتىۋال، تارتىۋال دېگەندەك قوشما پېئىللار بىلەن قوشۇلۇپ كېلىپ، زامانىمىزدا كىشىلەرنىڭ ئوق-يا بىلەن ئەمەس، بەلكى مىلتىق ئېسىپ ئوۋغا چىققانلىقىنى، سۈرەت تارتىش ئاپپاراتىنىمۇ ئىشلىتەلەيدىغانلىقىنى، قىسقىسى، خەلقىنىڭ ئىلىم-ھۈنەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى يىغىنچاق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. تىل تارىخى جەھەتتىن ئېلىپ قارىغاندىمۇ، بۇ قوشاقنىڭ قەدىمقى قوشاق بولماستىن، يېقىنقى دەۋر قوشىقى ئىكەنلىكى ئېنىق. مەلۇمكى، كونا ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا قوشما پېئىللار بۇ قەدەر بېرىكىپ ئىپادىلەنگەن ئەمەس. ناخشا-قوشاقلارنى ئۆگىنىش، تەھلىل قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى چوڭ. تىل، تارىخ، ئېتنوگرافىيە ئومۇمەن شۇ مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ يەتكەنلىكىنى بىلىشتە چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە. تەجرىبىلىك چارىلغۇچى باغ ئىچىگە كىرىش بىلەنلا ئۇ يەردىكى بىرتال نوتىنىڭ نابۇت قىلىنغانلىقىغا قاراپ، بۇ يەرگە قانداق بىرونىڭ ئايىغى تەككەنلىكىنى بىلىۋالغىنىدەك، تەجرىبىلىك تىلشۇناسمۇ بىرەر كۇپلېت

قوشاقتىن، ئۇنىڭ سۆز تۈزۈلۈشى ۋە تىل ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلاردىن ئۇنىڭ قايسى دەۋرگە خاس ئىكەنلىكىنى ھۆكۈم قىلالايدۇ. ھەتتا بىر پۈتۈن تارىخنىمۇ كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلىشى مۇمكىن.

ماركس ياش چاغلىرىدىلا كۆپ ۋاقىتنى سەرپ قىلىپ، گرېك ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلغان. ئۇ 1858-يىلى «سىياسىي ئىقتىسات تەنقىدىگە دائىر» دېگەن ئەسىرىنىڭ كىرىش سۆزىدە يۇنان ئېپىك شېئىرىيىتىدىن مىساللار كەلتۈرۈپ، خەلق ئەدەبىياتى بىلەن سەنئىتىنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ماتېرىيالىستىك نۇقتىئىنەزەرگە ئاساس سېلىپ بەرگەن. ماركس مۇنداق دېگەن ئىدى: ”جەمئىيەتنىڭ سىياسىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا، قوشاقلار ئەمگەكچى خەلقنىڭ كۈرەش جەريانىدىكى جەڭگىۋارلىقىنى كۆرسىتىدىغان بىر ئىنقىلابىي سىگنال“. ئېنگېلسمۇ: ”قوشاقلار پرولېتارىيات سىنىپىنىڭ ئىنقىلابىي ئېڭىنى ۋە سەزگۈرلۈكىنى ئويغىتىپ، ئۇلارنىڭ چىرىك تۈزۈملەرگە قارىتا جىددىي زەربە بېرىپ، كۈرەش روھىنى ئۇستۇرىدىغان ئاساسىي قورالدۇر“ دەپ كۆرسەتكەن.

ئومۇمەن ماركس بىلەن ئېنگېلس خەلق ناخشا-قوشاقلىرىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن، ناخشىلارنىڭ ئاممىنى ئويغىتىش، كۈرەشكە ئاتلاندۇرۇشتىكى ئەھمىيىتىنىڭ ئىنتايىن چوڭ ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن.

يولداش ماۋ زېدۇڭ ماركس، ئېنگېلسنىڭ تەلىماتىغا ئەمەل



قىلىپ، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئانىسى بولغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىش، يىغىش ۋە تەتقىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى سېستىمىلىق، ئېنىق قىلىپ كۆرسىتىپ بەردى.

يولداش ماۋ زېدۇڭ 1965-يىلى يولداش چېن يىغا يازغان شېئىرىيەت توغرىسىدىكى خېتىدە ”خەلق قوشاقلىرىنىڭ ھەرھالدا بىرمۇنچە ياخشىلىقى بار. كەلگۈسىدە بارا-بارا خەلق قوشاقلىرىدىن ئوزۇق ۋە ئۈلگە ئېلىپ، كەڭ كىتابخانلارنى جەلپ قىلىدىغان بىر يۈرۈش يېڭىچە شېئىرلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئېھتىمالغا ئىنتايىن يېقىن“ دەپ كۆرسەتتى. ھەقىقەتەن، خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىدە بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە تېگىشلىك نەرسىلەر ناھايىتى تولا، بولۇپمۇ بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاستىلىرى، ئوبراز يارىتىش، تىل ئالاھىدىلىكى، شەكىل ھەم ئۇسلۇپ، ئىخچاملىق ۋە ئېنىقلىق قاتارلىق نۇرغۇن جەھەتلەردە، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھامان يازما ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئېقىنى بولۇشقا مۇناسىپ. بىز ئۆتمۈش ئۇزاق تارىختىكى باي خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىزنى يىغىپ، ئۆگىنىپ، تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭ شاكىلىنى چىقىرىپ تاشلاپ، مېغىزىنى قوبۇل قىلىشىمىز، يەنى كونىسىدىن يېڭىسىنى يارىتىشىمىز، نۆۋەتتە ئىلىم-سەنئەت ساھەسىدە ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش، ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش بويىچە يېڭى سەۋىيە يارىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىز لازىم.

# «قۇتادغۇ بىلىگ» داستانى توغرىسىدا مۇلاھىزە

ئابلەت ئۆمەر

ئۇيغۇر خەلقى باي مەزمۇنلۇق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىنلا پايدىلىنىپ قالماستىن، بەلكى بۇنىڭدىن خېلى كوپ ئەسىرلەر ئىلگىرى پۇتۇن دۇنياغا داڭقى كەتكەن يازما ئەدەبىياتىنىمۇ ياراتقان. كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ پارلاق نامايەندىسى، قىممەت باھالىق ئەدەبىي مىراسىمىز ھىساپلىنىدىغان «قۇتادغۇ بىلىگ» ناملىق داستان بۇنىڭ تىپىك مىساللىرىنىڭ بىرى. بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى 11-ئەسىردە ئوتكەن ئاتاقلىق ئالىم ۋە تالانتلىق ئەدىپ يۇسۇپ خاس ھاجىپ. بۇ ئەسەر ھىجرىيىنىڭ 462—463-يىللىرى، مىلادىنىڭ 1070—1069-يىللىرى قارا-خانلارنىڭ ئىككىنچى پايتەختى ھەم مەدىنىيەت مەركىزى قەش-قەردە يېزىلغان. بۇ ئەسەر 13 مىڭ مىسرا شېئىر، 85 باپتىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، باشتىن-ئاخىر ئاروز ۋەزنىنىڭ مەسنىۋى (ھەر ئىككى مىسراسى بىر خىل قاپىيىلىك بېيىت) شەكلى بىلەن يېزىلغان، بۇنىڭدا نەسىر ھەم نەزىم بىلەن يېزىلغان ئىككى



مۇقەددىمىدىن تاشقىرى، ياشلىق باھارىغا ئېچىنىش ھەم قېرىلىقتىن زارلىنىش ھەققىدىكى مۇقەددىمىمۇ بار.

قۇتادغۇ بىلىگ دىگەن سوز بەخت كەلتۇرگۇچى بىلىم دىگەن مەنىدە. ئاپتور ئوزى كىتاپىنىڭ نامى توغرىسىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ:

ئەسلىسى:
كىتاپ ئاتى ئۇردۇم قۇتادغۇ بىلىگ،
قۇتاتىسۇ ئوقىغلىقا تۇتىسۇ ئەلىگ.
تەرجىمىسى:
كىتاپ ئاتى قويدۇم قۇتادغۇ بىلىگ.
قۇتاتسۇن ئوقۇغۇچىغا، تۇتسۇن ئىلىك.

بۇ ئەسەرنىڭ نامى ھەرقايسى مەملىكەتلەردىكى ھەرخىل كىشىلەر تەرىپىدىن خىلمۇ-خىل ئاتىلىپ كەلدى. بەزىلەر «ئەنىيولمۇلۇك» (مەملىكەتنىڭ كوزى) دىسە، بەزىلەر «زىنىنەت تۇل ئەمرى» (ئىشلارنىڭ زىنىنتى) دەپ ئاتىدى. يەنە بەزىلەر «ئادا بول مۇلۇك» (پادىشالارنىڭ نىزامى) دىسە، بەزىلەر «پەندىنامە مۇلۇك» (پادىشالارغا نەسھەتنامە) دەپ ئاتىدى.

داستاننىڭ تارىخىي ئارقا كورۇنۇشى توغرىسىدا شۇنى كورسىتىش كېرەككى، ئېلىمىزدە تاڭ سۇلالىسى يىمىرىلگەندىن كېيىن، بىرمەزگىل فېئوداللىق ئايرىۋېلىش ھالىتى ھوكۇم

سۈردى. ئېلىمىزنىڭ غەربىي رايونىدىمۇ بىرنەچچە ھاكىمىيەت بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتەك ۋەزىيەت شەكىللەندى. شۇ جۈملىدىن 10-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا قارلۇق، ياغما، توققۇز ئوغۇزلارغا ئوخشاش قەبىلىلەردىن تەركىب تاپقان قاراخانىلار ھاكىمىيىتى بارلىققا كەلدى. قاراخانىلار زېمىنى ھازىرقى بالقاش كۆلىنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبىدىكى رايونلارنى، ئىسسىق كۆل ۋە يەتتە سۇ رايونلىرىنى، ماۋەرائۇننەھر رايونىنى ۋە تيانشاننىڭ شىمالى ھەم جەنۇبىدىكى رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ ھاكىمىيەتنىڭ مەركىزى چۇ دەرياسى بويىدىكى بالاساغۇن (پىلۇ سانغۇن) ۋە قەشقەر ئىدى.

مىلادىنىڭ 840-يىللىرى ئورخۇن ۋە يېنسەي دەريالىرىنىڭ بويلىرىدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تەبىئىي ئاپەت ھەم ئۇرۇشلار تۈپەيلىدىن، تۈركۈم-تۈركۈملەپ غەرپكە كۆچۈپ، تيانشاننىڭ شىمالى ھەم جەنۇبىدا ئەزەلدىن بار بولغان ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بىلەن بىرلەشتى. ئۇلار مول تەبىئىي بايلىقلارغا ئىگە بولغانلىقى ۋە ياۋروپا بىلەن ئاسىيانى بىر بىرىگە باغلاپ تۇرىدىغان مەشھۇر "يىپەك يولى"نىڭ ئىككى قاسنىقىغا جايلاشقانلىقى سەۋەبلىك، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا-سانائەت ئىشلىرى زور دەرىجىدە راۋاجلاندى. ئىقتىسادىي بازىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، مەدەنىيەت جەھەتتىمۇ گۈللىنىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. تارىخشۇناسلار 11-ئەسىرنىڭ ئالدى-كەينىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەت-



تىكى تەرەققىيات دەۋرىنى "ئالتۇن دەۋر" دەپ ئاتىدى. بۇ دەۋردە ئىسلام دىنى كەڭ تارقىلىشقا باشلىدى، سۇتۇق بۇغرا خاننىڭ نەۋرىسى ئارسلانخان ئېلى ئىسلام دىنىنى بىرىنچى بولۇپ قوبۇل قىلدى. ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەر ئارىسىدا تارقىلىشى زور ۋەقە بولۇپ، بۇ ۋەقەنىڭ تەسىرىمۇ ناھايىتى چوڭ بولدى. چۈنكى بۇرۇنقى شامانىزىم، مانىزىم ۋە بۇددىزىملاردىن پەرقلىق بولغان بۇ دىننىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىغا تەسىر كۆرسىتىشى تەبىئىي ئىدى. دەل مۇشۇ مەزگىللەردە بالاساغۇنلۇق مەشھۇر مۇتەپەككۇر ۋە ئالىم ئەبۇناسىر فارابى (870—950-يىللار) ۋە ئۇنىڭ «ئەقسەل ئۇلۇم» (ئىلىملار قامۇسى)، «رىسالەن مۇغەننىيۇن» (نەغمىلەر ھەققىدە رىسالە) قاتارلىق ئەسەرلىرى بىلەن بۈيۈك ئالىم ۋە تىلشۇناس مەھمۇت قەشقىرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرى دۇنياغا كەلدى.

11-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قاراخانىلارنىڭ خانى سۈيۈرغاللىق تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئۆزىگە قاراشلىق زېمىنلارنى پەرزەنتلىرىگە بۆلۈپ بەردى. نەتىجىدە بەگ-غوجىلار ئۆزى بەگ-ئۆزى غوجا بولۇۋېلىپ، خالىغانچە ئىش كۆرىدىغان، ئىچكى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، ئۆزئارا تالان-تاراج قىلىشىدىغان، پۇقرالارغا خالىغانچە ئالۋاڭ-سېلىق سېلىپ، ئەيش-ئىشرەت سۈرىدىغان، دۆلەت غەزىنىسىنى بۇزۇپ-چاچىدىغان نامۇۋاپىق ئىشلار كۆپىيىپ، خاننىڭ نوپۇزى كۈندىن-كۈنگە تۆۋەنلەپ كەتتى. سىياسىي،

ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى "ئالتۇن دەۋر" يېمىرىلىش خەۋپىگە دۇچار بولدى، ئۆز دەۋرىنىڭ زور ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىنى بىۋاستە سەرگۈزەشتىلىرى ئارقىلىق چوڭقۇر چۈشەنگەن مەشھۇر ئالىم ۋە ئەدىب يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاراخانىلار ھاكىمىيىتىدە پەيدا بولغان ئاشۇ يېڭى زىددىيەت ۋە يېڭى مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق ھەل قىلىش ۋە ئۇنىڭغا توغرا جاۋاپ بېرىش مەقسىدىدە ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئېپىك داستانى «قۇتادغۇ بىلىگ»نى يېزىپ چىقتى.

داستان قەسىدە بىلەن باشلانغان بولۇپ، ئاپتور ئالدى بىلەن خۇداغا ھەمدۇسانە، پەيغەمبەرگە دۇرۇت ئېيتقاندىن كېيىن، گۈزەل باھار مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەپ كېلىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى قاراخانىلارنىڭ باشلىقى بۇغرا قاراخان ئەبۇ ئەلى ھۈسەنگە مەدھىيە ئوقۇيدۇ، ئاندىن ئاسترونومىيە، ئىلىم-مەرىپەت، ئىنساننىڭ قەدىر-قىممىتى، تىلنىڭ ئۇلۇغلۇقى، ياخشىلىق ۋە يامانلىق، ئەقىل ۋە ئىدرەك، كىتاب ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە توختىلىدۇ. داستاننىڭ ئاساسىي قىسمى تۆت نەپەر ئىجابىي قەھرىماننى دەۋر قىلغان ھالدا تۆۋەندىكى سيۇژىت ئاساسىدا قانات يايدۇرۇلىدۇ:

ئادالەت ۋە ھەققانىيەتنىڭ سىمۋولى بولغان كۈن تۇغدى ناملىق بىر شاھ بولۇپ، ئۇنىڭ ئادىللىق شۆھرىتى جاھانغا پۇر كېتىدۇ، بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئاي تولدى ناملىق ئالىم شاھ بىلەن ئۇچرىشىدۇ، كۈن تۇغدى پادىشا ئۇنىڭ بىلەن قايتا-قايتا



سوھبەتتە بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئالىي پەزىلەتلىرىگە قايىل بولۇپ، ئۇنى ۋەزىرلىككە تەيىنلەيدۇ، كېيىن ئاي تولدى ئېغىر كېسەللىككە گىرىپتار بولىدۇ، ئۇ ئۆلۈش ئالدىدا ئۆز ئۆمرىنىڭ بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىگە چوڭقۇر ئېچىنىدۇ، ئوغلى ئۆگدۈلمىش (دانىشمەن) گە ۋەسىيەت قىلىدۇ ھەمدە ئۆز پەرزەنتىنى شاھقا تونۇشتۇرۇپ، مەكتۇپ يېزىپ بەرگەندىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

ئۆگدۈلمىش شاھنىڭ ئىجازىتى بىلەن ئاتىسىنىڭ خىزمىتىگە ۋارىسلىق قىلىشقا باشلايدۇ ۋە شاھنىڭ زور ئىشەنچىسىگە مۇيەسسەر بولىدۇ. بىر كۈنى دانىشمەن ۋەزىر ئۆگدۈلمىش بىلەن كۈن تۇغدى شاھ سوھبەتلەشكەندىن كېيىن، ئۆگدۈلمىش ئۆزىدىنمۇ ئەقىللىقراق ۋە بىلىملىك بولغان ئۆتكۈرمىش (سەزگۈر) ناملىق بىر كىشىنىڭ بارلىقىنى كۈن تۇغدىغا خەۋەر قىلىدۇ، ۋاھالەنكى، سەۋرى-تاقەت ھەم قانائەتنىڭ سىمۋولى بولغان ئۆتكۈرمىش تاغ ۋە ئورمانلار ئارىسىدا تەنھا ئىستىقامەت قىلىپ، تىنچ ھەم خاتىرجەم ھايات كەچۈرۈشنى خالايدىغان كىشى بولغاچقا، شاھنىڭ ئۈچ قېتىم تەكلىپنامە يازغانلىقىغا قارىماي، قانائەتنى ھەممىدىن ئەۋزەل بىلىپ ئوردىغا كېلىپ خىزمەت قىلىشتىن باش تارتىدۇ ۋە ئۆزرە بايان قىلىپ، شاھقا مەكتۇپ يازىدۇ، كۈن تۇغدى ئۆتكۈرمىشنىڭ ئوردا خىزمىتىگە كېلىشىنى تەلەپ قىلىپ، ئۆگدۈلمىشنى قايتا-قايتا ئەۋەتىدۇ، ئىككى ئوتتۇرىدا كەسكىن مۇنازىرە بولىدۇ، بۇ مۇنازىرىلەر كەڭ

ئىجتىمائى مەسىلىلەر ئۈستىدە بولىدۇ، شاھ ئۇنىڭغا ئۈچ نۆۋەت
مەكتۇپ يازغاندىن كېيىن، نائىلاج ئوردىغا كەلسىمۇ، ئەمما
قايتا-قايتا ھوزۇرخاھلىق ئېيتىپ، يەنىلا يەككە-يىگانە ئىستى-
قامەت قىلىپ، تېچ ئولۇش ئۈچۈن قايتىپ كېتىدۇ، ئەمما ئۇ
ھەر قېتىمقى سوھبىتىدە ئەلنى ياخشى كۆنىگە ئېرىشتۈرۈش،
خەلققە بەخت-سائادەت كەلتۈرۈش لازىملىقىنى تەۋسىيە قىلىدۇ.
مۇشۇ ۋەقەلەر داۋامىدا ئوگدۈلمىش قېرىيدۇ، ئوتكەن
كۈنلەرگە ھەسرەت چېكىپ، ئوتكۈرمىشكە ئوخشاش تەنھا ئىستى-
قامەت قىلماقچى بولىدۇ. ئوتكۈرمىش ئۇنىڭ بۇ پىكرىنى رەت
قىلىپ، ئۇنىڭ ئوردىدا خەلق ئۈچۈن داۋاملىق خىزمەت قىلىشى-
نىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ، ئوگدۈلمىش بۇ
پىكىرگە قۇلاق سېلىپ، قايتا ئىشقا كىرىشىدۇ. بىراق، شۇ
ئارىدا ئوتكۈرمىش كېسەل بولۇپ قالىدۇ، ئۇ ئوگدۈلمىشنى
يوقلاپ كەلگىنىدە، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بىر چۈش كۆرگەنلىكىنى،
چۈشىدە ئەللىك ۋاخىنلىق ئىگىز شوتىدا تۇرغان پالۋان سۇنغان
بىر قاچا سۇنى گۈپپىدە ئىچىۋەتكەندىن كېيىن، ئاسمانغا چىقىپ
كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. ئوگدۈلمىش ئۇنىڭ بۇ چۈشىنى
ئورۇپ، بۇ ئۇزۇن ئومۇر كورىدىغانلىقلىرىنىڭ بەلگىسى دەپ
تەبىر بېرىدۇ. ئەمما ئوتكۈرمىش ئۇنىڭغا ئىشەنمەي، بۇ ئۇ
دۇنياغا سەپەر قىلىدىغانلىقىمنىڭ بەلگىسى دەيدۇ. دەرۋەقە
ئۇزاق ئوتمەي، ئوتكۈرمىش كېسەلدىن ساقىيالماي ئالەمدىن
ئوتىدۇ. داستاننىڭ ئاخىرىدا شائىر ئۆز ھاياتىنى بىكاردىن-



بىكار زايا قىلغانلىقىغا ئوكۇنىدۇ، زاماندىشلىرىغا ھەم **ئۆزىگە**
ۋەز-نەسىھەتلەر قىلىپ، داستاننى ئاخىرلاشتۇرىدۇ.
داستاندا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن كەڭ ۋە چوڭقۇر **ئىجتىمائى**
مەزمۇنلار ھەم مەنتىق پىكىرلەر بەزىدە توغرىدىن-**توغرا ھەم**
بىۋاستە ھالدا بايان قىلىنىسىمۇ، ئەمما كوپ ھاللاردا ئەدىبى-
ياتنىڭ ئۆزىگە خاس توپ ئالاھىدىلىگى بولغان **ئوبرازلىق**
تەپەككۇر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا **كىلاسسىك**
ئىپىك داستانلاردىكىگە ئوخشاش، پېرسوناژلارنىڭ كونكرېت
ئوبرازلىرى يارىتىلغان بولۇپ، ئەسەردىكى پېرسوناژلارنىڭ
خاراكتېرى مۇكەممەل شېئىرىي سيوژېت ئارقىلىق قانات يايدۇ-
رۇلىدۇ.
**ئاپتور** ئادالەت بىلەن ھەققانىيەت، بەخت-سائادەت **بىلەن**
ئامەت، ئەقىل-ئىدرەك بىلەن پەم-پاراسەت، سەۋر-**تاقەت**
**بىلەن** قانائەتنى ئۆزىنىڭ ئىجتىمائى غايىسى سۈپىتىدە **ئوتتۇرىغا**
قويۇپ، «قۇتادغۇ بىلىگ» داستانىنىڭ تېمىسىنى مۇشۇ توت نۇقتىغا
مەركەزلەشتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جانلاندۇرۇش ئۇسۇلىنى
قوللىنىپ، مۇشۇ توت تۈرلۈك خىسلەتكە ئىگە بولغان توت
شەخسنىڭ تىپىك ئوبرازىنى يارىتىپ، ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىغا
سىمۋوللۇق ئەھمىيەتكە ئىگە ناملارنى قويىدۇ: بىرىنچى، ئادالەت
بىلەن ھەققانىيەت، بۇ خىسلەتكە ئىگە بولغان شەخسنىڭ ئىسمى
"كۈن تۇغدى" بولۇپ، ئاپتور ئۇنى پادىشا ئورنىدا تەسۋىر-
لەيدۇ. ئىككىنچى، بەخت-سائادەت، بۇ خىسلەتكە ئىگە بولغان

شەخسنىڭ ئىسمى "ئاي تولدى" بولۇپ، ئاپتور ئۇنى ۋەزىر ئورنىدا تەسۋىرلەيدۇ. ئۈچىنچى، ئەقىل-پاراسەت، بۇ خىسلەتكە ئىگە بولغان شەخسنىڭ ئىسمى "ئوگدۇلمىش" بولۇپ، ئاپتور ئۇنى ۋەزىرنىڭ پەرزەندى ئورنىدا تەسۋىرلەيدۇ. تۆتىنچى، سەۋر-تاقەت، بۇ خىسلەتكە ئىگە بولغان شەخسنىڭ ئىسمى "ئوتكۇرمىش" بولۇپ، ئاپتور ئۇنى ۋەزىرنىڭ يېقىن كىشىسى ئورنىدا تەسۋىرلەيدۇ.

روشەنكى، داستاندا ئاپتورنىڭ تۈپ ئىدىيىسى، سىياسى-نەزىرىيىۋى ماقالىلاردىكىدەك، ئۇدۇلمۇ-ئۇدۇل ياكى يالىڭاچ هالدا ئەمەس، بەلكى يۇقۇرىدىكى تۆت خىسلەتكە ئىگە بولغان تۆت شەخسنىڭ، يەنى ئەسەردىكى تۆت ئاساسىي پېرسوناژنىڭ كەچمىش-كەچۈرمىشلىرى، ئىجتىمائى ئۆزگىرىشلەر توغرىسىدىكى مۇھاكىمىلىرى ۋە سوئال-جاۋاپلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ داستاندا كىشىلەردىن قەھرىمان ھەم ۋىژدانلىق بولۇشنى، ھەققانىيەتتە چىڭ تۇرۇشنى، تىلەك-ئارزۇلىرىغا يېتىش ئۈچۈن بىلىم ۋە ھۈنەر ئۆگىنىشنى، بىرەر كېلىشمەسلىككە ئۇچرىغاندا سەۋر-تاقەتلىك بولۇشنى، يېتىم-يېسىر ھەم مۇساپىرلارغا خەيرىخاھلىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاپتور بۇلارنى ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ زۆرۈر ئاساسىي خىسلەت دەپ ھىساپلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە تىنچ ۋە خاتىرجەملىك ئاساسىغا قۇرۇلغان بەخت-سائادەتلىك ھەم قۇدرەتلىك جەمىيەت قۇرۇش غايىسىنى ئىپادىلەپ، كىشىلەرگە قانداق قىلىپ بەخت-



سائادەتكە ئېرىشىشنىڭ يوللىرىنى ئۆگىتىدۇ. مانا بۇ-داستاننىڭ ئاساسىي ئىدىيىسى.

«قۇتادغۇ بىلىگ» مەزمۇن جەھەتتىن سىياسى، ئىجتىمائى، پەلسەپىۋى ھەم ۋەز-نەسىھەتلىك ئەسەر. ئۇنىڭدا سىياسى، پەلسەپە، ئەخلاق، تارىخ، جۇغراپىيە ھەتتا ماتېماتىكا ۋە مېدىتسىناغا دائىر مەسىلىلەرمۇ بايان قىلىنغان، ئۇنىڭدا ھوكۇمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ مەجبۇرىيەتلىرى، جەمىيەت ئەزالىرىنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىرى، ئىقتىسات ھەم مالىيەنى گۈللەندۈرۈش، پۇل-مۇئامىلە ئىشلىرىنى ئىسلاھ قىلىش، ئادالەتلىك قانۇن پىرىنسىپلىرىنى ئورنىتىش، بەگ-غوجىلار ئارىسىدىكى ئۇرۇشلارنى توختىتىش، خەلقنىڭ شىللىنىشىدىكى ئېغىر باج-سېلىقلارنى يەڭگىللىتىش، قاتناش-ترانسپورت تەرتىۋىنى ياخشىلاش قاتارلىق زور ئىجتىمائى مەسىلىلەر، قىسقىسى دۆلەتنى ياخشى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۇسۇل-چارىلىرى كونكرېت بايان قىلىنىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى كۆز قاراشلىرىنى پېرسوناژلارنىڭ سوئال-جاۋاپلىرى ئارقىلىق ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇپ، قاراخانىلارنىڭ ئەڭ ئالى ھوكۇمرانى بۇغراخاننى ۋە باشقا ئەمەلدارلارنى ئۆزلىرىنىڭ دۆلەت ھەم خەلق ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىنى ئادىللىق ۋە ھەققانىيەتلىك بىلەن بىجانىدىل ئىجرا قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ. داستاننىڭ بۇ خىل دىداكتىك (ۋەز-نەسىھەتلىك) خاراكتېرى ئۇنىڭ ئۆزىنى "تابغاچخان" (جۇڭگوغا تەۋە خان) دەپ ئاتاپ كەلگەن بۇغراخانغا تەقدىم

قىلىنغانلىغىدىنمۇ بىلىنىپ تۇرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەلنى جاپا-مۇشەققەت ھەم خانىۋەيرانچىلىقتىن قۇتقۇزۇشنىڭ بىردىن-بىر چارىسى — پادىشادىن تارتىپ تاكى پۇقرالارغىچە بولغان ھەرقايسى قاتلام كىشىلىرىنىڭ ئىدىيىسى، ئەخلاق ۋە ئادەتلىرىنى بەلگىلىك تەرتىپ-قائىدىگە سېلىش، جەمئىيەتنى ئىچكى جەھەتتىن ياخشى باشقۇرۇشتىن ئىبارەت دەپ قارىدى. ئۇ مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈن غەزنىنى زىيانغا ئۇچرىتىدىغان ئەيش-ئىشرەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ھەركىمنىڭ ھال-ئوقتىگە قاراپ مۇۋاپىق سېلىق سېلىش كېرەكلىگىنى دەۋەت قىلدى. ئاپتورنىڭ قارىشىچە، ئەلنىڭ بېشىغا كەلگەن مۇشەققەت ھەم كۈلپەتكە ئىجتىمائىي تۈزۈم ئەمەس، بەلكى ئايرىم بەگ-غوجىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاتارمەن-چاپارمەنلىرى سەۋەپكار ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئەمەلدارلار ئادىل ۋە ھەققانىي بولۇشى، پۇقرالارنىڭ بېشىدىكى جەۋرى-جاپالارنى يەڭگىللىتىشى كېرەك، ئۇنداق قىلىنمىسا، زۇلۇم-ئوقۇبەتلەر كۆپىيىپ كېتىپ، پۇقرالار ئارىسىدا غۇلغۇلا كۆپىيىپ كېتىشى ۋە يۇرت خانىۋەيران بولۇشى مۇمكىن دەپ ھېساپلايتتى. شۇڭا ئۇ ئۆز داستانىدا جەمئىيەت تۈزۈمىنى تەرتىپكە سېلىش، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۈنۈملۈك چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىش، دۆلەتنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن كۈچەيتىش، ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىغا مەخسۇس تەربىيىلەنگەن ئەمەلدارلارنى قويۇشنى تەرغىپ قىلدى.



بىزگە مەلۇم، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياشىغان ئوتتۇرا ئەسىر فېئوداللىق ئاسارىتى كۈچەيگەن، بۇلاڭچىلىق ئۇرۇشلار خەلققە ھېساپسىز جەۋرى-جاپالارنى سالغان دەۋر ئىدى. مۇنداق ئۇرۇشلار تۈپەيلىدىن نۇرغۇنلىغان قىممەت باھالىق ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلار ۋەيران بولاتتى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ داستاندا مۇنداق باسقۇنچىلىق ئۇرۇشلارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئىقتىسادىي جەھەتتە قۇدرەتلىك بولۇش، قانۇنلۇق ئىش قىلىش ھەم قوغدىنىش جەھەتتە مۇستەھكەم بولۇش كېرەك، پەقەت ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مۇستەھكەملىك بولغاندىلا خەلق ئۆزىنىڭ بىخەتەر، تېنچ ھاياتىنى داۋاملاشتۇرالايدۇ ھەمدە ماددىي-مەنىۋى جەھەتلەردىكى گۈللىنىشنى كاپالەتلەندۈرەلەيدۇ دەپ ھېساپلىدى. ئاپتورنىڭ بۇ نۇقتىئىنەزەرلىرى ئۆزىنىڭ جەمئىيەتنى پۇختا كۆزەتكەنلىگى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ قەلبىنى چوڭقۇر چۈشەنگەنلىگىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، ئەينى زاماندىكى تەرەققىيپەرۋەر ۋە ئىلغار ئىدىيىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش زۆرۈركى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ داستانىدا ئىلىم-پەن ھەم مەدەنىيەتنى يۈكسەلدۈرۈش مەسىلىسى، ئىلىم-پەننىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى مۇھىم رولى ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىلىم-پەننى ئىگەللەش بىردىن-بىر توغرا يول، ئىنسانلار پەقەت ئىلىم-پەنگە تايانغاندىلا، بەخت-سائادەتكە ئېرىشەلەيدۇ دەپ ھېساپلايدۇ. شۇڭا، ئۇ داستانىدا بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ:

ئەسلىسى:

ئوقۇش قادرونى ئوقۇشلۇغ بىلۇر،
بىلىگ ساتسا، بىلگە بىلىگلىك ئالۇر!

تەرجىمىسى:

ئوقۇش قەدرىنى ھەم ئوقۇشلۇق بىلۇر،
بىلىم ساتسا بىلىمنى بىلىملىك ئالۇر!

ئەسلىسى:

بىلىگلىك بىلور ئول بىلىگنىڭ ئاتىن،
بىلىگسىز نەبىلگە بىلىگ ھورمەتىن!

تەرجىمىسى:

بىلىملىك بىلۇر ئول بىلىمنىڭ ئېتىنى،
بىلىمسىز نە بىلۇر بىلىمنىڭ ھورمىتىنى!

ئەسلىسى:

نەگۇ بىلگە تەلۋە بىلىگ قادىرۇر،
بىلىگ قايدا بولسا بىلىگلىگ سالۇر!

تەرجىمىسى:

نەدىن بىلگەي تەلۋە بىلىم قەدرىنى،
بىلىم نەدە بولسا بىلىملىك قاپۇر!



ئەسلىسى:

بىلىگ قادرىنۇ ھەم بىلىگلىگ بىلۇر،
گوھەر قادرىنۇ ھەم گوھەر ئۇت بىلۇر!

تەرجىمىسى:

بىلىم قەدرىنى ھەم بىلىملىك بىلۇر،
گوھەر قەدرىنى ھەم گوھەرچى بىلۇر!

بىزگە مەلۇم، دىنىي خۇراپاتلىق ئەۋج ئېلىپ، تەڭرىچىلىك كوز قارىشى ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللەپ تۇرۇۋاتقان شارائىتتا، ئىلىم-پەننىڭ ئەھمىيىتىنى شۇنچىلىك دەرىجىدە تەكىتلىگەنلىكىنىڭ ئۆزى ئىلغارلىق بولۇپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىلىم-پەننى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى ئىدىيىسى يالغۇز ئەينى ۋاقىتتىلا ئەمەس، ھازىرمۇ رىيال ئەھمىيەتكە ئىگە دېيىشكە بولىدۇ. دەرۋەقە، بۇ داستان دەل ئىسلام دىنىنىڭ كەڭ تارقىلىۋاتقان پەيتىدە يېزىلغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاپتورنىڭ ئۆزىمۇ خۇددى كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسىدە ئىزھار قىلغىنىدەك ”خەير خىزلىغەر“ (دىنغا ئېتىقات قىلغۇچى) بولغانلىقى تۈپەيلىدىن ئەسەردە روشەن دىنىي كوزقاراشلار مەۋجۇت. تەڭرىگە ئىلتىجا قىلىش، باقى ئالەمدىن پانالىق تىلەش قاتارلىق مەزمۇنلار ئەسەردە خېلى كوپ ئورۇندا تىلغا ئېلىنىدۇ. لېكىن ئۇلار داستاننىڭ ئىدىيىۋى ئەھمىيىتىنى ھەم بەدىي قىممىتىنى

ئاجىزلاشتۇرالمايدۇ، داستاننىڭ تارىخىي ئەھمىيىتىنى تېخىمۇ يوققا چىقىرالمايدۇ. داستان ئىنتۋارى ۋە ئاپتور دۇنياقارىشىنىڭ چەكلىمىسى سەۋەپلىك تىنچ ھەم بەخت-سائادەتلىك غايىۋى جەمىيەت قۇرۇش ئۈمىدىنى ئايرىم ھوكۇمرانلارغا باغلايدىغان خاتالىقتىن ۋە كىشىنى بىخۇتلاشتۇرىدىغان ئەپيۇن-دىنىنىڭ تەسىرىدىن خالى بولالمىسىمۇ، ئەمما ئەسەرنىڭ ئومۇمى ئىدىيىسىدە خەلق ئاممىسىنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتى ۋە ئەقىل-پاراستىگە ئىشىنىش، ئىلىم-پەننىڭ جەمىيەت تەرەققىياتىدىكى تۈرتكىلىك رولىنى مەدھىيىلەش يەنىلا ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىگ»نىڭ بەدىي ئالاھىدىلىكى جەھەتتە توۋەندىكى نۇقتىلارنى كۆرسىتىش كۇپايە:

بىرىنچى، داستان قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ رىيال تۇرمۇش ۋە يۈكسەك غايىسىنىڭ ئىنكاسى بولۇپ، شائىر يۇسۇپ خاس ھاجىپ گۈزەل ئوبراز، چىرايلىق ئوخشىتىش، جانلىق مەنزىرە تەسۋىرى قاتارلىقلاردىن بەھۇزۇر پايدىلانغان. ئۇيغۇر خەلقى خۇددى باشقا قېرىنداش مىللەتلەرگە ئوخشاشلا تەبىئەت دۇنياسىنى ۋە يۇرت-ماكانلىرىنى قىزغىن سۆيىدۇ. جۈملىدىن گۈزەل مەنزىرىلەرگە قىزغىن ھەۋەس قىلىدۇ. ئۇلار باھار مەنزىرىسىنى كۆرگەندە، جانلىرى سۆيۈنۈپ، تەنلىرى يايراپ كېتىدۇ. شائىر كىشىلەرنىڭ تەبىئەت مەنزىرىسىگە بولغان سۆيۈنۈشىنى توۋەندىكى مىسرالاردا كىشىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە نامايەن قىلىدۇ:



ئەسلىسى:

قاز ئۆردەك قۇغۇقىل قالىقىخ تۇدى،
قاقىلايۇ قاينار يۇقارۇ قوزى.

قايۇسى قوپاركۇر، قايۇسى قونار،
قايۇسى چاپارگور، قايۇسى ئىچەر.

كوكۇش تۇرنا كوكتە ئۈنۈن، ياڭتۇلار،
تىزىلمىش تىپىر تەك ئۇچار يەل كورەر.

ئۇلار قۇش ئۈنىن تۇزدى ئۈندەر ئىشىن،
سىلىق قىز ئۇقىرتىك كوڭۇل بىرمىشىن.

ئۈنىن ئۈتتى كەكلىك كۈلەر قاتغۇرا،
قىزىل ئاغزى قان تەك، قاشى قاپ-قارا.

تەرجىمىسى:

قوق-قوقلىشىپ غاز-ئۆدەك، قىق-قىقىلىشار تۇتىلار،
قوق-قوقلىشىپ ھەر ياندا ئىگىز ھەم پەس ئۇچىشار.

قاي بىرلىرى ئۇچسا گۈر، قاي بىرلىرى قونىشار،
قاي بىرلىرى ئۈزسە سۇ، قاي بىرلىرى چېپىشار.

كوكۇش تۇرنا ئاسماندا پەرۋاز قىلار، تىك ئۇچار،
كارۋان كەبى تىزىلىپ قاناتىدىن يەل چاچار.

ئۇندەر ئۇلار جۇپتىنى خوشال سايراپ يىنىغا،
چىلىلىغاندەك گۈزەل قىز يىگىتىنى باغرىغا.

كۆلەر كەكلىك توختىماي ھەۋەس بىلەن قاتىغۇرا،
قاندەك قىزىل تۇمشۇغى، قېشى ئۇنىڭ قاپ-قارا.

بۇنىڭدىن باشقا، ئاپتور ئۆز پىكرىنى جانلىق ھەم ئوبرازلىق ئىپادىلەش ئۈچۈن، خەلق ماقال-تەمسىللىرىنى دەل جايىدا ئىشلەتكەن، بۇ ئاپتورنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى پىششىق بىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىككىنچى، داستاننىڭ تىلى قەدىمىي ئۇيغۇر تىلىنىڭ چىرايلىق ئۈلگىسى بولۇپ، ئاپتور شۇ زامانىدىكى خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تەلىۋىنى تولۇق قانائەتلەندۈرەلەيدىغان ئورتاق ئەدەبىي تىلنى قوللانغان. داستاننىڭ تىلى نۇرغۇن يىللار داۋامىدا ئەدەبىي تىل ۋە يېزىق جەھەتتە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىل-يېزىقلىرى تەرەققىياتىغا چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن، 14-ئەسىردىكى ئاتاقلىق ئۇيغۇر شائىرى ئەخمەت يۈگنەكىنىڭ «ھەبەتۇل ھاقايىق» (ھەقىقەت سوغىسى) ناملىق داستانىمۇ «قۇتادغۇ بىلىگ»نىڭ تەسىرى بىلەن يېزىلغان.

ئومۇمەن، بۇ ئەسەر ئىنتايىن كەڭ ئىجتىمائىي مەزمۇنلارنى



ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن، گەرچە بىر بەدىئىي ئەسەر بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئورنى ۋە رولى ئەدەبىيات دائىرىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى ھەم تىلى قاتارلىقلارنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىشتىكى قىممەت باھالىق تارىخىي ھۆججەت ۋە قامۇس بولۇپ قالدى.

«قۇتادغۇ بىلىگ» داستانى توغرىسىدا ئۇزاقتىن بۇيان خىلمۇ-خىل كۆز قاراشلار مەۋجۇت بولۇپ كەلدى، تۈركشۇناس مالوپ ئۆزىنىڭ 1951-يىلى موسكۋا، لېنىنگرادلاردا نەشر قىلىنغان «تۈرك يېزىقى يادىكارلىقلىرى» دېگەن ئەسىرىدە: ”يۇسۇپنىڭ بۇ داستانى دەسلەپ ئەرەپ يېزىقىدا يېزىلىپ، قەشقەردىكى بۇغراخانغا تەقدىم قىلىنغاندا، قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىغا كۆچۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن“ دېگەن پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئەمما پاكىتلار داستاننىڭ قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ نۇقتىنى تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەتتە ئىسپاتلاش مۇمكىن:

بىرىنچى، خەلقارادىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا، داستان بىر قەدەر ساپ بولغان كونا ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىلغان. داستاننىڭ ئەھمىيىتى يالغۇز ئۇنىڭ بەدىئىي قىممىتىدىلا ئەمەس، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭ 11-ئەسىردىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىسىل ئۈلگىسى ئىكەنلىكىدە، 1898-يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان مەشھۇر «تۈرك تارىخى» ناملىق

كىتابنىڭ ئاپتورى ئاتاقلىق تۈرك ئالىمى نەجىپ ئاسىم: "تۈرك ئالىمىنىڭ يەنە بىر ئۇچىدا، يەنى قەشقەردە يېزىلغان بۇ ئەسەردە ئەرەبچە، پارسچە بولۇپ ئاران 92 سۆز بار. قالغىنى پۈتۈنلەي ئۇيغۇرچىدۇر" دەپ كۆرسەتتى.

ئىككىنچى، داستان دەرۋەقە ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىنىڭ، بولۇپمۇ فىردەۋسى شېئىرلىرىنىڭ ۋە «شاھنامە»نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدىكى سۆز-ئىبارىلەر، جۈملىدىن ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ناملىرى، ھەتتا بەزى ئابستراكت ئاتالغۇلارمۇ ساپ ئۇيغۇر تىلى ئىبارىلىرىدىن ئىبارەت.

ئۈچىنچى، «قۇتادغۇ بىلىگ»نىڭ ئاپتورى يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن زامانداش بولغان «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ ئاپتورى مەھمۇت قەشقەرى ئۆز ئەسىرىدە ئەينى زاماندا يالغۇز ئۇيغۇرلارلا ئەمەس، بەلكى باشقا نۇرغۇن تۈرك قەبىلىلىرىمۇ ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللانغانلىقىنى كۆرسەتتى.

تۆتىنچى، 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كۇچاردىن تېپىلغان نۇرغۇن يەر ئاستى يادىكارلىقلىرىنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغانلىقى بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ ئىسپاتلايدۇ.

ئەمما كىشىنى قاتتىق ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى شۇكى، يولداش زەن يىڭلۇڭ خەنزۇچە «شىنجاڭ ياشلىرى» ژورنىلىنىڭ 1979-يىللىق 7-سانىدا ماقالا ئېلان قىلىپ: "«قۇتادغۇ بىلىگ» ئەرەپ يازغۇچىسى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ ئەسىرى — «شاھنامە»نىڭ تەرجىمىسى، ئۇنى بەزىلەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىنى



قۇرغۇچى ئەسەر قىلىۋالدى" ۋاھاكازا دېگەن دەۋانى كۆتۈرۈپ چىقتى. مەدەنىيەت تاجاۋۇزچىلىرى ئېلىمىزدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىي مىراسلىرىغا بۇلاڭچىلىق بىلەن چاڭگال سېلىۋاتقان، لىن بياۋ ۋە "4 كىشىلىك گۇرۇھ"نىڭ ھەرمىللەت ئەدەبىي مىراسلىرىنى خانىۋەيران قىلغان جىنايەتلىرى غەزەپ بىلەن ئەيىپلىنىۋاتقان بۈگۈنكى شارائىتتا، مۇنداق ئىنتايىن بىمەنە ھەم زىيانلىق سەپسەتىنى كۆتۈرۈپ چىققانلىق يالغۇز بىلىمسىزلىك بولۇپلا قالماي، بەلكى تارىخنى بۇرمىلىغانلىق ۋە ھەقىقەتكە كۆز يۇمغانلىق. قەدىمقى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ پولاتتەك پاكىتى بولغان بۇ ئەسەرنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىجادىي ئەسىرى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغانلىقى ۋە خەلقارادىكى ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتىكى دەلىل-ئىسپاتلىرى ئىنكارچىلارنىڭ ئاساسسىز كۆزقاراشلىرىنى كۈچلۈك رەت قىلىدۇ.

يولداش ماۋ زېدۇڭ «يەنئەن ئەدەبىيات-سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» دېگەن ئەسىرىدە: "بىز بارلىق ئېسىل ئەدەبىيات-سەنئەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى پايدىلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تەنقىدىي يوسۇندا قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئۆز زامان، ئۆز ماكانىمىزدىكى خەلق تۇرمۇشىدىن ئېلىنغان ئەدەبىيات-سەنئەت خام ئەشيالىرىدىن ئەسەرلەر يارىتىشتا ئەينەك قىلىشىمىز لازىم" دەپ كۆرسەتكەن ئىدى.

«قۇتادغۇ بىلىگ» يالغۇز ئۇيغۇر خەلقىنىڭلا ئەمەس، بەلكى ۋەتىنىمىزدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئەدەبىي مىراسى. ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى يېڭىلاش ئەدەبىيات-سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى. كىشىلەر پەقەت ئالدىنقىلارنىڭ ئىجادىيىتى ئاساسىدىلا يېڭى ئىجادىيەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنالايدۇ، پۈتكۈل جەمىيەت تەرەققىياتى شۇنداق بولىدۇ. ئەدەبىيات-سەنئەتمۇ ئۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس، ماركسىزملىق تارىخىي ماتېرىيالىزىم بىزگە ئەدەبىيات-سەنئەت تەرەققىياتىدىكى ۋارىسلىق قىلىش بىلەن يېڭىلاشنىڭ مۇناسىۋىتىنى، توغرا تونۇشنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسىنى يارىتىپ بەردى. بىز چوقۇم ئىنقىلاۋىي ئۇستازلارنىڭ تەلىمىگە ئەمەل قىلىپ، بارلىق ئېسىل ئەدەبىي مىراسلارغا، جۈملىدىن «قۇتادغۇ بىلىگ» داستانىغا تەنقىدىي يوسۇندا ۋارىسلىق قىلىشىمىز لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا، لىن بياۋ ۋە "4 كىشىلىك گۇرۇھ"نىڭ رەزىل جىنايەتلىرىنى ئۈزۈل-كېسىل پېپەن قىلىپ ۋە ئۇنىڭ زەھەرلىرىنى تەل-تۆكۈس تازىلاپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئىتىمىزنى تېخىمۇ گۈللەندۈرەلەيمىز.



# كۈرەشچان يىللارنىڭ زەپەر ناخشىسى

(«كۈرەشچان يىللار» رومانىنىڭ بىرىنچى قىسمى— «تاڭ ئالدىدا»نى ئوقۇغاندىن كېيىن)

## ئابلەت ئۆمەر

ئۇزىنىڭ «زەرەپشان بويىدا»، «زەينەپخان شۇجى» قاتارلىق مۇنەۋۋەر ھېكايىلىرى، «قىزىل تاغ باتۇرلىرى» ناملىق رومانى ئارقىلىق كەڭ كىتابخانلارغا تونۇلغان يازغۇچى قېيۇم تۇردىنىڭ «كۈرەشچان يىللار» دېگەن ئۈچ قىسىملىق يېڭى رومانىنىڭ بىرىنچى قىسمى— «تاڭ ئالدىدا» ئاخىرى بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇ، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان پىروزىسىنىڭ كىشىنى خوشال قىلىدىغان يېڭى مۇۋەپپەقىيىتى، جۈملىدىن، ئاپتورنىڭ زور ئىجادىي غەيرەتكە كېلىپ، 4نى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان تېخىمۇ كوپ نادىر ئەسەرلەرنى مەيدانغا كەلتۈرۈشكە بەل باغلىغانلىقىنىڭ جانلىق نامايەندىسى. يازغۇچىنىڭ ۋەزىپىسى تۇرمۇشتىكى تۈپ ماھىيەتلىك تەرەپلەرنى بەدىئى ئوبرازلار ئارقىلىق

جانلىق ۋە تەسىرلىك ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئاممىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي بۇرچىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىغا ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت. بۇ ۋەزىپىنىڭ ئەھدىسىدىن چىقىش ئۈچۈن، يازغۇچى ئۆز دەۋرىنىڭ ئىدىيىۋى يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، رېيال تۇرمۇش-نىڭ تۈپ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى تۇتۇۋېلىشقا ھەم ئىپادىلەشكە ماھىر بولۇشى كېرەك.

يولداش قېيۇم تۇردى «كۆرەشچان يىللار» ناملىق رومانىدا ئۆزىنىڭ ئۇزاق يىللىق تۇرمۇش تەجرىبىسى، ئىجادىي چىنىد-قىشى ۋە جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈشى ئارقىلىق توپلىغان مول تۇرمۇش ماتېرىياللىرى ئاساسىدا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدە بېسىپ ئۆتكەن ئەگرى-توقاي، جاپا-مۇشەق-قەتلىك، ئەمما شانلىق مۇساپىسىنى كەڭ سۈرەتلەپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، ئازاتلىققا ئېرىشكەنلىكى ۋە ئازاتلىقتىن كېيىن قەد كۆتىرىپ، ئۆز تەقدىرىنى قولغا ئېلىپ، داغدام سوتسىيالىزم يولىغا قاراپ ماڭغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان. شۇڭا ئۇ، رومانىنىڭ بىرىنچى قىسمىدا خەلق ئازاتلىق ئىنقىلاۋى-نىڭ كۈچلۈك تۈرتكىسى ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ تەسىرى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭدا، بولۇپمۇ يەكەن دەرياسى ۋادىسىدا ياشاۋاتقان جاپاكەش، ئەمگەكچان ھەم باتۇر ئوغۇل-قىزلارنىڭ ئازاتلىققا بولغان تەشنالىقى ھەمدە ئازاتلىق تېڭىنى كۈتۈۋېلىش يولىدا ئېلىپ بارغان باتۇرانە كۈرەشلىرىنى؛ مەخسۇتبەگ قاتار-



لىق يەرلىك مۇستەبىت ئەمەلدارلار ۋە قانخور زالىملارنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا قولىدىن كېتىۋاتقان جەننىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئەجەل ھودۇقۇ-شىدا جان تالىشىۋاتقانلىقىنى كونكرېت ۋە جانلىق بەدىئىي ئوب-رازلار ئارقىلىق تەسۋىرلىدى.

«كۆرەشچان يىللار» رومانىنىڭ بىرىنچى قىسمى «تاڭ ئال-دىدا»نى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىكى مول مەزمۇنلۇق مۇرەككەپ ۋەقەلەر، رەڭگا-رەڭ گۈزەل مەنزىرىلەر، خۇددى تۇرمۇشنىڭ ئۆزىدىكىدەك تىرىك شەخسلەر ھەم ئۇلارنىڭ كىشى قەلبىنى تىترىتىدىغان سەرگۈزەشتىلىرى، چىرايلىق، راۋان ھەم يېقىملىق تەسۋىرلەر مېنى ئۆزىگە چوڭقۇر جەلپ قىلدى.

ھەممىگە ئايانكى، ئەدەبىيات — رېيال تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى، ئىجتىمائىي تۇرمۇش بولمىسا، ئەدەبىي ئىجادىيەتمۇ بولمايدۇ. بۇ رومان شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازاتلىق ھارپىسىدىكى رېيال تۇرمۇش ۋە كۈرىشىنىڭ جانلىق ئىنكاسى. شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر خەلقى مەملىكىتىمىزدىكى باشقا ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرىگە ئوخشاش تارىختىن بۇيان ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ قاتمۇ-قات زۇلمى ئاستىدا ئۆز ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم بولغان ھالدا، مىسلىسىز ئازاپ-ئوقۇبەتلەرنى تارتىپ كەلگەن، گومىنداڭ ئىس-تىبداتچىلىرى خالىغانچە زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىپ، كەڭ ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنى ۋەھشىلىك بىلەن دەپسەندە قىلغان، يەرلىك فېودال-پومىشچىكلار ھەممە جايدا ئۆزى بەگ-ئۆزى خان

بولۇۋېلىپ، دېخانلارنىڭ قان-تېرىنى خالىغانچە شورىغان. ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ رايىغا بېقىپ خىلمۇ-خىل پەتىۋالارنى ئويدۇرۇپ چىققۇچى بىر ئوچۇم دىنىي مۇتەئەسسىپلەر ئەمگەكچى خەلقنى مەنىۋى جەھەتتىن تېخىمۇ بىخوتلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنغان. ئۆزئارا باغلانغان بۇ چىلبۆرىلەرنىڭ قاتمۇ-قات زۇلمىغا تاقەت قىلالمىغان نامرات دېخانلار، زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش، نىجاتلىققا ئېرىشىش يۈزىسىدىن قوزغىلىپ، خەلق ئازاتلىق كۈرىشىنى قانات يايدۇردى. 1944-يىلى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاۋىنىڭ بىر قىسمى بولغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى پارتلاپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە كۈچلۈك زەربە بەردى. بۇ جەنۇبىي شىنجاڭغىمۇ زور تەسىر كورسەتتى. مانا شۇنداق ئىنقىلاپ بورانلىرىنىڭ تۈرتكىسى ۋە ئىلھامى ئاستىدا، زەرەپشان ئوغۇل-قىزلىرى ئۇزاقتىن بېرى كوكسىگە سىغدۇرالماي كېلىۋاتقان قەھرى-غەزىۋىنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، زەنجىر-كىشەنلەرنى پاچاقلاپ تاشلاپ، ئازاتلىق تېڭىنى كۈتۈۋېلىش يولىدا بىر قاتار جەڭ ناخشىلىرىنى ياڭراتتى.

ئۇلار پۈتۈن مەملىكىتىمىزنىڭ ئازات بولۇش ھارپىسىدا تۇرغان زور ياخشى ۋەزىيەتتى ئاستىدا، كەسكىن كۈرەشلەرنى قانات يايدۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق شىنجاڭغا يۈرۈش قىلغان خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىگە يېقىندىن ماسلىشىپ، ھەقىقىي ئازاتلىقنى قولغا كەلتۈرۈپ، يېڭى، گۈزەل ۋە بەختىيار ھاياتقا قەدەم قويدى.



گەرچە روماندا يەكەن دەرياسى ۋادىسىدىكى قەيسەر ئوغۇل-قىزلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئازاتلىق تېڭىغا بولغان تەشنالىقى ۋە ئۆز تەقدىرىگە ئۆزى خوجا بولۇش يولىدا ئېلىپ بارغان داغدۇغىلىق كۈرەشلىرى ئىخچاملاشتۇرۇلۇپ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن، رومانىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى شىنجاڭنىڭ ئاشۇ بىر پۈتۈن تارىخىي دەۋردىكى ئىجتىمائىي رېئاللىقىنى ساداقەتلىك بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئازاتلىق ھارپىسىدىكى "ھەممە يەر قان-زەرداپ ھەم ئاھ-پەرياد بىلەن تولغان، ھەممە دەرتمەنلەرنىڭ قەلبىنى قەھرى-غەزەپ قاپلىغان" تارىخىي چىنلىقىنى جانلىق كورۈنۈش، تىپىك ئوبراز ۋە كوركەم بەدىئىي تىل ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرەلىگەنلىكىدە. ئەدىبىي ئەسەردە يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشنى قانچىلىك ئىخچاملىشى، تىپىكلەشتۈرۈشى ھەم بەدىئىي تولۇقلىما قىلىشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇنىڭ ئۆزى كىتاپخانلار تەرىپىدىن خۇددى رېئال تۇرمۇشتىكى ئەينەن ئەھۋالنىڭ بىر قىسمى، دەپ ئېتىراپ قىلىنىشى ۋە كىتاپقا چوڭقۇر چوككىنىدە شۇ تۇرمۇشنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقاندەك ھېسسىياتقا ئىگە بولۇشى لازىم. «كۈرەشچان يىللار»نىڭ بىرىنچى قىسمى «تاڭ ئالدىدا» ئوقۇغۇچىلاردا ئالدى بىلەن ئاشۇنداق تەسىرات پەيدا قىلىدۇ.

شۇنى كورسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئەدىبىياتنىڭ چىنلىقى

تۇرمۇشنى راستچىللىق بىلەن ئىپادىلەشتىلا ئەمەس، بەلكى تۇرمۇشنىڭ تۈپ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىشتە، تۇرمۇشنىڭ تۈپ ماھىيىتى تۇرمۇشتىكى خىلمۇ-خىل كىشىلەرنى، تۇرمۇشتىكى ئىجابى شەخسلەر بىلەن سەلبى شەخسلەرنى، يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقنى، ئىلغارلىق بىلەن قالاقلىقنى، ئاساسلىق تەرەپ بىلەن ئاساسلىق بولمىغان تەرەپنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ، تۇرمۇشتىكى شەخسلەرنىڭ قارىمۇ-قارشىلىغى ۋە زىددىيىتىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئېچىپ بېرىلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، روماننىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىگى ئۇنىڭدا يالغۇز يۇقۇرقىدەك تۇرمۇشنىڭ تۈپ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىدىغان تىپىك ۋەقە تەسۋىرلىنىپلا قالماستىن، بەلكى ئاشۇ تىپىك شارائىت ئىچىدىكى تىپىك پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغانلىغىدا، بۇ مەسىلىنى ئېنىق چۈشىنىش ئۈچۈن، ئەسەردىكى بەزى مۇھىم پېرسوناژلار ئۈستىدە بىرلەپ توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى ئالماس قامەتلىك ھەم جىگەرلىك يېزا يىگىتى، ئاتا-بوۋىسىدىن تارتىپ مەخسۇتبەگكە قۇل سۈپىتىدە ئىشلەپ كەلگەن نامرات ياللانما دىخاننىڭ ئوغلى. ئۇ باللىق دەۋرىدىن باشلاپلا خۇددى باشقا جاپاكەشلەرنىڭ باللىرىغا ئوخشاش پاجىەلىك سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئالماس مەكتەپتە ئاسىم ئەپەندىنىڭ ئىنقىلاۋىي تەربىيىسىنى ئالغاندىن كېيىن ئىنقىلاپقا كۈچلۈك



ئەقىدە باغلاپ، ئىنقىلاپ قىلىش يولىغا قەدەم قويىدۇ. ئۇ بارغانسېرى قەتئىي ۋە سالماق ئىنقىلاپچى بولۇپ يېتىشىپ، دىخانلارنى ئۆز ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرالايدىغان ۋە ئۇلارغا يېتەكچىلىك قىلالايدىغان ماھارەتلىك ھەم باتۇر جەڭچى بولۇپ يېتىشىدۇ. ئۇ قانخور زالىملارغا بولغان چوڭقۇر سىنىپىي ئۆچمەنلىگى، سىنىپىي قېرىنداشلىرىغا بولغان مېھرى-مۇھەببىتى، ھېچنەرسىدىن قورقمايدىغان ئەر يۈرەكلىگى بىلەن كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ. روشەنكى، ئالماس ئازاتلىق تېڭىغا تەشنا بولغان ۋە شۇ يولغا جانپىدا قىلىشتىن باش تارتمايدىغان باتۇر يېزا ياشلىرىنىڭ تىپىك ۋەكىلى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاڭلىق ئىنقىلاپچى بولۇپ يېتىلىشىگە ئۇنىڭ ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن بىرقاتار سەرگۈزەشتىلەر، مەسىلەن: قەشقەرگە مال ئېلىپ بارغاندا ئۇچراشقان دۆڭ داشى ئىسىملىك خەنزۇ ئىنقىلاپچىنىڭ ئىنقىلاۋىي قېرىنداشلىرىنى قۇتقۇزۇش يولىدا قۇربان بولغانلىغى، ئابدىقادىر ئەپەندىنىڭ ئايالى رىزۋان ۋە ئىشچى قۇربانىنىڭ ئىنقىلاۋىي پائالىيەتلىرى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ گىلاسلىق باغدىكى غالجىرلىشىشلىرى سەۋەپچى بولىدۇ. دېمەك، ئۇنىڭ تىپىك خاراكتېرى ئاشۇ كونكرېت تىپىك مۇھىتتا شەكىللىنىدۇ.

ئاسىم ئەينى ۋاقىتتىكى ئىنقىلاۋىي ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇر زىيالىلىرىنىڭ تىپىك ئوبرازى. ئۇ ئۈرۈمچىدە ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدىلا پىشقەدەم كوممۇنىستلارنىڭ تەربىيىسىنى ئېلىپ، ئىنقىلاۋىي پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىدۇ، ئۇ ئوقۇش پۈتتۈرگەن-

دىن كېيىن، مەكتەپ رەھبەرلىگى ئۇنى "گۇمانلىق ئۇنسۇر"
دەپ ھىساپلاپ، زەرەپشان بويىغا سۈرگۈن قىلىدۇ. ئۇ ئىلغار
ئىدىيىنىڭ تەسىرى، زالىملارنىڭ زۇلمى ئاستىدا، ئاستا-ئاستا
ھەقىقەتنى تونۇپ، ئەركىنلىك ۋە ئازاتلىق يولىدا كۈرەشكۈچى
ۋە بۇ كۈرەشكە يېتەكچىلىك قىلغۇچى قەيسەر ئىنقىلاپچى بولۇپ
يېتىشىدۇ. ئاسىم ئەينى ۋاقىتتىكى ئۆز ھاياتىنىڭ خەۋپ-خەتە-
رىگە پىسەنت قىلماي، مىڭلىغان، مىليونلىغان ئەمگەكچىلەرنىڭ
قەلبىگە ئىنقىلاپ ئوتىنى ياققان سانسىز قەھرىمانلارنىڭ بىرى.
شۇنداقلا، ئۇ خەلق ئارىسىغا ئىلىم-مەرىپەتنىڭ نۇرىنى تارىتىپ،
غەپلەتتە ياتقان مەزلۇملارنى ئۇيقۇدىن ئويغىتىپ، مەخسۇتبەگ-
دەك قان ئىچەر زالىملارغا، ئەلۋەك سوپىدەك يالاقچى زىيالى-
لارغا قارشى تىنىمۇ-تىنىم كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرغۇچى ئوت
يۈرەك جەڭچى. ئاپتور ئاسىمنىڭ ئوبرازىنى شۇنچىلىك جانلىق
ۋە تەسىرلىك ياراتقانكى، كىشىلەر كىتاپنى ئوقۇپ بولغاندىن
كېيىنمۇ خېلى ۋاقىتلارغىچە ئۇنى يادىدىن چىقىرالمايدۇ. ئاسىم
كىتاپنىڭ ئاخىرىدا ئالماس قاتارلىق سەپداشلىرىغا ئۆزىنىڭ
پۈتۈن ئارزۇسى يىغىنچاقلانغان "پارتىيىنى تېپىڭلار!" دىگەن
بىر جۈملە سۆزىنى ۋەسىيەت قىلىپ قالدۇرۇپ، شەرەپ بىلەن
قۇربان بولىدۇ. ئەمما بۇ ئىنقىلاۋىي قۇربان ئاسىمنىڭ ئوبرازى
كىشىلەرنىڭ قەلبىدە خۇددى ھەيۋەت مۇناردەك مەڭگۇ قەد
كۆتىرىدۇ.

ئېلىقۇل خۇددى ئالماسقا ئوخشاشلا جىگەرلىك، بەردەم،



زەردىسى بار يىگىت. شانىياز بولسا، كۆزلىرىدە ھەمىشە غەزەپ
قايناپ تۇرىدىغان، تومۇردەك چىڭ يىگىت. بۇ ئىككى ئوبراز
جەمىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن تەبىقىسىدىن كېلىپ چىققان، زالىملار-
دىن ئىنتىقام ئېلىش يولىدا ئوت بولۇپ يانغان، ھەرقانداق
خېيىم-خەتەردىن قورقمايدىغان يېزا ياشلىرىنىڭ تىپىك ۋەكىلى
بولۇپ، ئۇلار ئىنقىلاپنىڭ يېزىدىكى تايانچ كۈچلىرىدۇر. ئاپتور
بۇ ئىككى پېرسوناژنىڭ ئىچىدە ئېلىقۇلنىڭ ئوبرازىنى گويا
ھاياتتىكى تىرىك ئادەملەردەكلا جانلىق ياراتقان.

"——..... مەن جاندىن جاق تويدۇم، ——دىدى ئۇ كۆزلىرىدىن
ئوت چاچراتقان ھالدا، ——سەككىز-ئون يىلدىن بۇيان مەخسۇت-
بەگنىڭ ئۆيىدە ئىت-ئىشەكنىڭ ئورنىدا ئىشلىدىم، ئۈستۈم
ئىللىغۇدەك كىيىم، قوسىغىم تويغۇدەك ئاش-نان كۆرگىنى
يوق. دادام بىلەن ئىنىمنىڭ بەگ قولىدا قانداق ئېچىنىشلىق
ئۆلگەنلىگىنى سىلەر كۆردۇڭلار... مەن ئاللىقاچان ئۆز-ئۆزەمە-
گە قەسەم بەردىم، بەگنىڭ قارنىنى يېرىۋەتمەي قويمايمەن.
ئالدىمنى توسماڭلار، بۇ جادۇگەرلىكنى ئۈستۈرىدەك ئىتتىك
بولدى، مەن بۇگۈنلا بەگنى 'ۋاچ' قىلىپ چاناپلا كاللىسىنى
تېنىدىن جۇدا قىلىپ پوخادىن چىقىمەن....."

يازغۇچى ئېلىقۇلنىڭ ئوبرازى ئارقىلىق شەخسى ئىنتىقام
ئېلىش بىلەن مەسىلە ھەل بولمايدىغانلىغىنى، پەقەت ئۇيۇشۇپ،
پەم-پاراسەت بىلەن كۈرەش قىلغاندىلا، ئىنقىلاپنىڭ غەلىبىسىنى
قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىغىنى چۈشەندۈرىدۇ.

روماندىكى يەنە بىر ئۇنتۇلماس پېرسوناژ ئېلىشا بولۇپ، ئاپتور قويۇق مىللىي تۇس ئالغان بۇ ئوبرازنى خېلىلا مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتقان. ئېلىشادەك كىشىلەر ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئوتلۇق قەلبى، ياڭراق سازى ۋە جەڭگىۋار ناخشا-قوشاقلىرى ئارقىلىق باي-بەگلەرنىڭ ئىپلاس ئەپتى-بەشىرىسىنى پاش قىلىپ، خەلقنى ناھەقچىلىققا ۋە زۇلۇمغا قارشى كۈرەش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرەتتى. شۇ سەۋەپتىن، ئۇلارنىڭ چوڭقۇر مەنىلىك ۋە قىزىقارلىق ناخشا-قوشاقلىرى كىشىلەر ئارىسىدا ئۇزاق زامانلارغىچە يادلىنىپ، ئېلىشادەك خەلق سەنئەتكارلىرى ئەمگەكچى خەلقلەرنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ كەلدى.

يازغۇچى روماندا يوقۇرقىلاردىن تاشقىرى يەنە بىرقانچە ئىجابىي پېرسوناژنىڭ يارقىن ئوبرازىنى يارىتىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى رېئاللىقنى ھەر تەرەپلىمە ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشتى. بۇلار: توختاخۇن، سارىخان ئانا، بايىز خالۋاپ، مەشرەپ، جۇما، سالمان، قىسمەت چورۇق، لەيلىگۈل، ئانار ۋە باشقىلار بولۇپ، گەرچە ئۇلارنىڭ تەقى-تۇرقى، مىجەز-خۇلقى، كەچمىش-كەچۈرمىشى ئوخشاش بولمىسىمۇ، تەقدىرى ئاساسەن ئوخشاش بولغان، بىرنىيەت، بىرمەقسەتتە ئىنقىلاپ تۇغى ئاستىغا ئۇيۇشقان تايانچ كۈچلەردۇر. ئۇلارنىڭ ئىندىۋىدۇئال خۇسۇسىيەتلىرى ئاپتور تەرىپىدىن ئىنچىكىلىك بىلەن سىزىپ بېرىلگەچكە، كىتاپخانلارنىڭ كۆز ئالدىدا خۇددى كىنو ئېكرا-



نىدا كورۇنگەندەك روشەن گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ.

روماندا بىرنەچچە سەلبىي پېرسوناژلار ئوبرازى يارىتىلغان بولۇپ، ئاپتور ئۇلارنى ئازاتلىق ھارپىسىدىكى مۇرەككەپ ۋە كەسكىن سىنىپىي كۈرەش ئىچىدە تەسۋىرلىگەنلىكتىن، ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى ئىپادىلەشتە ئالاھىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە مەخسۇتبەگ ئوبرازى بىر قەدەر گەۋدىلىك. ئۇ ئازاتلىقتىن ئىلگىرىكى شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى مۇستەبىت ھوكۇمرانلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى بولۇپ، ئۇنىڭ مۇدھىش تەلەتى، تويماس نەپسى ۋە ھەرقانداق نومۇس، ئىنساپ دىگەننى بىلمەيدىغان جاھىل تەبىتى ئاپتور تەرىپىدىن چوڭقۇر ئېچىپ بېرىلگەن.

"ھوكۇمەت ئەمرى، قانۇن دىگەن نىمە؟ بۇ، مەن ۋە مېنىڭ ئاغزىمدىن چىققان سوز، قالغىنى ئىككى پۇل..."، "مېنىڭ ئالدىمدىن نەچچە ھوكۇمەت ئوتتى.... زەرەپشان مېنىڭ قولۇمدا بولسىلا، ھوكۇمەت دىگەن ئالقىنىمدا..." دەيدۇ ئۇ مەمەدانىلىق بىلەن. ئۇ فېودال مۇستەبىتلىك تۈزۈمنىڭ جاھىل قوغدىغۇچىسى. يازغۇچى ئوتمۇش جەمىيەتتىكى زالىم بايلار ۋە مۇستەبىت ھوكۇمدارلاردا بولىدىغان ھەممە شۇملۇق، چىرىكلىك، يىرتقۇچلۇق، نومۇسسىزلىق ۋە مۇستەبىتلىك خاراكتېرلارنى سەلبىي ئوبراز بولغان مۇشۇ مەخسۇتبەگكە مۇجەسسەملەشتۈرگەن. ئاپتور مەخسۇتبەگنىڭ ئوبرازى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ فېودال-لىق ئەكسىيەتچىل تۈزۈمگە بولغان چوڭقۇر ئۆچمەنلىكىنى

قوزغاپ، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ مۇقەررەر مەغلۇپ بولىدىغانلىغى، ئېزىلگۈچى ئەمگەكچىلەرنىڭ جەزمەن غەلىبە قازىنىدىغانلىغىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى كورسىتىپ بېرىدۇ.

روماندا پاسار بەگ، جاڭ تۇەنجاڭ، جۇيىڭجاڭلار بەلگىلىك سەھىپە ئاجرىتىلىپ تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئۇلار ئەكسىيەتچىل گومىنداڭ ھوكۇمىتىنىڭ ھەربى، مەمۇرى ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان زالىم ئەمەلدارلارنىڭ تىپىك ۋەكىللىرى. جاڭ تۇەنجاڭ، جۇيىڭجاڭلار — يەرلىك بەگ-بايلارنى قانىتى ئاستىغا ئېلىپ، بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش بەدىلىگە مال-دۇنيا توپلاپ، ئەيش-ئىشرەت سۈرىدىغان بىر ئوچۇم لۈكچەكلەر ۋە قاراقچىلار. قاسىم دوغا، ئەيسا پاششاپلار بولسا، بايلارنىڭ يالىغىنى يالاپ، ئۇلارغا خوشامەت قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ كەتمىنىنى چېپىش ئارقىلىق تويماس نەپسىنى قاندۇرۇش كويىدا يۈرىدىغان نومۇسسىز مالايلار. بۇلارنىڭ ئىچىدە شاتۇر دوغىنىڭ ئوبرازى ئالاھىدىرەك يارىتىلغان بولۇپ، ئۇ خوجايىنىغا ئاڭسىز ئەگەشكەن، ئويغانمىغان، ئەمما قۇتقۇزۇۋېلىشقا بولىدىغان بىر شەخس.

يازغۇچى روماندا يەنە دىنىي تونغا ئورىنىۋالغان بىر ئوچۇم ئەكسىيەتچىلەر ۋە دىنىي مۇتەئەسسىپلەرنىڭ ئوبرازىنىمۇ ئۇنۇملۇك ياراتقان. بۇلارنىڭ كوپچىلىگى ئەمگەكچى خەلقلەرنىڭ قان-تېرى بەدىلىگە راھەت-پاراغەتتە ياشىغۇچى پارازىت-



لار. بولۇپمۇ كوك كوز ئابدۇللا داموللىغا ئوخشاش ئەكسىلئىنقىلاپچىلار ئوزلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي، ئەكسىيەتچىل كۈچلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئازاتلىق تېڭىنىڭ پاتراق يېتىپ كېلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ. گەرچە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىمام خاتىپتەك ئادالەت ئۈستىدە بىر-ئىككى ئېغىز راست سوزلەيدىغان كىشىلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەققانى سوزلىرى ئەكسىيەتچىل ھوكۇمرانلار ۋە دىنىي مۇتەئەسسىپلەرنىڭ قورشاپ ھۇجۇم قىلىشى ھەم رەت قىلىشىغا ئۇچرايدۇ. ياسىن شاڭخەيدەك ئىشىنىڭ يولىنى بىلىدىغان، سىپايى ۋە ھىلىگەر سودىگەرلەر خەلقنىڭ مال-مۈلكىنى گويا غازاڭدەك سىرىۋېلىپ، خەلقنىڭ يىلىكىنى ئۇستىلىق بىلەن شورايدۇ. ئۇنىڭ ئاكىسى ھىسامىدىن داموللا بىلەن ئىنىسى مەخسۇتبەگنىمۇ تورغا چۈشۈرۈشى ”بىر تۇخۇمدىن تورەلگەن ئۈچ چايان“ ئىچىدە ئۇنىڭ تېخىمۇ زەھەرلىك چايان ئىكەنلىگىدىن ئىشارەت بېرىدۇ. روماندىكى ئەلۋەك سوپى ئوبرازى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ يالاقچى زىيالىيلىرىنىڭ ئوبرازى بولۇپ، مەكتەپلەردە فاشىستىك دىكتاتۇرا يۈرگۈزىدىغان قول-چوماقلارنىڭ ھەم پۇلغا سېتىلغان رەزىل ئىشپىيونلارنىڭ تىپىك ۋەكىلىدۇر.

يۇقۇرىدىكى قىسقىچە تەھلىلدىن مەلۇم بولىدىكى، ئاپتور ئوز روماندا ھەر ساھە، ھەرقايسى تەبىقىگە مەنسۇپ بولغان خىلمۇ-خىل پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازىنى تەسىرلىك، جانلىق ۋە

بىر قەدەر مۇكەممەل ياراتقان بولۇپ، رومانىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقى يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشقا چوڭقۇر چوكۇپ، خىلمۇ-خىل كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى ۋە مىجەز-خۇلقىنى قېتىقىنىپ ئۆگەنگەنلىكى ۋە بۇ جەھەتتە چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى.

رومانىنىڭ يەنە بىر گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭدا ئۇلۇغ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بىر قىسمى بولغان ۋە بۈيۈك ۋەتىنىمىزنىڭ "ناخشا-ئۇسسۇل ماكانى" ھىساپلانغان شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجتىمائى شارائىتى، پىسخىك ھالىتى، ئۆرپ-ئادىتى ۋە ئۆزىگە خاس تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى خۇددى كىنو لىنتىسىدەك ئېنىق، جەڭ ناخشىسىدەك تەسىرلىك ھالدا تەسۋىرلەنگەنلىكىدە، ئىككىنچى تۈرلۈك سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ئەسەرنىڭ مىللىي تۈسكە ۋە مىللىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغانلىقىدا. ئەدىبىيات تۇرمۇشنى ئوبراز ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئاڭ فورمىسى بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭدىكى پېرسوناژنىڭ خاراكتېرىدا شۇ مىللەتكە خاس ئۆزگىچىلىكنىڭ بار-يوقلۇقىدا ئىپادىلىنىدۇ، چۈنكى ھەرقايسى مىللەت يازغۇچىلىرى ئۆز ئەسەرلىرى ئۈستىدە ئوبرازلىق تەپەككۇر يۈرگۈزگەندە، ئۇلارنى بەلگىلىك مىللەتنىڭ شۇ دەۋردىكى ۋەكىلى سۈپىتىدە يارىتىپ، ئۆزىگە خاس مىللىي روھنى سىڭدۈرىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا، بەدىئىي ئەسەردىكى پېرسوناژلار خۇددى گېگېل ئېيتقاندەك "مۇشۇ بىر شەخس" بولالايدۇ. ئىنقىلاۋىي



داھىلار ۋە ئۇستازلارنىڭ ئەدىبىيات-سەنئەتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىككە ئەزەلدىن زور ئېتىۋار بېرىپ كەلگەنلىكىنىڭ سەۋەبىمۇ دەل شۇ يەردە. «كۆرەشچان يىللار» رومانىنىڭ بىرىنچى قىسمى «تاڭ ئالدىدا» دىكى ئىجابى ۋە سەلبى پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىدا مۇنداق مىللىي ئالاھىدىلىك ئېنىق ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

شۇنى ئەسكەرتىش زۆرۈركى، ئەدىبىي ئەسەردىكى مىللىي خاراكتېر زامان ۋە ماكاندىن خالى بولغان ياكى سىنىپتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئابستىراكت نەرسە بولماستىن، بەلكى شۇ مىللەتنىڭ "تۇرمۇش شارائىتىنىڭ ئىنكاسى"، "مىللىي يازغۇچىنىڭ ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان شارائىت توغرىسىدىكى تەسىراتىنىڭ جەۋھىرى". ھەرقايسى مىللەتنىڭ تارىخىي ئەنئەنىسى بىلەن رىيال تۇرمۇشىنىڭ ئۆزى مىللىي خۇسۇسىيەتنىڭ بىر قىسمى. ئەگەر يازغۇچى ئاشۇ مىللەتنىڭ ئىجتىمائى تۇرمۇشىدىكى مەلۇم ماھىيەتلىك تەرەپلەرنى توغرا ئىگىلەپ، شۇ مىللەتنىڭ تۇرمۇشىنى چىنلىق بىلەن گەۋدىلەندۈرۈپ، مۇھىمى بەلگىلىك باسقۇچتىكى شۇ مىللەتنىڭ تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان زور ئىجتىمائى مەسىلىلەرنى يورۇتۇپ بېرەلىسە، ئۇنىڭ ئەسىرى روشەن مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە ئەسەر بولالايدۇ. يولداش قېيۇم تۇردىنىڭ «كۆرەشچان يىللار» ناملىق رومانىدا 1949-يىلدىن 1955-يىلغىچىلىك بولغان دەۋر ئىچىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجتىمائى تەقدىرى ۋە ھاياتىدا يۈز بەرگەن تارىخىي خاراكتېرلىق زور ئۆزگىرىشلەر تەسۋىرلەنگەنلىكتىن،

بۇ تەلەپكە تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ.

ئەدىبىي ئەسەرنىڭ مىللىي تۈسىنى گەۋدىلەندۈرۈشنىڭ بىر قىسمى بولغان مەنزىرە تەسۋىرى بىلەن ئۆرپ-ئادەت تەسۋىرى پېرسوناژلارنىڭ مىللىي پسىخىك ھالىتى ۋە مىللىي ئۆزگىچىلىكىنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ مۇھىم ئامىلى. ئاپتور «كۆرەشچان يىللار» رومانىنىڭ بىرىنچى بابىدا مۇنداق مەنزىرە تەسۋىرى بېرىدۇ:

"كۈيىنلۈن ئېتىكىدە يەكەن دەرياسى دولقۇنلىنىپ ئاقىدۇ. بىپايان قار-مۇزلۇق چوققىلاردىن باشلانغان بۇ ئەزىم دەريا پاقىراپ تۇرغان كۈمۈش لېنتىدەك ياپ-يېشىل بوستانلىق يەكەن ۋادىسىنى، مۇنبەت دولان تۈزلەڭلىكىنى ۋە مەشھۇر تەكلىماكان قىرغاقلىرىدىكى سانسىز قۇم بارخانلىرىنى كېسىپ ئۆتۈپ، تارىم دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ."

رومانىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ تىلىدا، يەنى ئاپتور تىلى بىلەن پېرسوناژ تىلىدا، ئۇيغۇر تىلىدىكى دەل، ئېنىق، راۋان ۋە ئوبرازلىق تىل ئىبارىلىرىنى قوللانغانلىقىدىمۇ كۆرۈنىدۇ. ئاپتور ئۆز رومانىنىڭ تىلىغا ئالاھىدە ئەجىر سىڭدۈرگەنلىكى، ماجاز، ئوخشىتىش، مۇبالىغە قىلىش قاتارلىق ۋاستىلەردىن ئورۇنلۇق پايدىلانغاندىن تاشقىرى، تەسۋىرىي بايان، دىئالوگ ۋە ماقال-تەمسىللەرنىمۇ بەھۇزۇر ۋە دەل جايىدا قوللانغانلىقى ئۈچۈن، كىتابخانلار كىتابنى ئوقۇۋېتىپ، خۇددى ئۇنىڭدىكى پېرسوناژلارنىڭ ئۆزىنى كۆرۈۋاتقاندەك، ئاۋازىنى



ئاڭلاۋاتقاندەك بولىدۇ.

ئاپتور رومانىدا كېلىپ چىقىشى، سەرگۈزەشتىسى، ئىجتىمائىي ئورنى ئوخشاش بولمىغان پېرسوناژلارنىڭ ھەرقايسىسىنى ئۆز لايىقىدىكى تىل بىلەن سۆزلەتكەنلىكى ئۈچۈن، ھەرقايسى پېرسوناژلارنىڭ ئىندىۋىدۇئال خۇسۇسىيەتلىرى بىرقەدەر روشەنلەشكەن.

"—مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، ئېلىشىمىز! —دېدى ئالماس زەربە بىلەن، —يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم، باشقا كەلگەننى كۆرىمىز!......

ئاسىم دوستلارچە يېقىملىق ۋە سالماقلىق بىلەن:

—شۇنداق، لېكىن باشقا كەلگەننى كۆرىمىز ئەمەس، بەلكى پاراسەت بىلەن كۆرەش قىلىپ، ئازاتلىق كۈنلىرىنى كۈتۈۋالىمىز، —دېدى."

روشەنكى، بۇ قىسقا دىئالوگ ئاسىم بىلەن ئالماسنىڭ ئاڭ-سەۋىيىسىنىڭ ھەم چېنىقىش دەرىجىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

"—ھور-پەرىلەر، —دېدى ئۇ قازىكالانغا قاراپ، —ئايدىن چىرايلىق، چولپاندىن نۇرلۇق بولۇپ، سۇ ئىچسە تامىقىدىن كۆرۈنۈپ تۇرارمىش؛ ئەۋرىشىم بەدەنلىرى زىلۋا ياپراقتەك لىغىلداپ، ھوسنىدىن غۇنچىنىڭ ھىدى كېلىپ، لەۋلىرىدىن ئېپار چېچىپ، ئاغرىقنى ساق، قېرىغاننى ياش قىلارمىش ھە، قازاخۇنۇم؟......

—شۇنداق، كورسىلە، نىمە دېگەن ئالى پەزىلەتلىك،— قازىكالان شۇ گەپنى ئېيتىپ، قۇرۇت يېگەن چىشلىرىنى كورسىتىپ، ئاۋازسىز تېلىقىپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇ كۈلگەندە پومپىيىپ چىققان قوساقلىرى موڭگەكلىگەن خوتەكنىڭ ساغرىسىدەك سەكرەيتتى.“

ئاپتور بۇ يەردە ئوزىنى پاك ھىساپلايدىغان قازىكالاننىڭ خاراكتېرىغا ماس تىل ئىشلىتىپ، ئۇنىڭ تەبىتىنىڭ ساختا ۋە پەسكەش ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلايدۇ.

بەدىي ئەسەرنىڭ كومپوزىتسىيە قۇرۇلۇشى ھەم سيۇژىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئەسەردىكى پېرسوناژلار ئوبرازىنى ياخشى يارىتىش ۋە توپ ئىدىيىنى روشەن ئېچىپ بېرىشتىكى مۇھىم ھالقىلارنىڭ بىرى. ئاپتور ئوز رومانىدىكى ھەرقايسى بولەكلەرنى بىر بىرىگە مۇۋاپىق باغلاشتا ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشتا ئوزىگە خاس بەدىي ئۇسلۇپ قوللانغان. ئەسەرنىڭ سيۇژىتىمۇ مۇرەككەپ ھەم قىزىقارلىق ھالدا يارىتىلغانلىقى ئۈچۈن كىتاپخانلارنى زېرىكتۈرۈپ قويمايدۇ، بەلكى ئوزىگە قىزغىن جەلپ قىلىپ، داۋامىنى بىر يولى ئوقۇپ تۈگىتىشكە ئۈندەيدۇ. رومان سارىخان ئانىنىڭ دەرتلىك شىكايەتلىرىدىن باشلىنىپ، سارىخان ئانا قاتارلىق ئەمگەكچىلەرنىڭ دەريا لېۋىدە شەرق ئاسمىنىدىن كوتىرىلىپ چىقىۋاتقان قۇياش نۇرىغا تەلپۈنگەن ھالدا ئاتلىق قوشۇننى ئۇزىتىپ، ئازاتلىق ئەلچىلىرىنى كۈتۈۋاتقانلىقى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. بۇ ئارقىلىق، قاراڭغۇ زۇلمەتكە



خاتىمە بېرىلىپ، نۇرلۇق تاڭنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن بىشارەت بېرىلىدۇ. مۇشۇ مەنىدە «كۈرەشچان يىللار» رومانىنىڭ بىرىنچى قىسمى — «تاڭ ئالدىدا»نى كۈرەشچان يىللارنىڭ زەپەر ناخشىسى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

دىمەك، يولداش قېيۇم تۇردىنىڭ بۇ رومانى ئەمەلىيەتنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، ئەدەبىياتنىڭ چىنلىقى پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى رىيالىستىك ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىگىدە، سانسىز ئىنقىلاۋىي قەھرىمانلارنىڭ ساپ قانلىرى ۋە جاپالىق كۈرەشلىرى بەدىلىگە كەلگەن ئازاتلىق تېگىنى قىزغىن كۈيلەيدىغان، كەڭ كىتاپخانلار ئاممىسىغا ئوتمۇشنى ئۇنتۇماسلىق، بۈگۈنكى بەخت-سائادەتنىڭ قەدرىگە يېتىش، يېڭى ئۇزۇن سەپەردىكى زەربىدارلىق رولىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، ئىنقىلاۋىي ئەجداتلارنىڭ يۈكسەك ئارزۇسى ھەم ئالى غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن رىغبەتلەندۇرىدىغان، ئىنقىلاۋىي سىياسى مەزمۇن بىلەن گۈزەل بەدىي شەكىل بىرلەشتۈرۈلگەن ياخشى ئەسەر بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىياسى-ئىدىيىۋى تەربىيە ئېلىشىغا ۋە بەدىي جەھەتتىن زوقلىنىشىغا ئەرزىيدۇ.

ئاخىرىدا، ئاپتورغا مەسلىھەت تەرىقىسىدە شۇنى تەۋسىيە قىلىشقا توغرا كېلىدۇكى، گەرچە رومانىنىڭ نەتىجىسى زور ۋە كوزگە كورۇنەرلىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا بەزى كەمچىلىك ۋە يېتەرسىزلىكلەرمۇ يوق ئەمەس. ئوتمۇشتە توكۈلگەن بىگۇنا

قان-ياشلارنى تەسۋىرلەشكە ناھايىتى كۆپ سەھىپە ئاجرىتىلغان بولسىمۇ، بۇ خىل قان-ياشلارنىڭ تۆكۈلۈشىدىكى تۈپ ماھىيەت تازا چوڭقۇر ئېچىپ بېرىلمىگەن. سەلبىي قەھرىمانلارغا نىسبەتەن ئىجابىي قەھرىمانلارنىڭ خاراكتېرى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ پەم-پاراستى ۋە يۈكسەك ئىنقىلاۋىي غايىسى تولۇق ئېچىپ بېرىلمىگەن. ئاپتور ۋەقەلەرنى ئۆز ئەسىرىنىڭ سىياسىي-ئىدىيىۋى-لىگىنى كۆپرەك نەزەردە تۇتۇپ، ئۆز مېڭىسىدىكى ئالدىنئالا شەكىللەنگەن چۈشەنچىگە ئاساسەن قۇراشتۇرغانلىقتىن، بەزى جايلاردا پېرسوناژلارنىڭ كۆز قاراشلىرى يالىڭاچلا ئىپادىلىنىپ قالغان. شۇ سەۋەپتىن، رومانىنىڭ بەزى بابلىرى ھېكايىدىن كۆرە، پوبلىستىكىلىق ئوچېرىككە، بەدىي ئەسەردىن كۆرە ئاخبارات خەۋىرىگە كۆپرەك ئوخشاپ قالغان. بۇ ھال ئەسەرنىڭ تەربىيىۋى ئەھمىيىتىگە ۋە بەدىي قىممىتىگە بەلگىلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەمما بۇ، ئالغا بېسىش داۋامىدىكى كەمچىلىك بولۇپ، ئاپتورنىڭ ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى كىتاۋىدا بۇنى چوقۇم تۈزىتىپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشەنچىمىز كامىل. ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ رىيال تۇرمۇشنى ئىنكاس قىلىش ئۇسۇلى بىلەن باشقا ئىجتىمائىي ئاڭ فورمىلىرىنىڭ رىياللىقنى ئىنكاس قىلىش ئۇسۇلى ئوخشىمايدۇ؛ ئوبيېكتىپ دۇنيانى سەنئەت جەھەتتىن بىلىش ئۇسۇلى بىلەن نەزەرىيە جەھەتتىن بىلىش ئۇسۇلى ئوخشىمايدۇ. بىرى ئوبرازلىق تەپەككۇر ئارقىلىق بولسا، يەنە بىرى مەنتىقىلىق تەپەككۇر ئارقىلىق بولىدۇ.



ماركس، ئېنگېلسلار بۇ مەسىلىگە ئەزەلدىن زور ئېتىۋار بىلەن مۇئامىلە قىلىپ كەلگەن. ماركس 1859-يىلى لاسسالغا يازغان خېتىدە، ئەدەبىي ئەسەرلەردە ”شەخسنى دەۋرنىڭ نوقۇل كانىيىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇش“ خاھىشىنى تەنقىت قىلىپ، مۇنازىرە خاراكتېرلىق نۇتۇقلارنى قىسقارتىش، يازغۇچىنىڭ مۇددىئاسىنى ئەسەرنىڭ راۋاجى جەريانىدا تېخىمۇ جانلىق، تېخىمۇ ئاكتىپ يورۇتۇپ، تەبىي ھالدا ئىپادىلەشنى تەلەپ قىلغان ئىدى. ئېنگېلسمۇ 1885-يىلى مىنيا، كائۇتسكىغا يازغان خېتىدە، ئەدەبىي ئەسەردە ”تېندېنسىيە ئالاھىدە ئېيتىلماستىن، كۆرۈنۈش ھەم سيۇژېتلار ئارقىلىق تەبىي ھالدا ئىپادىلىنىشى“ كېرەكلىكىنى تەكىتلەپ، ”ئاپتورنىڭ كۆزقارىشى قانچە يوشۇرۇن بولسا، سەنئەت ئەسىرىگە نىسبەتەن شۇنچە ياخشى بولىدۇ“ دەپ ئېنىق كۆرسەتكەن ئىدى. يولداش ماۋ زېدۇڭمۇ يولداش چېن يىغا يازغان خېتىدە ئەدەبىي ئەسەردە ئوبرازلىق تەپەككۇردىن پايدىلىنىش زۆرۈرلۈكىنى قايتا-قايتا تەكىتلىگەن ئىدى. يولداش قېيۇم تۇردىنىڭ ئۆز ئىجادىيىتىنى يالغۇز ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى بەدىي شەكىل جەھەتتىمۇ ياخشى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۆزىگە خاس ئىجادىي ئۇسلۇپ يارىتىپ، يېڭى ئۇزۇن سەپەرگە ئات سالغان زەربىدارلارنىڭ مەنىۋى تەشناللىقىنى قاندۇرالايدىغان تېخىمۇ مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئىجات قىلىشىنى سەمىمىي ئۈمىت قىلىمىز.

# زەلىلى ئىجادىيىتى ۋە ئۇنىڭ «سەپەرنامە» داستانى

**ئابدۇشۇكۇر تۇردى**

زەلىلى 18-ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك ۋەكىللىرىدىن بىرى. زەلىلىنىڭ ئەسلى ئىسمى مۇھەممەت سىدىق بولۇپ، ئۇ 17-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا يەركەندە نامرات دىخان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. زەلىلى ياشلىقىنى ئۆز يۇرتى يەركەندە ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ، ئۇ ئەينى زامانىنىڭ بىلىم يۇرتى سانالغان مەدرىسىلەردە ئوقۇپ، تىل-ئەدەبىيات ئىلمى، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى مىراسلىرى ۋە شەرق ئەدەبىياتى بىلەن ئوبدان تونۇشىدۇ. شائىر ياش چېغىدىن تارتىپلا شېئىر يېزىشقا، ساز ۋە نەغمىگە ھەۋەس قىلىشقا باشلايدۇ.

زەلىلى ياشىغان ۋە تەربىيە ئالغان يەركەن شۇ دەۋردە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ بىرى ئىدى. زەلىلى ئۆزىنىڭ «سەپەرنامە» داستانىدا ئەسلەپ ئۆتكىنىدەك شۇ چاغلاردا يەركەندە ئىلىم ئەھلىلىرى "شۇئىلە چېچىپ تۇرىدى-



غان" ئاتاقلىق چوڭ مەدرىس، خانىقالار بولۇپ، بۇلار "ئىلىم-مەرىپەتنىڭ گۈلۈستانى" ھىساپلانغان ئىدى. شۇنداقلا يەركەن ناخشا، ساز، نەغمە-ناۋا قاينايدىغان بىر ئوچاق ئىدى.

بۇنداق بىر ئەدەبىي مۇھىت زەلىلىدە ئەدەبىيات-سەنئەت ۋە شېئىرىيەتكە ھەۋەس ئويغىتىپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ ئۇسۇپ كامالەتكە يېتىشى، ئىستىداتلىق بىر شائىر بولۇپ يېتىشىشى ئۈچۈن تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

ياشلىقىدىلا شېئىرىيەتكە ۋە نەغمە، سازغا ھەۋەس باغلىغان زەلىلى كېيىنچە ناھايىتى زور ئىشتىياق بىلەن ئىجادىيەتكە كىرىشىدۇ. ئۇ ئۆزىنى "شېئىر، چاڭ ۋە نەينىڭ ئەسىرى"① دەپ ئاتايدۇ.

شائىر ئۆزىنىڭ شېئىرگە بولغان ئىشتىياقىنى ئىزھار قىلىپ:

كۆڭلۈمنى خازانەئى جاۋاھىر بىلدىم،
تىل بەلكى گەۋ ھەر ساچقالى ماھىر بىلدىم.

دەپ يازسا، ساز-نەغمىگە بولغان ھەۋىسىنى:

نەغمە بىلەن تازادۇر بۇ جانلار،
نەغمە بىلەن شاد پەرىشانلار،

① زەلىلى "سەپەرنامە"، قولىيازما دىۋان.

نەغمە بىلەن شەھرى جۇنۇن بولدى پۇر،
ئۇزدى مەھارىنى جۇنۇندىن شۇتۇر.

دىگەن مىسرالار بىلەن ئىپادىلەيدۇ. زەلىلىنىڭ تەرجىمىھالى ھەققىدە ھازىرغىچە تولۇق مەلۇمات يوق. ئۇنىڭ ھاياتى توغرىسىدا ئىشەنچلىك پاكىتلارنى شائىرنىڭ شېئىرىي مىسرالىرىدىن، بولۇپمۇ ئۇنىڭ «سەپەرنامە» داستانىدىن تېپىشقا بولىدۇ.

شائىرنىڭ ئەسەرلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇنىڭ يەركەندىكى ھاياتى ”يەر، سۇسىز“، نامراتچىلىقتا ئۆتكەن. زەلىلى سەپەرگە چىقىش ئالدىدىكى بىر غەزىلىدە ئۆزىنىڭ بۇ نامرات ھالىدىن زارلىنىپ ”يەركەن ئىچىدە نەيلەسۇن، ئابۇ زىمىن يوق“ دەپ يازىدۇ. شائىر 40 ياشقا كىرگەندە، ئىلىم ۋە شېئىرىيەتتە ئۆزىنى تېخى پىشمىغان گودەك ھىساپلاپ ”زىيارەتكارلارنى تاۋاپ قىلىش“، ”ئۆزكوڭلىنى بېزەش“، يەنى ئىجادىيەت ئۇزۇقى ئېلىش مەقسىدىدە ”بىرنان، بىر پۇلسىز، ئاھىنى بەلباغ، ئىككى ئايىغىنى ئۇلاغ“① قىلىپ سەپەرگە ئاتلىنىدۇ. شۇ سەپىرىدە ئاۋال قەشقەرگە بارىدۇ. كېيىن، سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننىڭ مازىرىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن ئاتۇش مەشھەتكە بېرىپ،

① ئىرناق ئىچىدىكى سوزلەر زەلىلى ئەسەرلىرىدىن ئېلىنغان، كېيىنكىلىرىمۇ شۇنداق.



ئۇ يەردە ئۈچ يىل ئۈچ ئاي تۇرۇپ قالىدۇ. كېيىن ئانا يۇرتىنى ياد ئېتىپ يەركەنگە قايتىدۇ.

شائىر زەلىلى ئىككىنچى قېتىم ئۆز ئىنىسى دەلىلى بىلەن ساياھەتكە چىقىپ نىيەگىچە بارىدۇ ۋە قايتىشىدا خوتەندە يەتتە يىل تۇرۇپ قېلىپ، ئانىسىنىمۇ خوتەنگە ئالدۇرىدۇ. شائىرنىڭ ئانىسى خوتەندە ۋاپات بولىدۇ. زەلىلىنىڭ بۇ ساياھىتى شائىر ئۈچۈن خەلق تۇرمۇشىنىڭ زور مەكتىۋى بولىدۇ. بۇ جەرياندا، ئۇ نۇرغۇن سوھبەتلەردە بولۇپ، كوپلىگەن ۋەقەلەردىن خەۋەردار بولىدۇ. بولۇپمۇ ”ئاۋارە بولغان خەلق“ بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىپ، ئۇلارنىڭ دەرت-ئەلەملىرىنى ئاڭلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. بۇ نەرسە شائىرنىڭ ئىجادىي يۈكسىلىشىدە زور تەسىر كورسىتىدۇ، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك تېمىلىرىنى، زامانىدىن شىكايەت قىلىدىغان تېمىلارنى ۋە سۆيگۈ-مۇھەببەت تېمىلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. زەلىلىنىڭ ئەڭ ياخشى شېئىرلىرىمۇ شۇ سەپەر جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن.

شائىر زەلىلى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى يەركەندە ئۆتكۈزىدۇ ۋە يەركەندە ۋاپات بولىدۇ.

زەلىلى بىزگە قىممەتلىك ۋە مول ئەدەبىي مىراس قالدۇرۇپ كەتتى. زەلىلىنىڭ ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغان ئىككى قول يازما دىۋانى بولۇپ، بۇ ھەر ئىككى دىۋان شىنجاڭ مۇزېيىدا ساقلانماقتا. ئۇنىڭ بىرى ”كۇلىيات زەلىلى“، بۇ بىر قەدەر

تولۇق دىۋاندۇر. يەنە بىرى كىچىك قوللۇق "دىۋان زەلىلى"، بۇنىڭغا 126 غەزەل ۋە رۇبائىيدىن باشقا يەنە "سەپەرنامە" داستانىمۇ كىرگۈزۈلگەن. شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇ ئىككى دىۋان زەلىلى ئىجادىيىتىنىڭ ھەممىسى ئەمەس. بىز زەلىلىنىڭ ئىككى دىۋانىنى سېلىشتۇرغىنىمىزدا، 2-دىۋاندىكى بەزى شېئىرلارنىڭ "كۇللىيات زەلىلى"گە كىرگۈزۈلمىگەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇ نەرسە بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بۇ ئىككى دىۋاننىڭ ئىككى خىل مەنبەدىن ئېلىنغانلىقى، شائىرنىڭ بۇنىڭدىن باشقا تېخىمۇ مۇكەممەل دىۋانى بولغانلىقى ۋە ئۇنىڭ تېخى بىزگە مەلۇم بولمىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا زەلىلىنىڭ بەزى غەزەللىرى ئايرىم بايازلارغىمۇ كىرگۈزۈلگەن ۋە ناۋايى شېئىرلىرى بىلەن بىر قاتارغا قويۇلغان؛ بۇ پاكىتلار زەلىلى ئىجادىيىتىنىڭ موللىقىنىلا چۈشەندۈرۈپ قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ بەدىئى ماھارىتىمۇ يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى، خەلقىنىڭ ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى سۆيۈپ ئوقۇپ، قولمۇ-قول كۆچۈرۈپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

* * *

زەلىلىنىڭ ئىجادىيىتىدە لىرىك غەزەللەر ئاساسىي ئورۇن تۇتىدۇ. غەزەل كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا كەڭ قوللىنىلغان ئاھاڭدار، يەڭگىل لىرىك ژانىر بولۇپ، يادلاپ ئېلىشقا، كۈيگە سېلىپ ئېيتىشقا ئەپلىك. غەزەللەر مۇشائىرە كېچىلىرىدە



دېكلاماتسىيە قىلىپ ئوقۇلىدۇ، مەشرەپ سورۇنلىرىدا ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتىلىدۇ، شۇڭا، خەلق ئىچىدە تېز تارقىلىپ يىلتىز تارتىدۇ.

بۇنى ياخشى چۈشەنگەن زەلىلى ئەڭ نازۇك تۇيغۇ ۋە دولقۇنلۇق ھېسسىياتلىرىنى جاراڭلىق غەزەل مىسرالىرىدا چوڭقۇر ئىپادە قىلىپ، ئۆز غەزەللىرى ئارقىلىق ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى مەشھۇر غەزەل نەۋىس شائىر بولۇپ قالدى. مەرىپەتپەرۋەرلىك، ئەلەملىك شىكايەت، شاھلارنى ئادالەتكە ئۈندەش، خەلقنىڭ ئېغىر ئەھۋالىغا ئېچىنىش — زەلىلى غەزەللىرىدىكى ئاساسىي تېماتىك مەزمۇندۇر. شائىر بىر غەزىلىدە ئۆز ئىجادىيىتىگە باھا بېرىپ:

مۇناپىقلارغا بۇ مەيدان ئىچىندە،
تىلىمدۇر زۇلپىقار، ئەقلىم دۇلدۇل.
زەلىلى شېئىرىدىن مۇرغى سەھەرخىز،
چىمەندە ئەيلەدى پەريادى غۇلغۇل.

دەپ يازغان ئىدى. ھەقىقەتەن، ئۇ ئۆز ئىجادىيىتى ئارقىلىق ئەمگەكچى خەلقنى ئۇلۇغلايدۇ، زالىم مۇناپىقلارنى بولسا قامچىلايدۇ، باي-تۆرىلەرنى ئەرزىمەس بىرخەس دەپ قارايدۇ.

دېھقان كوھەن سال نەسەھەت ئېيتىپدۇر،

ئالەمگە ئىكىن ئىنجۇلارىن يايتىپتۇر،
رۇخسارى باھار ئۆمرىنى تىرە قىلۇر،
ھەر ئادەم زادىكى سۆيىنى لايتىپتۇر.

ياكى:

مەغرۇر ناماز ئۆلمىغىل ئەي زاھىدى خۇدبىن
دىھقان ئىرو سەمەندەر قاشىدا تورە خەستۇر.

شائىرنىڭ بۇ مىسرالىرى ئۆز سىنىپىي ئورنىنىڭ نەتىجىسى ۋە بېشىدىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ خۇلاسىسىدۇر. پۈتۈن فېۋداللىق جەمىيەت ئەزىز دەپ قارىغان بەگ-تۆرىلەرنى خەسكە ئوخشىتىش ۋە فېۋدال ئاقسوڭەكلەر تەرىپىدىن كەمسىتىلىپ، زۇلۇم ئوچىغىغا تاشلانغان دىخانلار تەبىقىسىنى ئالەمگە ئىنجۇ چېچىپ، بايلىق ياراتقۇچى، ئوت ئالدىدىكى سەمەندەر دەپ قاراش فېۋدالىزم ئىدىيىۋى ئاسارىتىنى بوسۇپ تاشلىغانلىق بولۇپ، ئۇنى ئەينى زاماندىكى يۈكسەك بىر ئىددىيىۋى پەللە دەپ ھىساپلاشقا بولىدۇ.

زەلىلى خەلقنىڭ ھىمايىچىسى سۈپىتىدە ئادالەت پەرۋەرلىكنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئەڭ ئاۋال ئۇ، شاھدىن ئادىل بولۇشنى، خەلققە ھىممەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ:

شاھى رەئىيەتكە سىتەم قىلماغاي،



بىر نەپەسى ئەدلىنى كەم قىلماغاي.

......

ئەي شاھ، خۇدا ھەمىشە يارىڭ بولسۇن،
گەردۇن قەدەمىڭدەكى غۇبارىڭ بولسۇن.
ھىممەت بىلەن بۇ تۇغ-ئەلەم جىلۋەگەر ئولدى،
ھىممەت ئىلگىڭدە زۇلپىقارىڭ بولسۇن.

شائىرنىڭ ئادالەت تېمىسىنى شاھقا باغلاپ ئەكس ئەتتۈرۈشى — ئورتا ئەسىر ئادالەتپەرۋەرلىگىنىڭ بىر ئالاھىدىلىگى. زەلىلى بۇ مەسىلىدە ئەنئەنىۋى رامكا ۋە دەۋر چەكلىمىسىدىن ھالقىپ ئۆتەلمىگەن، يەنى ئىجتىمائى تەڭسىزلىكنىڭ (شائىرنىڭ نەزدىرىدە ئادالەتسىزلىكنىڭ) يىلتىزى نىمىدە ئىكەنلىگىنى چۈشىنىپ يەتمىگەن بولسىمۇ، ئەينى زاماندا، خەلق ئۈستىدىكى زۇلۇمنى چەكلەشنى، خەلققە ھىممەت كۆرسىتىشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ، شائىردىكى خەلقپەرۋەرلىكنىڭ ئادالەت تېمىسىدا ئەكس ئېتىشى بولۇپ، ئەينى زاماندىكى ئىلغار ئىدىئولوگىيىگە ۋەكىللىك قىلالايتتى.

زەلىلى لىرىكىسىدىكى يەنە بىر ئاساسىي تېما ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ دەسلىۋىدىكى دىنىي نىجاتلىق ئىزدەشتىن ۋاز كېچىپ، ئىنسانى مۇھەببەتنى كۈيلەش. شائىر ئىنسان ئىشقىنى دىنىي تەركى دۇنيالىق، زاھىتلىق يولىغا قارىمۇ-قارشى قويىدۇ. ئۇ ئىنسانى مۇھەببەتنى ئۇلۇغلاپ، مۇھەببەت يولىدا جانۇ-ئىمان-

دىن كىچىشكە توغرا كەلسىمۇ، ئىشقتا سادىق بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئاشىق ئۆلمايدۇركىشى تا كەچمەگۈنچە جانىدىن،
زۇلپىغە مەھرەم بولۇرمۇ ئۆتمىسە ئىمانىدىن.
......
ئىشق گويا خىزمەنى ئاتەشنى كوڭلۇمگە قۇيار،
شوئلەسى بولدى فۇزۇن لەئلى بەدەخشان كانىدىن.
بىلمىسەڭ ئەھلى جۇنۇننىڭ ھالىتىنى زاھىدا،
ھەسبى ھالى ئاچ زەلىلى تەلبەنىڭ دىۋانىدىن.

زەلىلى ئۆزىنىڭ نىجاتلىق ئىزدىگەن سەرگۈزەشتىسىنى خۇلاسە قىلىپ، ئىنسانى مۇھەببەتتىن باشقا نەرسە تاپمىغانلىغىنى ئىپادىلەپ مۇنداق يازىدۇ:
بۇ ئىقلىم ئىچرە كەزدىم، تاپمادىم سەنىدەك شاھى خۇبان،
يۈزۈڭگە تەلمۈرۈپ جان بەرگىلى بىسيار ئارمانىم.
مالاھەتتە قەند-شىكەرلەبىڭگە قايدا تەڭ بولغاي،
نازاكەتلىك قولۇڭغا سۇ قۇيالماس خان قىز-خانىم،
زەلىلى تەلبەگە ئالەم قاراڭغۇ بولسا غەم يەرمۇ،
چىراغان ئەيلەدى ئالەمنى گۇيا داغى ھىجرانىم.
ھەقىقەتەن، زەلىلى زۇلمەتلىك جەمىيەتنى كىزىپ قىدىرىپ، غەم-ھىجراندىن باشقا نەرسە كورمىدى، ئۇنىڭ بىر-



دىن-بىر تاپقىنى ئىنسانى ئىشقنىڭ جەلپ قىلغۇچى كۈچى بولدى، خالاس.

زەلىلى غەزەللىرى ئۇنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان ئاددىلا ھەۋەسىنىڭ نەتىجىسى ئەمەس، بەلكى ئۇ، شائىرنىڭ دەرتكە تولغان يۈرەك قانلىرى بىلەن سۇغۇرۇلغان چىرايلىق گۈلزار، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئادالەت ۋە مەرىپەتكە ئىنتىلگەن قەلبىنىڭ روشەن ئەينىگى. شائىر ئۆزى كۆيلەپ ئۆتكەندەك، ئۇنىڭ ھەر بىر غەزىلى "سىر، سىرى يەلدىن خازان بولمايدىغان سوز گۈلۈستاندۇر"، شۇڭا شائىر ئىشەنچلىك ھالدا:
نەسلى جاھاندا قالمىدى تەلبە زەلىلىنىڭ دىمەڭ،
ئۆلگەندىن كىيىن كورۈڭ ھەرغەزەلدىن بىر ئوغۇل.
دەپ يازىدۇ.

* * *

زەلىلى ئىجادىيىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ئەسەرلەرنىڭ بىرى ئۇنىڭ "سەپەرنامە" داستانىدۇر. زەلىلىنىڭ ئېيتىشىچە «سەپەرنامە» ھىجرىيە 1131-يىلى خوتەندە يېزىلغان چوڭ ھەجىملىك داستاندۇر. بۇ داستان 3 قىسىمغا بولۇنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىنچى قىسمى مۇناجات يەنى ئەسەرنىڭ باشلىنىشى. شائىر بۇنىڭدا كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا «قۇتادغۇ بىلىگ» دىن باشلانغان ئىسلام ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىۋى رامكىسى بويىچە، خۇدا، پەيغەمبەرلەرگە مەدھىيە ۋە ھەمدۇسانا ئوقۇپ،

ئەۋلىيالار تەرىپى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتكەندىن كېيىن، بىر-مۇنچە دىنىي رىۋايەتلەرنى سۆزلەيدۇ. بۇ ئەجەپلىنەرلىك ئىش ئەمەس. چۈنكى، ئىسلام دۇنياسىدا نەچچە يۈز يىللاپ داۋام قىلىپ كەلگەن بۇ ئەنئەنىدىن زەلىلىنىڭ چەتنەپ ئۆتۈشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئەسەرنىڭ ئىككىنچى قىسمىدا، شائىر ئۆزى تۇغۇلغان يۇرتى يەركەننىڭ تەرىپىنى قىلغاندىن كېيىن، قەشقەر ۋە مەشھەتكە بولغان سەپىرىنىڭ بايانىنى سۆزلەيدۇ. ئۈچىنچى قىسمىدا بولسا، يەركەنگە قايتىپ كەلگەنلىكىنى ۋە كېيىن ئىنىسى دەلىلى بىلەن خوتەن تەرەپكە قىلغان ساياھىتىنىڭ جەريانىنى يازىدۇ.

زەلىلى «سەپەرنامە» دە، گەرچە ئەۋلىيالار مازىرىنى زىيارەت قىلىشنى مەقسەت قىلدىم دىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەمەلىي بايانى بۇ مەقسەتتىن ناھايىتى يىراقتا ھالقىپ كەتكەن. بۇ ئەسەردە، شائىر ئۆزىنىڭ كورگەن-بىلگەنلىرى، كەزگەن شەھەر، يېزىلار-نىڭ ئەھۋالى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئەسلە-مىلىرى توغرىسىدا كەڭ بايان قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا زەلىلى بەزىبىر تارىخىي ۋەقە ۋە شەخسلەر، مازار-ماشايىق ۋە رىۋايەتلەر ھەققىدىمۇ، كورگەن جايلىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى توغرى-سىدىمۇ توختىلىپ ئۆتىدۇ. بىز بۇ يەردە ئەسەرنىڭ بەدىي قىممىتى ۋە ئاپتورنىڭ دۇنياقارىشىنى ئىزاھلاشقا مۇناسىۋەتلىك بولغان جايلىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

ئۇلۇغ شائىرلار ھەرقاچان خەلق بىلەن ھەمنەپەس، خەلق



بىلەن تەقدىرداش بولىدۇ. بۇنداق ھەمنەپەسلىك ئۇلارنىڭ ئەسىرىگە قىممەت بېغىشلايدۇ. «سەپەرنامە»مۇ ئەنە شۇنداق ئەسەرلەرنىڭ بىرىسىدۇر. ئوت يۈرەك شائىر زەلىلىنىڭ خەلق بىلەن يېقىنلىقى ئۇنى يەنىلا خەلق تۇرمۇشىنىڭ بۇلغىغا ئېلىپ كىرگەن بولۇپ، داستاندا ئۇنىڭ خەلق بىلەن ھەمنەپەس بولغان ئاۋازى كۈچلۈك جاراڭلايدۇ.

زەلىلى ئەسەرنىڭ بېشىدا:

كىمكى بالا چەكمىدى ئاشىق ئەمەس،
بۇلبۇلى شۇلدۇركى ئەسىرى قەپەس،
ئۇچماق ئۈچۈن ھەردەمى جۇش ئەيلەگەي،
نالەسىدىن خەلق خۇرۇش ئەيلەگەي.

دەپ، ئۆزىنىڭ تارقەپەزدىن چىقىپ، كەڭ جاھاننى كورۇش ئىستىگىنى بايان قىلسا، ئاخىرىدا:

كىمكى ساياھەتتە چىكەر دەردۇرەنج
ئاقىبەتى ئالغاي ئۇ ئىلكىگە گەنج.

دەپ خۇلاسە قىلىدۇ. ھەقىقەتەن سەپەردە چەككەن رىيازەت زەلىلى ئۈچۈن چوڭ مەكتەپ بولىدۇ. شائىر شۇ مەكتەپتىن گەنج يىغىپ ئۆز داستانىنى بېزەيدۇ.

داستانغا باشتىن ئاخىر شائىرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىگى ۋە ئەل سۆيەرلىگى چوڭقۇر سىڭدۇرۇلگەن، شائىر تۇغۇلغان يۇرتى يەركەننى ئۇلۇغلاپ "شاھىن شاھ"، "بەخت كانى" دىسە، قارىقاشنى "ماچىننىڭ قۇياشى" دەيدۇ. شائىر ئۆزئانا تۇپرىغىنىڭ تاشلىرىنى "مۇشكى سىمەندىن ئارتۇق"، يېزىلىرىنى "جەننەتتىن كوركەم، سۇتلىسە شەربەت بېرىدۇ" دەپ تەسۋىرلەيدۇ. شائىر ئۆزى مۇھەببەت قويغان گۈزەللەرنى كۈيلىگەندە، ئۇلارنىڭ ئەگمە قېشىغا زاھىتلار سەجدە قىلىدۇ، شەيخلەر بولسا بەدەر قاچىدۇ، دەپ يازىدۇ.

پىكرىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە شائىرنىڭ تۆۋەندىكى مىسرالىرىنى كوزدىن كەچۈرۈش ئارتۇقچە بولمىسا كېرەك:

ھەم قارا كوز، ھەم قاراشى ئەجەپ،
ھەم قارازۇلپى، يۇزىدۇ روزى شەب.
ئۇسما، خىنا بىرلە قىيامەت دۇرۇر،
سۇرمەئى سۇمبۇلغا نەھاجەت تۇرۇر.
.....................................
زاھىت ئەگەرچەندە ئىرور پاك باز،
كورسە ئۇلار قاشىدا قىلغاي ناماز.
چەللەنشىن شەيخ قاچار قاشىدىن،
گەرچە مەلەك ئايلانادۇر باشىدىن.
.....................................



تورت تەرەپى چىرە ھەممە باغلار،
كورمەگەن ئادەم يۇرەكى داغلار،
مىۋەسى ھەددىن دۇر ئانىڭكى فۇزۇن،
نەشپۇتۇ، شاپتۇلۇ، ئۆزۈم ھەم قاغۇن.
قىش كۈندە ئالما، چىلان قاقىدۇر،
مىۋە مەھەللىدە چىرە تاقىدۇر.

بۇلار شائىر ياشىغان ئىجتىمائى شارائىتتا، ئەل-يۇرت، ئانا-دىيارىغا بولغان مۇھەببىتىنىڭ كەم ئۇچرايدىغان ئۇلگىسىدۇر.

زەلىلى داستانىنىڭ ئاخىرىدا، ئۆز غەزەللىرىدە كۈيلىگىنىدەك بىۋاپا زاماندىن شىكايەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ پەقىر-غېرىپ ھالىغا ئېچىنىدۇ.

ھەر يىتىمكى بۇ جاھان ئىچرە دۇرۇر،
يىغلار ئانىڭ ھالىغا ئەھلى قوبۇر
لەيكىن ئىستەمەيدۇ ئانى ھىچكىم،
كوككە ئەگەر يەتسە نەزەرى يىتىم.

بۇ پەقەت زەلىلىنىڭ ئۆزىنىڭلا ئاھ-زارى بولماي، ئەينى ۋاقىتتىكى مىڭلىغان پېقىر-يوقسۇللارنىڭ ئاھ-زارى ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ بۇ داستانى ھازىرغىچە ئۆز قەدىر-قىممىتىنى يوقاتماي كەلمەكتە.

داستان ئىدىيىۋىلىگى جەھەتتىن بىرمۇنچە نۇقسانلاردىن خالى

ئەمەس. بۇنى ئەينى شارائىتتىكى ئاپتور دۇنياقارىشىنىڭ تارىخىي چەكلىمىگە ئۇچرىغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. بىز ئەلۋەتتە داستاننىڭ يېتىشسىزلىكلىرىگە تارىخىي نۇقتىدىن قاراپ، ئۇنىڭغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىشىمىز كېرەك.

نەقىللەردىكى چۈشىنىكسىز سۆزلەرگە ئىزاھ:

جۇنۇن — ساراڭلىق، ئەقلىدىن ئېزىش.
جەۋاھىر — جەۋھەرلەر.
پۇر — كۆپ.
مەھار — تىزگىن، چۇلۋۇر.
شۇتۇر — توگە.
مۇرغى سەھەر خىز — سەھەردە سايرىغۇچى قۇش، يەنى بۇلبۇل.
غۇلغۇل — غۇلغۇلا.
كوھەن سال — يېشى چوڭ، ياشانغان.
تىرە — قاراڭغۇ.
خۇدبىن — ئۆزىگە تەمانىنا قىلغۇچى.
رەئىيەت — خەلق، پۇخرا.
ستەم — زۇلۇم.
مەھرەم — ھەمرا، دوست.
ھەسبى ھالى — ئەھۋال.
چىراغان — يورىغان، نۇرلانغان.
سەر سەرى يەل — قاتتىق بوران.
گەنج — غەزىنە، مال-دۇنيا.
چەللەنىشىن — چەللىدە يەنى ئېتىكاپتا ئولتۇرغۇچى.
فۇزۇن — كوپ، نۇرغۇن.
قۇبۇر — قەبرىلەر.



# «ئوغۇزنامە» داستانى توغرىسىدا

## ئابدۇشۇكۇر تۇردى

«ئوغۇزنامە» ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك مەدەنىي مىراسلىرىدىن بىرسى. ئۇ، «قۇتادغۇ بىلىگ»، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، «ئەتەبە تۇلھاقايىق»، «چىستانى ئېلىك بېگ» لەرگە ئوخشاش كلاسسىك يادىكارلىقلار قاتارىدا كوپ مىللەتلىك مەملىكىتىمىزنىڭ مەدەنىي مىراسلار غەزىنىسىنى بېيىتىپ تۇرىدۇ، شۇنداقلا ئەدەبىيات تارىخىمىزدىمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

ئوغۇزخان توغرىسىدىكى قىسسە — قەدىمقى زامانلاردىن تارتىپلا خەلقىمىز ئارىسىغا كەڭ تارقالغان، ئۇزۇن تارىخقا ئىگە قەھرىمانلىق ھەققىدىكى ئېپىك داستان. ئۇ ئېغىزدىن-ئېغىزغا كوچۇپ، ئۇزۇن بىر تارىخىي جەرياننى بېشىدىن كەچۇرگەن، شۇنداقلا ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۇرۇپ بېيىغان ۋە بەدىي جەھەتتىن پىشقان. ئوغۇزخان ھەققىدىكى قىسسە تارىخىي رىۋايەت سۈپىتىدە نۇرغۇن تارىخىي كىتابلاردا يېزىپ قالدۇرۇلغان، بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر قەدەر كوپ تارقالغانلىرى «تارىخى رەشىدى»، «شەجەرەئى تۈرك» تىكى

نۇسخىلىرى بولۇپ، بۇ نۇسخىلار شۇ تارىخىي دەۋرنىڭ ئېھتىياجى ۋە ئاپتورنىڭ خاھىشى بويىچە بىرمۇنچە ئۆزگەرتىلگەن ۋە قايتا ئىشلەنگەن.

ئوغۇزخان داستانىنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەڭ قەدىمقى ۋە قىممەتلىك قوليازمىسى 13-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تۇرپاندا كۆچۈرۈلگەن قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىسى بولۇپ، بۇ نۇسخا پارىژ مىللىي كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا①.

قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئوغۇزنامە»— خەلقىمىز ئۇزاق ئۆتمۈشتە ياراتقان قەھرىمانلىق ھەققىدىكى ئېپوس بولۇپ، ئۇ ناھايىتى ئۇزۇن بىر تارىخىي دەۋرنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن باش قەھرىمان ئوغۇزخاقان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بەگلىرى تارىختىكى پۈتۈن-پۈتۈن قەبىلىلەرنىڭ ياكى قەبىلىلەر بىرلەشمىسىنىڭ سىمۋوللۇق ئوبرازى؛ داستان نۇرغۇن تارىخىي پاكىتلارنى خەلق داستانلىرىغا خاس بەدىئىي ئۇسۇل بىلەن ئۆزلەشتۈرگەن ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمقى دەۋردىكى دىنىي ئېتىقات، تۇرمۇش شەكىللىرىنى، ئۆرپ-ئادەت، قائىدە-يوسۇنلىرىنى بەدىئىي ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. بۇ ئەسەر خەلقىمىزنىڭ تارىخى، ئېتنوگرافىيىسى، ئەدەبىيات تارىخى، تىل-يېزىقىنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى قىممەتلىك

① بۇ نۇسخا جەمئىي 42 بەت، ھەر بېتى 9 قۇردىن جەمئىي 378 قۇر، ئاخىرقى ئىككى قۇرى ئۇچۇپ كەتكەن.



ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ ۋە بۇ جەھەتتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئوغۇزنامە» داستانى مەزمۇنىنىڭ بايلىقى ۋە ئالاھىدىلىكى، تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرغا ئىگە ئىكەنلىكى، بەدىئىي تۈزۈلۈشىنىڭ ئىخچاملىقى ۋە جەلپ قىلارلىقى، بەدىئىي ۋاستىلىرىنىڭ رەڭمۇ-رەڭلىكى بىلەن خېلى بۇرۇنلا تۈركشۇناسلىق ساھەسىدە ئالاھىدە قىزىقىش قوزغىغان. نېمىس ئالىمى دىتس 1-قېتىم 1815-يىلى بۇ ئەسەردىن پارچىلارنى نېمىس تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلغاندىن تارتىپ تا ھازىرغىچە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بۇ ئەسەرنىڭ تۈرلۈك تىللاردىكى تەرجىمىسى ئېلان قىلىندى ۋە ئۇ توغرىسىدا نۇرغۇن ماقالىلار يېزىلدى.

قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئوغۇزنامە»نى بىر كۆرۈش بىلەنلا ئۇنىڭدا مۇنداق ئىككى باسقۇچ ۋە ئىككى خىل مەزمۇننى بايقاشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، ئەسەرنىڭ بېشى (ئوغۇزنىڭ تۇغۇلۇشىدىن تا ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانى بولغىنىغا قەدەر) ۋە ئاخىرى (ئۇلۇغ تۈركنىڭ چۈشى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار)نى ئۆز ئىچىگە ئالغان قىسىم. بۇ — خەلق رىۋايەتلىرى، چۆچەكلىرىنى ۋە قەدىمقى مىفلار بىلەن باغلىنىشلىق ۋەقەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ قەدىمقى ئىشلەپچىقىرىش شەكلى، تۇرمۇش ئۆرپ-ئادەتلىرى ۋە ئىدىيىۋى ئىشەنچلىرىنى ئەكس

ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ قىسىمدا تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلەر بىزگە
قەدىمقى خەلق ئېپوسلىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە خاراكتېرى توغرىسىدا
تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىكى بەزى
ئېپىزوتلار خەلق رىۋايەتلىرى ۋە چۆچەكلىرىنىڭ نەچچە مىڭ
يىللارنى بېشىدىن كەچۈرگەن ھەرخىل باسقۇچلىرىنى ئىپادى-
لەيدۇ. شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، «ئوغۇزنامە» داستانىنى ئۆزى
مەيدانغا كېلىشتىن ئاۋالقى خەلق ئېپۇسلىرى ۋە چۆچەكلىرىنىڭ
ناھايىتى ئىخچام ۋە ئومۇملاشتۇرۇلغان بىر كورۇنۇشى دېيىشكىمۇ
بولىدۇ.

ئەسەرنىڭ بېشىدىلا، ئوغۇز خاقاننى ھايۋانلارغا تەقلىت
قىلىپ تەسۋىرلەپ، ئۇنىڭ ئاياقلىرىنى ئوكۇزنىڭ ئايىغىغا،
بېلىنى بورىنىڭ بېلىگە، كوكرىگىنى ئېيىقنىڭ كوكرىگىگە ئوخ-
شىتىدۇ ۋە "ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى تۈكلۈك ئىدى" دەپ يازىدۇ؛
كېيىنكى ئېپىزوتلاردا بولسا، "كوك تۈكلۈك، كوك يايىلىلىق ئەر-
كەك بورى" تەڭرىنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە ئوغۇزخاقانغا ھەمرا
بولىدۇ، ئوغۇزخاقانى "كوك بورى بىزنىڭ بەلگىمىز بولسۇن"
دەيدۇ. بۇ تۈركى خەلقلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمى تۇتىمىزىم ئېتىقادى-
نىڭ، يەنى ھايۋانلار ئالدىدا ئاجىزلىق ھىس قىلىپ ئۇنىڭغا
چوقۇنىدىغان قەدىمقى تۇرمۇشنىڭ ئەسەردىكى ئۆزىگە خاس
ئىپادىلىنىشى.

خەنزۇ تارىخنامىلىرىدىمۇ تۈركلەرنىڭ بۇنداق ئېتىقادى
توغرىسىدا: "بايرىغىغا بورىنىڭ بېشى ئالتۇن ھەل بىلەن چۈشۈ-



رۇلگەن، قاراۋۇللىرىنىمۇ بورى دەپ ئاتايدۇ" دەپ خاتىرلەن-
گەن،① بۇ پاكىتمۇ قەدىمي ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تۇتېمىزىم
ئېتىقادى خېلى ئۇزۇنغىچە ھوكۇم سۈرگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.
ئادەملەرنىڭ ۋەھشى ھايۋانلار بىلەن بولغان كۈرىشى ئىن-
سانلارنىڭ تەبىەت دۇنياسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئالا-
ھىدە بىرباسقۇچى بولۇپ، بۇ خېلى ئۇزۇن بىرتارىخىي دەۋرنى
ئوزئىچىگە ئالىدۇ. خەلق رىۋايەتلىرىدىكى ۋەھشى ھايۋانلارغا
قارشى كۈرەش سىيۇژىتىمۇ ئەنە شۇ تارىخىي دەۋرنىڭ مەھسۇلى
ۋە بەدىي ئوزلەشتۇرۇلۇشى. «ئوغۇزنامە» دە ئىنسانلارنىڭ تە-
بىەتكە قارشى بۇنداق كۈرىشى خېلى زور بەدىي كۈچ بىلەن
تەسۋىرلەنگەن. ئوغۇز خاقاننىڭ كىشىلەر بېشىغا بالايى-ئاپەت
كەلتۇرگەن ئەپسانىۋى بىرمۈڭگۈزلۈك ۋەھشى ھايۋان قىيات
بىلەن بولغان كۈرىشى ۋە ئۇنى يوقىتىشى ئىنسانىيەتنىڭ تەبىەت
ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش روھىنى ۋە تېنچ-ئاسايىش ياشاش
ئۇمىدىنى ئەكس ئەتتۇرگەن.
داستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمى ئورپ-ئادەت ۋە مۇرا-
سىملىرىنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان ئېپىزوتلار ئالاھىدە دىققەتنى
قوزغايدۇ. بولۇپمۇ ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا تەسۋىرلەنگەن بىر
مۇراسىمدا، 40 غۇلاچلىق ئىككى دەرەخ تىكىلىپ، ئۇنىڭ
بېشىغا ئالتۇن ۋە كۈمۈش توخۇ، تۈۋىگە ئاق ۋە قارا قوي باغلان-

① «جۇشۇ. تۈرك تارىخى».

غان، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ شامان دىنى بىلەن باغلىق بىرخىل
ئۆرپ-ئادەت ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ. چۈنكى شامان دىنىدا
دەرەخقە ئېتىقات قىلىش ئالاھىدە ئورۇن تۇتقان ۋە ئاق بىلەن
قارا قارىمۇ-قارشى ئۇقۇم سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان. شۇنداقلا،
ئوغۇز خاقانىنىڭ ئىككى خوتۇن ئېلىشى، ئومۇمەن، ئاسىيا
خەلقلىرى ئېغىز ئەدەبىياتىدا كەڭ تارقالغان بىرخىل ئادەت
بولۇپ، بۇمۇ شامان دىنىي ئېتىقادىدىن ئايرىلمايدۇ. بەزى مەنبە-
لەردە ھەر بىر شامان ئىككى ئىلاھى خوتۇنغا، يەنى ئورمان ئىلا-
ھىنىڭ قىزى ۋە سۇ ئىلاھىنىڭ قىزىغا ئىگە بولغانلىقى رىۋايەت
قىلىنىدۇ. ئومۇمەن، رىۋايەتلەردىكى، خەلق قىسسىلىرىدىكى
ئىككى خوتۇنلۇق سيۇژېت ۋەقەنىڭ ئىككى يول بويىچە راۋاج-
لىنىشىنى تەمىن ئېتىپ، جەمىيەتنىڭ ئىككى خىل تەبىقىسى
ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە زىددىيەتنى ئەكس ئەتتۈرۈش
ۋاستىسى بولغان، «ئوغۇزنامە»دە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بۇ
خىل ئەنئەنىسى ناھايىتى مۇكەممەل ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئوغۇز
خاقانى ئەۋلاتلىرىنىڭ ئىجتىمائى ئورنى ئوخشىمايدىغان ئىككى
تەبىقىگە بولۇنۇشى — ئۇلارنىڭ ھاكىم ۋە تابىلىق مۇناسىۋىتىدىن
ئۈزلۈكسىز ئوسۇپ بارىدىغان بىر خىل ئىجتىمائى زىددىيەتنى
دېرەك بېرىدۇ. ئېيتىلىشىچە، ئوغۇز خاقانىنىڭ ئاسمان نۇرىدىن
تورەلگەن چوڭ خوتۇنىدىن بولغان ئوغۇللىرى ئالتۇن قىسمەتلىك
بولۇپ، كۈن چىقىشتىن كۈن پېتىشقىچە سوزۇلغان ئالتۇن يا
شۇلارغا تەئەللۇق ئىكەن. بۇ، ئۇلارنىڭ پۈتۈن مەملىكەتكە



ھوكۇمرانلىق قىلىشىدىن بىشارەت بېرىدۇ. كىچىك ئوغۇللىرى
بولسا، كۈمۈش قىسمەتلىك بولۇپ، ئۇلار چوڭ ئوغۇللىرىغا بوي
سۇنۇشى لازىم ئىكەن. ئوغۇز خاقانىنىڭ چوڭ ئوغۇللىرىغا "ياغا
ئوخشاش ئوقلارنى ئاسمانغا يەتكۈزۈڭلار" دەپ، كىچىكلىرىگە
بولسا "يا ئوقنى ئاتىدۇ، سىلەر ئوقلاردەك بولۇڭلار" دەپ ۋە-
سىيەت قىلىشى دەل مۇشۇ ھاكىم ۋە تابىلىق مۇناسىۋەتنى ئىپا-
دىلەپ بېرىدۇ. بۇنداق مۇناسىۋەت «ئوغۇزنامە»نىڭ ئابۇلغازى
باھادىرخان «شەجەرەئى تۈرك»تە ئالغان نۇسخىسىدا تېخىمۇ
ئېنىق ئەكس ئەتكەن. ئوغۇز ئوغۇللىرىغا مۇنداق دەيدۇ: "بىز-
دىن بۇرۇن ئوتكەن خەلقلەر يانى پادىشا، ئوقنى ئەلچە ئورنىدا
بىلگەن ئىدى. چۈنكى، يا ئوقنى قايسى تەرەپكە ئاتسا، ئوق
شۇ ياققا بارىدۇ. ئەمدى مەن ئولگەندىن كېيىن......بۇزۇق نەس-
لىدىن كىم قابىل بولسا خەلق ئۇنى پادىشا قىلسۇن، دۇنيا ئاخىر
بولغىچە، بۇزۇق ياخشى پادىشا بولسۇن، باشقىلار (ئۈچوقلارنى
دىمەكچى — A ) نەۋكەرلىككە رازى بولسۇن......"①
دىمەك، «ئوغۇزنامە»دە ناھايىتى قەدىمقى، يەنى ئۇيغۇر-
لار شامان دىنىغا ئىشىنىدىغان ۋاقىتتىكى ئېتىقات ۋە ئورپ-
ئادەتلەر ئەكس ئەتكەنلىكتىن، بۇ داستانىنىڭ قەدىمقى زامانلار-
دىن تارتىپ ئېغىزدىن-ئېغىزغا كوچۈپ كەلگەنلىكىنى چۈشىنىش
تەس ئەمەس.

① ئابۇلغازى باھادىرخان: «شەجەرەئى تۈرك»، قازان نەشرى.

«ئوغۇزنامە»نىڭ ئىككىنچى قىسمىدا، ئاساسەن، ئوغۇز خاقاننىڭ ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى تەسۋىرلىنىدۇ، لېكىن خەلق رىۋايەتلىرى ۋە ئېپوسلىرىغا خاس ئېلېمېنتلارمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: «كۆك بۆرىنىڭ يول باشلىشى» دېگەن قىسمىنى ئالساق، بۇنىڭدىكى ۋەقەلەر ئۆزىگە خاس تارىخىي ئىزچىللىق بىلەن بايان قىلىنغان، جايلارنىڭ ئەينى نامىلىرى ھەتتا تەبىي شەرت-شارائىتلىرىمۇ تەسۋىرلەنگەن. بۇ ئېپىزوتلار، ئېھتىمال، تارىختا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر بىلەن باغلىق بولۇشى مۇمكىن، بىراق بۇنى ئېنىقلاش باشقا بىر ئالاھىدە تەتقىقات تېمىسى.

ئوغۇز ھەققىدىكى قىسسىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇنىڭدا قەبىلە ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى خەلق رىۋايەتلىرىگە خاس بىرخىل ئۇسۇل بىلەن ئىزاھلانغان. گەرچە، قەبىلىلەر نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ئەنئەنىۋى خەلق رىۋايەتلىرىدە ئەكس ئەتكەن بولسىمۇ، بۇ داستاندا ئۇ سيۇژېتنىڭ راۋاجىغا سىڭدۈرۈلگەن ۋە تېماتىك پىلانغا بوي سۇندۇرۇلغان، ھەر بىر قەبىلىنىڭ نامى ئەسەر سيۇژېتىدىكى بىر ۋەقە بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان، شۇنداقلا، تىل خۇسۇسىيىتىدىن پايدىلىنىلغان. ئالايلى، "قالاچ" قەبىلىسىنىڭ نامى بىر بەگنىڭ قۇلۇپلاقلىق ئالتۇن ئۆي قېشىدا قېلىپ ئىشىكنى ئاچقانلىقى بىلەن باغلىنىپ، "قال" ۋە "ئاچ" سۆزلىرىنىڭ بىرىكمىسىدىن پەيدا بولغانلىقى يېزىلىدۇ. قارلۇق، قاڭلى قەبىلىلىرىنىڭ نامىمۇ شۇنداق.



ئوغۇز خاقانى مۇئەييەن بىر تارىخىي شەخسنىڭ ئوبرازى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى مەسىلە خېلى كۆپ تالاش-تارتىشقا سەۋەپ بولغان. بەزىلەر ئوغۇزخاننى ھونلار تەڭرىقۇتى مودۇنغا تەقلىت قىلىدۇ، يەنە بەزىلەر بولسا ئۇنى چىڭگىزخاننىڭ ئوبرازى دېيىشىدۇ. بەزىلەر ھەتتا ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنگە ئوخشىتىدۇ. بىزنىڭچە، ئوغۇز خاقانى ئوبرازى قانداقتۇ تارىختا ئۆتكەن بىرەر شەخسنىڭ ئوبرازى بولماستىن، بەلكى ئومۇملاشتۇرۇلغان تىپىك ئوبراز؛ خەلق ئېپوسلىرىدىكى قەھرىمانلار شۇ خەلقنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرى، ئارزۇ-ئارمانلىرى بىلەن يۇغۇرۇلغان، شۇ خەلق بېسىپ ئۆتكەن تارىخىي جەريان ۋە سەرگۈزەشتىلەر بىلەن باغلانغان بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن، خەلق ئېپوسلىرىدىكى قەھرىمانلار خەلقنىڭ رومانتىك غايىلىرىنى ھەم رېيال ۋەقەلەرنىڭ بەزى بەلگىلىرىنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئوغۇزخان ئوبرازىمۇ خەلقىمىزنىڭ ئۇزاق تارىختىكى رومانتىك غايىلىرى ۋە بەدىي تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ مەھسۇلى، شۇنداقلا ئۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ، يەنى 7-ئەسىردىن ئىلگىرى ئورخۇن، سېلىنگا دەرياسى بويلىرىدا ياشىغان "ئون ئۇيغۇر"، "توققۇز ئوغۇز" قەبىلىلىرى ۋە تىيانشان بويلىرىدىكى "ئوغۇز" قەبىلىسىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىدىن ئايرىپ قاراشقىمۇ بولمايدۇ. شۇڭا ئوغۇزخان ئوبرازىدا بەزى تۈرك قەبىلىلىرىدىن چىققان خاقانلارنىڭ مەلۇم بەلگىلىرىمۇ ئەكس ئەتكەن بولۇشى مۇمكىن، لېكىن بۇنىڭغا قاراپ ئۇنى قانداقتۇ بىرەر تارىخىي

شەخس دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولمايدۇ. ئەگەر ئوغۇز خاقان بىرەر تارىخىي شەخسنىڭ ئوبرازى دەپ قارىلىدىكەن، ئۇ ھالدا، بۇ خەلق داستانلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتىنى، ئېپوس قەھرىمانلىرىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلغان تىپىكلىكىنى ئىنكار قىلغانلىق بولىدۇ.

«ئوغۇزنامە» داستانىنىڭ بەدىي ئالاھىدىلىكى مەخسۇس بىر تەتقىقات تېمىسىدۇر. دەسلەپكى قەدەمدە بۇ ئەسەرنىڭ بەدىي ئالاھىدىلىكى ھەققىدە شۇنى ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئەسەر سيۇژىتى ئىخچام ۋە ھەركەتچان، ئىدىيىۋى مەزمۇنى ئېنىق، داستاننىڭ تىلى رەڭدار ۋە چۈشىنىشلىك، ئوبرازلىرى ئىنتايىن جانلىق، بەدىي ۋاستىلىرى باي ۋە خىلمۇ-خىل، رومانتىك خىيال ۋە رىيال ۋەقەلەر ناھايىتى مۇۋاپىق جىپسىلاشتۇرۇلغان. ئەسەرنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكلىرى قەدىمقى زاماندىلا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىزنىڭ خېلى دەرىجىدە راۋاجلانغانلىقىنى، خەلقىمىزنىڭ بەدىي تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇر كۈچىنىڭ يۈكسەلگەنلىكىنى كورسىتىپ بېرەلەيدۇ. ئالايلى، ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن ئىككى گۈزەل قىزنىڭ ئوبرازى چىرايلىق ئوخشىتىش ۋە سۈپەتلەش، ئەقلىگە مۇۋاپىق مۇبالىغە ئارقىلىق ئىنتايىن روشەن جانلاندۇرۇلغان، ئۇ قىزنىڭ "بېشىدا ئاتەشتەك نۇرلۇق مېڭى بولۇپ، خۇددى قۇتۇپ يۇلتۇزىغا ئوخشايتتى......ئۇ كۈلسە كوك ئاسمان قوشۇلۇپ كۈلەتتى، ئۇ يىغلىسا كوك ئاسمان بىللە يىغلايتتى". باشقا بىر قىزنىڭ تەسۋىرىگە قارايلى: "ئۇنىڭ كوزى ئاسماندىن كوكرەك،



چېچى خۇددى دەريا سۈيىدەك، چىشلىرى ئۈنچىدەك ئىدى". بۇ، ھەقىقەتەن، پىشقان بىر بەدىي قۇۋۋەتنى ئەسلىتىدۇ. ئەسەردىكى جەڭ مەيدانلىرىنىڭ تەسۋىرىمۇ ئىخچام ۋە جانلىق بولۇپ، بىرنەچچە ئېغىز سوز بىلەنلا دەھشەتلىك جەڭ كارتىنىسىنى سىزىپ بېرەلىگەن.

«ئوغۇزنامە» — نەسرى بىلەن يېزىلغان داستان. لېكىن بۇنىڭدا ھازىرقى ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدىكىگە ئوخشاش قاپىيىلىك جۈملىلەر، شېئىرى پارچىلارمۇ ئۇچرايدۇ. شۇڭا بۇنى شەكلى جەھەتتىن ھازىر ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان خەلق داستانلىرىنىڭ دەسلەپكى بىر كورۇنۇشى دېيىشكە بولىدۇ. شېئىرلاردىن ئالاھىدە دىققەتنى جەلپ قىلىدىغىنى ئوغۇز خاقاننىڭ ئىككى قېتىملىق مۇراجىتى بولۇپ، ھەرئىككى شېئىر 8 بوغۇملۇق بارماق ۋەزنىدە يېزىلغان، بۇ — ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئەڭ قەدىمقى ۋە ئومۇملاشقان شېئىر شەكىللىرىدىن بىرى. بۇ شېئىرلارنىڭ مىسرالىرى ئاھاڭدار، قاپىيىلىرى توق، ئوبرازلىق ئىبارىلەرگە باي، ھېسسىياتى دولقۇنلۇق بولۇپ، خېلى يۇقۇرى بەدىي سەۋىيىگە ئىگە.

مەسلەن:

"تومۇر نەيزە بولغىن ئورمان!
ئوۋ يېرىدە يۇرسۇن قۇلان.
دەريا-دېڭىز تۇرسۇن ئېقىپ،

كۆن تۇغ بولغاي، ئاسمان قورغان"

ياكى:

"كۆپلەپ نەيزە، ئوقلار ئاتتىم،
ئايغىر بىلەن كۆپ يول يۈردۈم،
دۈشمەنلەرنى قان يىغلاتتىم،
دوستلىرىمنى مەن كۈلدۈردۈم."

دېگەن مىسرالار، ھەقىقەتەن، كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان دەرىجىدە ھېسسىيات ۋە تەنتەنە بىلەن تولۇپ-تاشقان. ئۇلۇغ تۈركنىڭ ئوغۇزغا ئېيتىدىغان سۆزلىرى باشقىچە بىر شېئىر شەكلىدە، يەنى 13 بوغۇملۇق (ئەسلى نۇسخا كۆزدە تۇتۇلىدۇ) بارماق ۋەزنىدە بېرىلگەن بولۇپ، بۇنىڭ مىسرالىرى سالماق، رىتىممۇ ئېغىر، بۇ ئۇلۇغ تۈركنىڭ خاراكتېرى ۋە قىياپىتى بىلەن ئىنتايىن ماسلاشقان.

ئومۇمەن، «ئوغۇزنامە» داستانى ئېسىل مەدەنىي مىراس بولۇپ، مەيلى مەزمۇن، مەيلى شەكىل ۋە مەيلى تىل جەھەتتىن بولسۇن، قىممەتلىك تەتقىقات ماتېرىيالى، ئۆگىنىش ئۈلگىسى.

بۇ ماقالىمىزدا داستاننى ئىشلەش ۋە تەرجىمە قىلىش جەريانىدا ھېس قىلغان دەسلەپكى پىكىرلىرىمىزنى كىتابخانلار بىلەن ئورتاقلاشماقچى بولدۇق. پىكىرلىرىمىزدە يېتەرسىزلىك، نۇقسانلار بولۇشى مۇمكىن، يولداشلارنىڭ قىممەتلىك پىكرىنى قارشى ئالىمىز.



# ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى توغرىسىدا

مەھەممەت زۇنۇن

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى تارىختىن بۇيان "ناخشا-ئۇسۇل ماكانى" دەپ ئاتىلىپ كەلگەن شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت غەزىنىسىگە قوشقان تۆھپىسىنىڭ مۇھىم تەركىۋىي قىسمى.

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ خەلق قوشاقلىرىدىن پەرقى يوق. ئۇ بىر پۈتۈن ئىدىيىۋى مەزمۇننى ئىپادىلەيدۇ، ئۆزىگە خاس مۇكەممەل ئاھاڭغا ئىگە، ئۇنىڭ شەكلى جانلىق بولۇپ، خىلمۇ-خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە، شۇنداقلا ئۇنىڭدا يەرلىك پۇراق كۈچلۈك. ئۇ خەلق تۇرمۇشى ۋە ئۇنىڭ يۈرەك ساداسىنىڭ شېئىر ۋە مۇزىكىدىكى ئىنكاسى؛ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخى، تۇرمۇش ئادىتى، مىجەز-خاراكتېرىنىڭ روشەن ئەينىكى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قوشاق-ناخشىلىرىدا ئادەمنىڭ تۇغۇلۇشتىن تارتىپ، تا ئۆلگىچە بولغان پۈتۈن ئۆمۈر جەريانى دىگۈدەك ئۆزىنىڭ شېئىرىي ئىپادىسىنى تاپقان. تۇرمۇشتىكى ھەر بىر شارائىت، ھەر بىر پەيتنىڭ ئۆزىگە خاس ناخشىلىرى بار،

جۇملىدىن، ھەر خىل ئېتنوگرافىك سەنئەت شەكىللىرى تۇرمۇشنىڭ ئايرىلماس قىسمىغا ئايلانغان. ناخشىلار ئۆزىنىڭ شەكىللىنىش ۋە راۋاجلىنىش دەۋرىدىن تارتىپ، كىشىلىك ھاياتقا بارغانسېرى چوڭقۇر سىڭىپ، ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقىچە مىراس بولۇپ داۋاملىشىپ كەلدى ۋە كەلمەكتە.

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى، ھەم ئەدەبىيات، ھەم مۇزىكا سەنئىتى. ناخشىلار لىرىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغىنى ئۈچۈن، ئۇ مۇزىكا سەنئىتى بىلەن خېلى كۆپ ئورتاقلىققا ئىگە. سۆز سەنئىتى بىلەن مۇزىكا سەنئىتىنىڭ بىرگەۋدە بولۇپ جىپىسلىشىشىدىن تۇغۇلغان سەنئەت — ناخشا، ئەنە شۇ ئورتاقلىقنىڭ نەتىجىسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مۇشۇ جەھەتتىن ناخشىلارنى مۇزىكا سەنئىتى بىلەن قوشكېزەك سەنئەت دەپ ئاتاش مۇمكىن.

ئۇيغۇر خەلق مۇزىكىلىرىنىڭ مىسرا، كۇپلېت، رىتىم شەكىللىرى ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ مىسرا، كۇپلېت، رىتىم شەكىللىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن ۋە تەرەققىي قىلغان. ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ مىسرا، كۇپلېت، رىتىم شەكىللىرى ئۇيغۇر مىللى مۇزىكىلىرىنىڭ مىسرا، كۇپلېت، رىتىم شەكىللىرىنى ئۆزىدە تولۇق گەۋدىلەندۇرگەن.

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ مۇزىكىسى سۆز تېكىستىگە قارىغاندا تېخىمۇ مۇقىملىققا ئىگە. شۇڭا، ئۇيغۇرخەلق ناخشىلىرى بايلىغىنى قېزىش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش ئۆزىگە خاس مىللى ئۇسلۇپقا ئىگە ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش



ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشتىلا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر خەلق مۇزىكىسى بايلىغىنى قېزىش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش، شۇ ئاساستا سوتسىيالىستىك خەلق مۇزىكىسىنى راۋاجلاندۇرۇشتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ تارىخى ئۇزۇن، مەزمۇنى مول. خەلق ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن ناخشىلارنىڭ كۆپچىلىكى كېيىنكى ئەسىرلەرگە مەنسۇپ بولغان دەستۇرلاردىن ئىبارەت. دەسلەپكى تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسەن، ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ تېماتىك مەزمۇنىنى ئەمگەك ناخشىلىرى، سىياسى ناخشىلار، تۇرمۇش ناخشىلىرى، مۇھەببەت ناخشىلىرى، ئۆرپ-ئادەت ناخشىلىرى دەپ بىرقانچە تۈرگە بولۇش مۇمكىن.

ئەمگەك ناخشىلىرى ئەمگەك سەھنىسىدە، ئەمگەكتىن بىۋاستە ئىلھاملىنىش بىلەن مەيدانغا كەلگەن. ئەمگەك ناخشىلىرى خىلمۇ-خىل بەدىي شەكىللەر بىلەن ھەر بىر ئەمگەك شارائىتىنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان مەنزىرىسىنى، ئەمگەك رىتىمىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئەمگەك ناخشىلىرىنىڭ قوشاقلىرى (تېكىستى) ئەمگەك شارائىتىنىڭ مەنزىرىسىنى، كىشىلەرنىڭ ئەمگەككە بولغان مۇناسىۋىتىنى، ئەمگەكنىڭ سىنىپىي خاراكتېرىنى، ئەمگەك جەريانىدىكى چىن مۇھەببەت قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئىپادىلەيدۇ، ئەمگەك ناخشىلىرىنىڭ مۇزىكىسى بولسا، لىرىك تۇيغۇنى جانلاندۇرىدۇ. ئەمگەك ناخشىلىرى ئەمگەك رىتىمىنى ئالماشتۇرۇش، كەيپىياتىنى جانلاندۇرۇش، ئەمگەك جەريانىدىكى قىيىنچى-

لىقلارنى يېڭىپ، ئەمگەك ئۇنۇمىنى ئاشۇرۇش قاتارلىق روللارنى ئوينايدۇ. مەسىلەن، «ئوما ناخشىسى»نى ئالايلى، بۇ ناخشىنى ئاڭلىغان هامان بىزنىڭ كوز ئالدىمىزغا ئوما ئوروۋاتقان ئىپتىز گەۋدىلىنىدۇ. ئۇنىڭ قوشاقلىرى ئوما مەنزىرىسىنى، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئومىغا بولغان مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ. ئۇنىڭ مەزمۇنىغا ئۇيغۇنلاشقان مۇزىكا رىتىمى ئوما ئوروش هەركىتىنىڭ رىتىمىغا ئۇيغۇن، ئوغاقنىڭ هەر بىر شارتىلدىشى رىتىم بولگۇچ بولۇپ، ئۇ ئادەتتىكى نەغمىلەردە ناخشىغا تەڭكەش قىلىنىغان داپنىڭ رولىنى ئوينايدۇ، بۇ هال ئەمگەكنىڭ مۇشەققەتلىك جەريانىغا بايرام تۇسى بېرىدۇ، ئىچ پۇشىقىنى، كوڭۇلسىزلىكنى، قايغۇ-ئازاپنى يېڭىشكە روھ-مەدەت بېغىشلايدۇ.

سىياسى ناخشىلار خەلق ئاممىسىنىڭ كونا جەمىيەتكە، ئېكسىپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ئەكسىيەتچى هاكىمىيىتىگە بولغان غەزەپ-نەپرىتىنى، ئازاتلىق، ئەركىنلىككە بولغان تەلپۈنۈشىنى، بەلگىلىك ۋەقە ۋە تارىخىي شەخسلەرگە بولغان كوز قارىشىنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ. بۇ ناخشىلارنىڭ جەڭگىۋارلىقى ئۇستۇن، دەۋر روهى كۇچلۇك، ئۇ خەلق ئاممىسىنىڭ سىنىپىي كۇرەشتىكى ئوتكۇر قورالى ۋە روهىي ئۇزۇغى. مەسىلەن:

ئاه ئۇرارمەن، ئاه ئۇرارمەن،
ئاهلىرىم تۇتقاي سېنى.



كوز يېشىم دەريا بولۇپ،
بېلىقلىرىم يۇتقاي سېنى.

«ئاه ئۇرارمەن» ناملىق بۇ ناخشا ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ دەرت-ئەلەم بىلەن تولغان پاجىەلىك ئوتمۇشىنىڭ ئومۇملاشقان كارتىنىسى، خەلق ئاممىسىنىڭ ئەزگۇچى سىنىپلار ئۇستىدىن چوقۇم غەلىبە قىلىش روهىنىڭ سەنئەتتىكى نامايەندىسى.

سىياسى ناخشىلار ئىچىدىكى تارىخىي ناخشىلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېقىنقى ئەسىرلەرگە ئائىت تارىخىنىڭ ئوبرازلىق دەستۇرىدۇر. مەسىلەن: ياقۇپ بەگ توغرىسىدا ئېيتىلغان ناخشىدا، جاهانگىرلارنىڭ مالىيى ياقۇپ بەگ (بەدەۋلەت)نىڭ قوقان هوكۇمدارى مەدەلىخاننىڭ كۇشكۇرتۇشى، جاهانگىرلارنىڭ قۇترىتىشى بىلەن 1865-يىلى شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، ئوزىنى "خان" دەپ جاكالىغانلىقى، هەر مىللەت خەلقىنىڭ چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا بولغان غەزەپ-نەپرىتى جانلىق سۇرەتلەپ بېرىلگەن. ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن تولغان بۇ ناخشىدا مۇنداق جەڭگىۋار مىسرالار بار:

بۇ دولەت مازا بولدى،
يوقسۇلغا قازا بولدى.
تەييارتاپ سۇتەمخورلار،
دىخانغا بالا بولدى.

كەچتىم مەن زامانەڭدىن،
ياخشى كىم يامانەڭدىن.
ئاق سەللە، يېشىل سەللە،
بىزارمەن زامانەڭدىن.

تۇرمۇش ناخشىلىرى ئومۇمەن مەدىكارلار، خاڭچىلار قاتارلىق توۋەن قاتلامدىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ ئېچىنىشلىق ھاياتىنى، مۇساپىرلىق مۇڭ-زارىنى، ئادالەتسىز فېوداللىق نىكا تۈزۈمى ئاستىدىكى ئاياللارنىڭ ئاھ-زارىنى، خورلانغان تۇرمۇشنى ئىنكاس قىلىدىغان ناخشىلىردىن ئىبارەت. بۇ خىل ناخشىلار چوڭقۇر ئىجتىمائى مەزمۇنغا ئىگە. بىز «غېرىپ ناخشىسى»نىڭ مۇنۇ مىسرالىرىنى ئوقۇپ كورەيلى:

بۇ تاغلار ئېگىز تاغلار،
غېرىپ يولىنى باغلار.
غېرىپ ئولسە كىم يىغلار،
غېرىپقا غېرىپ يىغلار.
يا ئاتام يوقتۇر مېنىڭ
يا ئانام يوقتۇر مېنىڭ.
ئايىغى چىققان بولاقتەك،
ئاقىدۇ ياشىم مېنىڭ.



مۇھەببەت ناخشىلىرى ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ مۇھەببەتلىك تۇرمۇشى ۋە مۇھەببەتكە بولغان كوزقارىشىنىڭ ھەققى ئىنكاسى بولۇپ، ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى ئىچىدە كوپ سالماقنى ئىگەللەيدۇ. مۇھەببەت ناخشىلىرىنىڭ ئىدىيۋىلىگى چوڭقۇر، ئۇ ھىسسىياتقا باي بولۇپ، سەنئەت جەھەتتىن گۈزەل ۋە تەسىرلىك، ئۇنىڭدا ياش ئوغۇل-قىزلارنىڭ ئوزئارا مۇھەببىتى، فېودالliq نىكا تۈزۈمىگە بولغان قارشىلىق، چىن مۇھەببەتكە بولغان مەدھىيە، گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىش قاتارلىق مەزمۇنلار ئىپادىلەنگەن.

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى ئىچىدە مۇھەببەت ناخشىلىرىنىڭ كوپ بولۇشى خەلق تۇرمۇشى بىلەن ۋە ئۇلارنىڭ ناخشىلىرىنىڭ ئىجتىمائى رولى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. فېوداللىق تۈزۈم شارائىتىدا، ئەمگەكچى خەلق ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيە تەلىۋىنى مۇھەببەت ناخشىلىرى ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈشكە تىرىشقان، مۇھەببەتتىكى ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈشنى فېوداليزمغا قارشى كۈرەشنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى قىلغان، مۇھەببەت ناخشىلىرى ئارقىلىق تۇرمۇش كۆلپەتلىرىنىڭ ئازاۋىنى روھىي جەھەتتىن يېڭىشكە ئىنتىلگەن.

مۇھەببەت ناخشىلىرى ئىچىدە ئاياللار توغرىسىدىكى ناخشىلار ئىنتايىن كوپ. چۈنكى، ئاياللار فېوداللىق جەمىيەتتە قاتمۇ-قات زۇلۇم ئىچىدە، يەنە ئىسلام دىنىنىڭ ئادالەتسىز فېوداللىق نىكا تۈزۈمىنىڭ خىلمۇ-خىل كىشەنلىرى ئىچىدە

ياشىدى. ”غەزەپتىن ناخشا چىقىدۇ“ دىگەنىدەك، ئايالـلار ئۆزىنىڭ فېودالىزىمغا بولغان قارشىلىقىنى، مۇھەببەتتىكى ئازاتلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش تەلۋىنى ئۆز ناخشىلىرىدا گەۋدىلىك ئىپادىلىدى. بۇ هال مۇھەببەت ناخشىلىرىنىڭ ئىجتىمائى رولىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.

ئۆرپ-ئادەت ناخشىلىرى توي-توكۈن، ئۆلۈم-يېتىم ۋە ئۆرپ-ئادەت تۈسىنى ئالغان سەنئەت بەزمىلىرىدە ئوقۇلىدىغان ناخشىلاردىن ئىبارەت. ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق يىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا تۈرلۈك سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن هەرخىل مىللى ئۆرپ-ئادەتلەرنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ ئۆرپ-ئادەتلەرنىڭ هەممىسىگە سەنئەت پائالىيەتلىرى سىڭدۈرۈلگەن. بۇ سەنئەت پائالىيەتلىرىنىڭ ئاساسلىقى ناخشىلاردىن ئىبارەت. بۇ ناخشىلار هەرخىل مەرىكىلەر ۋە بەزمىلەرنىڭ مەزمۇنى ۋە قائىدىلىرىگە ماسلاشقان بولۇپ، چوڭقۇر ئىجتىمائى ئەهمىيەتكە ئىگە.

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى ئۆزىگە خاس بەدىي ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىدا سىمۋول، ئوخشىتىش، مۇبالىغە، تەقلىت، تەمسىل قاتارلىق بەدىي ۋاستىلەر قوللىنىلىپ، كونكرىت هىس قىلغىلى بولىدىغان جانلىق ئوبرازلار يارىتىلغان. مەسىلەن:

«خوپ دەردىڭ يامان» ناخشىسىدىكى،

قارا كېچە، قارا ياغاچ مېنىڭ يولىدىشىم،



يوپۇرمىغى شىلدىرلىسا قۇيۇلۇر ياشىم.
ئاقتى يېشىم، ياغدى يېشىم تېتىلەر باشىم،
مەن ئۆلگەندە ياخشى يىغلاڭ جان قېرىندىشىم.

دىگەن مىسرالارنى ئوقۇغىنىمىزدا، زۇلمەت ئىچىدە ئازاپ چەككەن ئەمگەكچىنىڭ مۇڭلۇق قىياپىتى، دەرت-هەسرىتىنى ئەسلىگەنىدە (قاراياغاچ يوپۇرمىغى شىلدىرلىغانىدا) ئۇنىڭ كۆزلىرى ئەلەملىك ياش بىلەن تولىدىغانلىقى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ سەنئەتتىكى ئومۇملاشتۇرۇش كۈچى ئۈستۈن. بىر-ئىككى كۇپلېت ناخشا تارىخىي ئىجتىمائى ئەهمىيەتكە ئىگە ۋەقە، هادىسىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ماهىيىتىنى ئوبراز ئىچىدە چوڭقۇر ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. مەسىلەن: «مەن ئولەرمەن» ناخشىسىدىكى،

مەن ئولەرمەن، مەن ئولەرمەن،
يولدا قويماڭلار مېنى.
يولدا قويساڭلا قويۇڭلار،
چولدە قويماڭلار مېنى.
مەن ئۆلۈپ تۇپراقتا ياتسام،
كىم مېنى ياد ئەيلىسۇن،
دوستلىرىم غەمكىن بولۇپ،
دۈشمەنلىرىم شات ئەيلىسۇن...

دىگەن مىسرالاردا ئەمگەكچى خەلقنىڭ كونا جەمئىيەتتىكى پاجىئەلىك تەقدىرى چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن ئاجايىپ ئىخچام ئىپادىلەنگەن. ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى تىلىنىڭ ئاددىيلىقى، چوڭقۇرلۇقى، ئېنىقلىقى ۋە ئوبرازلىقلىقى ناخشىلارنىڭ بەدىي تەسىرچانلىقىنى كۈچەيتىش بىلەن بىرۋاقىتتا، مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە يەرلىك خۇسۇسىيەتنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ شەكلىمۇ خىلمۇ-خىل. ناخشىلاردا قوشاق (4 مىسرالىق)، بېيىت (ئىككى مىسرالىق) شەكلى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، جۈملىدىن، تاقماق (چاچما) شەكىللەرمۇ خېلى ئومۇملاشقان. بۇ خىل شەكىل ئېيتىشلاردا (لەپەردە) كۆپرەك ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: «ئالىمخان»، «چىمەنگۈل» قاتارلىق ناخشىلار ئەنە شۇنداق شەكىللەردىكى ناخشىلاردۇر.

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ نەقراتى بار. بۇ نەقراتلار ئەمگەك رىتىمى، ئىدىيىۋى ھېسسىيات ۋە مۇزىكا تەلىۋىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ناخشىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى ئاچىدۇ، مۇزىكىچانلىقىنى كۈچەيتىدۇ، ئەستە ساقلاشقا ئاسانلىق تۇغدۇرىدۇ.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىدا ئاھاڭ سۆز تېكىستلىرىگە قارىغاندا بىر قەدەر مۇقىم. ناخشا تېكىستلىرىدە ئوخشىمىغان ھېسسىياتتا، ئوخشىمىغان ئورۇنلاردا ئالمىشىش، تەكرارلىنىش كۆپ، ئۇنىڭ ۋارىيانتلىق



خۇسۇسىيىتى كۈچلۈك.

ماركس، ئېنگېلس خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي رولى ۋە ئۇنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتىگە يۇقىرى باھا بەرگەن ئىدى. يولداش ماۋ زېدۇڭمۇ خەلق ناخشا-قوشاقلىرىغا ئېتىۋار بىلەن قاراپ، خەلق قوشاقلىرىنى توپلاشنى قايتا-قايتا تەشەببۇس قىلدى. ماۋ جۇشى يولداش چېن يىغا يازغان شېئىرىيەت توغرىسىدىكى خېتىدە "كەلگۈسىدە خەلق قوشاقلىرىدىن ئوزۇق ۋە ئۈلگە ئېلىپ، كەڭ كىتاپخانلارنى جەلپ قىلىدىغان بىر يۈرۈش يېڭىچە شېئىرلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن" دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭدا ھازىرقى شېئىرىي ئىجادىيەتتىكى ئاممىۋىلاشتۇرۇش ۋە مىللىيلاشتۇرۇش جەھەتتىكى كەمچىلىكلەرنى تۈزىتىشنىڭ يولىلا كۆرسىتىلىپ قالماي، ئېلىمىزنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىمۇ يەكۈنلەنگەن.

ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق يىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، ئۆزىنىڭ مۇزىكا سەنئىتىگە، ئۇسۇل سەنئىتىگە ماسلاشقان ناخشا ئىجادىيىتى ئەنئەنىسىنى ياراتتى. بۇ — خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى بىباھا گۆھەر. لىن بياۋ ۋە "4 كىشىلىك گۇرۇھ" خەلقنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى. ئۇلار خەلق ناخشىلىرىغا ئۆچمەنلىك قىلىپ، ئۇنى قارا-قويۇقلا "سېرىق ناخشا" دەپ چەتكە قاقتى، ۋەيران قىلدى، بۇ ھال شىنجاڭدىكى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت تەرەققىياتىدا ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ

چىقاردى.

بىز خەلق ناخشىلىرىنى توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، خەلق ناخشىلىرىنىڭ شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ، مېغىزىنى قوبۇل قىلىش پرىنسىپى بويىچە ئۇنىڭغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىپ، خەلقچىللىق روھىغا ئىگە خەلق ناخشىلىرى ئارقىلىق خەلقنىڭ مەدىنى تۇرمۇشىنى بېيىتىشىمىز، خەلق ناخشىلىرىدىن ئوزۇق ۋە ئۈلگە ئېلىپ، سوتسىيالىزىم دەۋرىنىڭ يېڭى، مىللىي ناخشىلىرىنى تەرەققى قىلدۇرۇش ۋە گۈللەندۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز لازىم.



# «چىنقىش» ھىكايىسىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىگى توغرىسىدا

مەھەممەت زۇنۇن

«چىنقىش» — پېشقەدەم يازغۇچى زۇنۇن قادىرىنىڭ ئازاتلىقتىن كېيىن يازغان ھىكايىلىرىنىڭ بىرى. يازغۇچى بۇ ھىكايىسىدە مەتنىيازنىڭ كوللېكتىپ ئەمگەكتە چىنقىپ، ھورۇن ئادەمدىن ئەمگەكچان ئادەمگە ئايلانغانلىق جەريانىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق سوتسىيالىستىك كوللېكتىپلىشىشنىڭ ئەۋزەللىگىنى قىزغىن مەدھىيىلەيدۇ.

بۇ ھىكايىدىكى مەتنىياز ئوبرازى كورۇپ چۈشەنگىلى، ھېس قىلغىلى بولىدىغان، رېيال، ئىشەنچلىك، تەسىرلىك، كۈچلۈك تۇرمۇش پۇرىقىغا، ھەم ئومۇملۇققا، ھەم ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە.

ھىكايىنىڭ ۋەقەلىگى مۇرەككەپ ئەمەس، ئۇنىڭدا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئاجايىپ-غارايىپ ھىكايىلەر، سەلتەنەتلىك سۆز-ئىبارىلەر يوق، لېكىن مەتنىيازنىڭ خاراكتېرى شۇنچە ئېنىق، شۇنچە روشەن. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، يازغۇچى ئوخشىمىغان خاراكتېرنى ۋە شۇ ئوخشىمىغان خاراكتېر تۈپەيلىدىن

پەيدا بولغان توقۇنۇشلارنى يېزىش ئارقىلىق مەتنىيازنىڭ جانلىق خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ.

مەتنىياز — ئاقكۆڭۈل، سەمىمىي، خۇشچاقچاق ئاددىي ئەمگەكچى. لېكىن ئۇ كونا جەمئىيەتتە، ئائىلە ۋە تۇرمۇش شارائىتى تۈپەيلىدىن ھورۇن، ھەممە ھۈنەرگە قىزىقسىمۇ ئۇنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالمايدىغان، ئۆزىنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ئۆزگەرتىشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان بولۇپ قالغان، ئۇنىڭ مۇشۇ خىل خاراكتېرى ئازات زاماندا كوللىكتىپلىشىش يولىغا قاراپ كېتىۋاتقان يېڭى دىخانلارنىڭ خاراكتېرى بىلەن، كوللىكتىپ ئەمگەك بىلەن چىقىشالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ جىددىي توقۇنۇش ئىچىدە قالىدۇ.

مەتنىيازغا يەر ئىسلاھاتىدا 7 ـ 8 چارەك ئۇرۇق بارىدىغان بىرىنچى دەرىجىلىك بىر ئېتىز تېگىدۇ. لېكىن بۇ يېڭى دىخاننىڭ بىر پۇڭلۇق يەرگە تېرىغان قونىغى ئۈنمەيدۇ. بىر پۇڭلۇق يەرنى ھېچنەرسە تېرىماي ئاق تاشلىۋېتىدۇ.... ئازغىنا يەردىكى قىچىسى ياخشى ئايىنغان بولسىمۇ، لېكىن مەتنىيازنىڭ ئۇنى ئورۇشقا ماجالى يەتمەيدۇ.

ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى بۇنداق ھورۇنلۇق ئۇنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىغىمۇ سىڭگەن. مەتنىياز 40 ياشقا كىرگىچە ئۆيلىنىشنى خىيال قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن جۈرئەت قىلالمىغان. مەتنىياز ئۆزىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، "مۇساپىرنىڭ كۈچۈگىدەك بېشىنى ساڭگىلىتىپ" يۈرىدىغان خىيال پەرەسكە ئايلىنىپ



قالغان. مەتنىيازنىڭ تۈپ ماھىيىتى ئەمگەكچى. مەتنىيازنىڭ تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق، موزدۇزلۇق ۋە سەتىراچلىق ھۈنەرلىرىگە قولى كېلىدۇ. ئۇ، موزدۇزلۇق قىلسا، ئۆتۈكنىڭ قېلىپىنى ئۆزى چاپىدۇ. بەلچە، بۇرەندە، بىگىز، يىڭنىلەرنىمۇ ئۆزى ياسىۋالىدۇ. ئەگەر سەتىراچلىق قىلسا، ئۇستۇرىدىن تارتىپ تا قۇلاق كولىغۇچقىچە بولغان جابدۇقلىرىنى ئۆزى ياسىۋالىدۇ. بۇ دىخاننىڭ بىر ياخشى پەزىلىتى شۇكى، كىشىلەرگە ياردەملەشسە ھەق تالاشمايدۇ. پايدا ـ زىيان بىلەن كارى يوق، تاماگەر ئەمەس. ئۇ تۇرمۇشتا ئۆزىنى تاشلىۋەتكىنى بىلەن روھى تېتىك، خۇشچاقچاق.

ئۆزىگە خاس خاراكتېرغا ئىگە مەتنىيازدەك نەپرەتلىك ۋە سۆيۈملۈك دىخان، ئازات يېزىلاردا دىخانچىلىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرى باھار مايسىلىرىدەك گۈللەپ ياشناۋاتقان، سوتسىيالىزم داغدام يولى ئەمگەكچىلەر ئۈچۈن كەڭ قۇچاق ئېچىۋاتقان ۋەزىيەتتە نەگە بارىدۇ؟ ئۇنىڭ تەقدىرى نىمە بولىدۇ؟ يازغۇچى جىددىي توقۇنۇش ئىچىدە ئۇنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىش، مۇكەممەللەشتۈرۈش يولىنى ئىزدەيدۇ. مەتنىيازنى سوتسىيالىستىك كوللىكتىپلەشتۈرۈش دولقۇنى ئىچىگە ئېلىپ كىرىدۇ. مەتنىيازنى كوللىكتىپ ئەمگەك قوينىدىكى خوشال ـ خوراملىق قىزىقتۇرىدۇ. ھەمرا باشچىلىغىدىكى يېڭى دىخانلار كوللىكتىۋى ئۇنىڭ ھاياتىغا يار ـ يۆلەكتە بولىدۇ. مەتنىيازمۇ ھەمكارلىق گۇرۇپپىغا كىرىپ، يېڭى تۇرمۇشقا قەدەم تاشلايدۇ.

لېكىن يېڭى ھايات، يېڭى مۇھىت ئىچىدە مەتنىيازنىڭ خاراكتېرىدىكى ئاجىزلىق تېخىمۇ روشەن كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ. ئۇنىڭ ئەمگەك جەريانىدىكى چىنىقىشى ئاسانغا چۈشمەيدۇ. كوللىكتىپ ئەمگەك مەتنىيازنى چىنىقتۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۆز ھۈنىرىنى كۆرسىتىشكە كەڭ ئىمكانىيەت يارىتىلىدۇ، كوممۇنىستىك ئاڭ-سەۋىيىگە ئىگە ھەمرا قاتارلىق يېڭى دىخانلار ئۇنى ئالغا يېتەكلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھورۇن، جۈرئەتسىز، تۇرمۇشى قالايمىقان قالاق دىخان كوللىكتىپ ئەمگەك قوينىدا چىدامىلىق ئىشچانلار قاتارىغا ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ شەخسىي ھاياتىدىمۇ زور ئۆزگىرىش بولۇپ، ئىززەتخان بىلەن تۇرمۇش قۇرۇپ مۇرادىغا يېتىدۇ.

مەتنىياز ئوبرازى ھەقىقەتەن ئۇتۇقلۇق چىققان ئوبرازدۇر. بۇ ئوبرازنىڭ بەدىئىي تەسىرچانلىقى شۇ يەردىكى، مەتنىياز ئوبرازى جانلىق خاراكتېر سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ. كىتاپخانىنىڭ ئەدىبىي ئەسەرلەردە قىزىقىدىغىنى بىرەر ئىشلەپچىقىرىش جەريانى، بىرەر ئۇرۇش مەيدانى ئەمەس، بەلكى جانلىق خاراكتېردۇر.

خاراكتېر — پېرسوناژنىڭ كېلىپ چىقىشى، تەربىيىلىنىشى، چىنىقىشى، ئىجتىمائىي ئورنى، دۇنياقارىشى، مىجەز-خۇلقى قاتارلىق جەھەتلەردە ۋۇجۇتقا كەلگەن تۈپ خۇسۇسىيەت، پېرسوناژنىڭ ئومۇملۇقى ۋە ئىندىۋىدۇئاللىقىنىڭ روشەن بەلگىسى. ئەمەلىي تۇرمۇشتا شەخسنىڭ خاراكتېرى شەكىللەن-



گەندىن كېيىن، ئۇ شۇ خاراكتېر مەنتىقى بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ. ئەسەر ئىچىدىكى پېرسوناژنىڭمۇ نېمە قىلىدىغانلىقى، قانداق سۆزلەيدىغانلىقى ئوبرازنىڭ خاراكتېر مەنتىقى بويىچە بولىدۇ.

يازغۇچى مەتنىيازنىڭ خاراكتېرىنى پۇختا ئىگىلەپ، ئۇنى تىپىك ئىجتىمائىي شارائىت ئىچىگە قويۇپ، جانلىق ئېپىزوت، ئىندىۋىدۇئال تىل قاتارلىق بەدىئىي ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، مەتنىيازنىڭ خاراكتېرىنى جانلىق، رېئال، ئىشەنچلىك دەرىجىگە كۆتەرگەن.

يازغۇچى «چىنىقىش» ھېكايىسىدە مەتنىيازنىڭ خاراكتېرىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن ۋە ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى ئۆزگىرىش ۋە ئۆسۈشنى ئالغا سۈرگەن ئىجتىمائىي سەۋەپلەرنى، ئوبيېكتىپ ئاساسىنى توپمۇ-توغرا ۋە ھەقىقىي تەسۋىرلىگەن.

مەتنىياز كونا جەمئىيەتتە، شەھەردە ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە ئۆسكەن، يالغۇز ئوغۇل بولغىنى ئۈچۈن ئەركە چوڭ بولغان. دادىسىنىڭ ھەيدەكچىلىكى بىلەن سەتىراچلىقنى ئۆگەنگەن بولسىمۇ، لېكىن دادىسى ئۆلگەندىن كېيىن سەتىراچلىقنى تاشلاپ، ھەرخىل تەنزىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ ۋەيران بولىدۇ-دە، دادىسىدىن مىراس قالغان يېزىدىكى كىچىككىنە باققا كۆچۈپ چىقىدۇ. گەرچە دىخانلارنىڭ ھاجىتىگە قاراپ ھەر خىل ھۈنەرلەرنى ئۆگىنىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن باشلىغان ئىشنى ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرالمايتتى. ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى

ھورۇنلۇق، جۇرئەتسىزلىك كونا جەمئيەتنىڭ، كونكرىت ئائىلىۋى شارائىتنىڭ، يەككە تۆرمۇشنىڭ مەھسۇلى.

دەۋر ئۆزگەردى. دىخانلارنىڭ كوممۇنىستىك ئاڭ ـ سەۋىيىسى ئۆسۈپ، كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ئىناقلىق، ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىلدى، بولۇپمۇ كوللىكتىپ ئەمگەك شارائىتى ئۇنىڭ خاراكتىرىنىڭ ئۆزگىرىشىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. كوللىكتىپ ئەمگەك قوينىدا ئۇنىڭ خاراكتىرىدىكى ئاجىزلىقلار تۈگىتىلىپ، ئەمگەكچىلەرگە خاس خۇسۇسىيىتى كەڭ جارى قىلىندى، ئۇنىڭ خاراكتىرى مۇكەممەللەشتى. يازغۇچى مەتنىيازنىڭ خاراكتىرىنىڭ ۋۇجۇتقا چىقىشى، ئۆزگىرىشىنى تارىخىي ۋە ھەقىقى يوسۇندا كونكرىت بايان قىلغانلىقى ئۈچۈن، مەتنىيازنىڭ خاراكتىرىدا كۈچلۈك دەۋر روھى ئەكس ئەتكەن.

خاراكتىر ھەرگىزمۇ ئابىستىراكىت ئۇقۇم ئەمەس. ئۇ كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاش بولمىغان توقۇنۇشلاردا، شەخسىنىڭ خىلمۇ ـ خىل تەقدىرى، كەچۈرمىشلىرى ئىچىدە، ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇل بىلەن ئەمىلىي ھەركەت سۈپىتىدە نامايەن بولىدۇ.

يازغۇچى دىراممانىڭ خۇسۇسىيەتكە ئىگە جانلىق قىزىقارلىق ئېپىزوتلارنى تاللاپ مەتنىيازنىڭ خاراكتىرىنى گەۋدىلەندۈرگەن، بۇ ئېپىزوتلار مەتنىيازنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتىرىغا تولىمۇ ماس كەلگەن.

يازغۇچى مەتنىيازنىڭ كوللىكتىپ ئەمگەك جەريانىدىكى سەر ـ



گۈزەشتىسىنى تەسۋىرلىگەندە، مەتنىيازنىڭ ئۇستەڭ ئەمگىگىدىن قېچىپ، يول بويىدىكى قويۇق ئۇسكەن ئۈرۈكلەرنىڭ ئارىسىغا مۈكۈنۈۋالغانلىقىنى تەسۋىرلەپ، ئاق قوي تېرىسىدىن قىلىنغان كونا جۇۋىسىنىڭ پەشلىرىنى تىكەنلىك شاخلارغا تەتۈر ئۆرۈتۈپ قويۇپ، ”مانا مەتنىياز مەشەدە“ دىگەندەك ئۆزىنى ئۆزى ئاشكارا قىلىپ قويغانلىقىنى يازىدۇ. بۇ ئېپىزوتنى مەتنىيازچە ئېپىزوت دەپ ئاتاش مۇمكىن. بۇ يەردە ھورۇن، ھېچ ئىشنى قاملاشتۇرالمايدىغان مەتنىيازدەك ئادەمنىڭ خاراكتىرى تولىمۇ قىزىقارلىق بايان قىلىنغان. يازغۇچى مۇشۇنداق ئېپىزوتلار ئارقىلىق ھىكايىنىڭ سيۇژىتىنى قۇراشتۇرۇپ، مەتنىيازنىڭ خاراكتىر تارىخىنى يېزىپ چىقىدۇ.

يازغۇچى مەتنىيازنىڭ خاراكتىرىنى يارىتقاندا، مەتنىيازنىڭ خاراكتىرىغا خاس ئىندىۋىدۇئال تىلنى توغرا، دەل جايىدا ئىشلىتىپ، مەتنىيازنىڭ خاراكتىرىنى تېخىمۇ روشەن ئېچىپ بەرگەن. مەتنىياز ئېتىز قىرىدا تۇرۇپ، ”بۇ يەرنى نىمە قىلسام بولىدىكىن؟!“ دەپ باش قاتۇرۇپ تۇرغاندا، تۇيۇقسىز ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ قالغان ھەمرا ئۇنىڭدىن: ”ــ خوش ئۇستام! بۇ يەرنى نىمە قىلماقچى بولۇۋاتىدىلا؟“ دەپ سورىغاندا، مەتنىياز: ”ــ ئوتتۇرىسىنى باغ، چورىسىنى تاغ قىلايمىكىن دەۋاتىمەن، قانداق دەيسىز ھەمراجان“ دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. بۇ سوز مەتنىيازدەك ئىرادىسىز، لېكىن ھاياتتىن ئۈمىت ئۈزمىگەن خۇشچاقچاق دىخاننىڭ خاراكتىرىغا تولىمۇ ماس كېلىدۇ.

يازغۇچى ھەرخىل بەدىئى ۋاستىلەر ئارقىلىق مەتنىيازنىڭ
خاراكتېرىنى يازغاندا، ئۇزىنىڭ ھىسسىياتىنى پېرسوناژ خاراك-
تېرىغا سىڭدۇرگەن. يازغۇچى مەتنىيازنىڭ خاراكتېرىدىكى
ئاجىزلىقنى نەپرەتلەنسىمۇ، لېكىن ئۇنى كېرەكسىز ئادەم دەپ
ھىساپلىمايدۇ. نەپرەت ئىچىدە ئۇنىڭغا چوڭقۇر ھېسداشلىق
قىلىدۇ. تەنقىت ئىچىدە ئۇنىڭ ياخشى پەزىلىتىنى مەدھىيىلەيدۇ.
ئۇزىنىڭ گۇزەل غايىسىنى پېرسوناژ تەقدىرى بىلەن بىرلەشتۇ-
رىدۇ. يازغۇچى ئەسەرنىڭ بېشىدا، ئىسسىقتىن قېچىپ، ئورۇۋات-
قان قىچىنى تاشلاپ قويۇپ، تەر پۇراپ كەتكەن كوينىكىنى
كوكتاتقا ئوراپ بېشىغا قويۇپ، يالىڭاچ دۇمبىسىنى نەم يەرگە
چاپلاپ، قېرى قاغىنى تىللاپ ياتقان، ئۇسساپ ئوپكىسى قۇرۇپ،
گەز باغلاپ كەتكەن قېلىن لەۋلىرىنى يالاشقا رازىكى، ئالتە-
يەتتە يۇز مېتىر يىراقلىقتىكى دەرياغا بېرىشقا جۇرئەت قىلالمىغان
ھورۇنغا نەپرەتلەنسە، ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا كوللىكتىپ ئەمگەكتە
چىنىقىپ، بوستانلىق پىشايۋاندا بەندىگە مىنىۋېلىپ، لىڭگىلىچاق
ياساۋاتقان مەتنىيازنىڭ خوشال چاقچاقلىرىدىن ھوزۇرلىنىدۇ.

يازغۇچى ئۇزىنىڭ ھىسسىياتىنى پېرسوناژنىڭ ھىسسىياتى بىلەن
بىرلەشتۇرۇپ، مەتنىيازنىڭ خاراكتېرىنى جانلىق-تىرىك نەرسىگە
ئايلاندۇرۇپ، كىتاپخان قەلبىدە چوڭقۇر ھاياجان قوزغىغان.
ئەسەرنىڭ ھاياتى كۇچى ئەنە شۇ يەردە.

يازغۇچى بۇ ھېكايىدە مەتنىيازنىڭ خاراكتېرىدا بولغان
ئۇزگىرىشلەرنىڭ جەريانىنى يازغان. مەتنىيازنى ئۇسۇۋاتقان،



ئۇزگىرىۋاتقان شەخس، ھەتتا ئوتتۇرىدىكى شەخس دەپ ئاتاش
مۇمكىن. ئەدەبىي ئەسەردە، بولۇپمۇ تىپىك شارائىتتا، ھەرخىل
خاراكتېردىكى پېرسوناژلار ئوبرازى يارىتىلىدۇ. ئەدەبىي ئەسەردە
مۇكەممەل خاراكتېرغا ئىگە قەھرىمانلار ئوبرازى بولۇش بىلەن
بىرلىكتە، ئوتتۇرىدىكى ۋە ھەرخىل خاراكتېردىكى ئوبراز
بولۇشى لازىم. تۇرمۇش خىلمۇ-خىل بولغىنى ئۇچۇن، بەدىئى
ئەسەردىكى ئوبرازنىڭ خاراكتېرىمۇ خىلمۇ-خىل بولۇشى لازىم.
شۇنداق بولغاندىلا، بەدىئى ئىجادىيەتتىكى پېرسوناژنىڭ خىلمۇ-
خىللىغىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى، تۇرمۇشنى ھەر تەرەپلىمە ئىنكاس
قىلغىلى بولىدۇ. مەيلى قەھرىمان شەخس بولسۇن، ئوتتۇرىدىكى
شەخس بولسۇن، سەلبى شەخس بولسۇن، ئۇنىڭ ئوبرازى
جانلىق خاراكتېرغا ئىگە بولسا، بولۇپمۇ ئىدىيىۋى ئەھمىيىتى
بولسا، ئۇنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۇرۇش لازىم.

«چىنىقىش» ھېكايىسىنىڭ پېرسوناژنىڭ جانلىق خاراكتېرىنى
يارىتىش جەھەتتىكى بەدىئى ئۇتۇقى شۇنى چۇشەندۇرىدۇكى،
بەدىئى ئەسەردە جەزمەن جانلىق خاراكتېر يارىتىش لازىم.
تىپىك شارائىتتا تىپىك خاراكتېر يارىتىشنىڭ مۇھىم
تەلىۋى ئەنە شۇ. ئەگەر ئەسەردىكى پېرسوناژ ئوبرازى جانلىق
خاراكتېر بولۇپ ئىپادىلەنمىسە، ئۇنىڭ ۋەقەلىگى ھەرقانچە
تەسىرلىك ۋە مۇرەككەپ بولغىنى بىلەنمۇ ئۇنداق ئەسەر ياخشى
ئەسەر ھىساپلانمايدۇ. خاراكتېر ۋە ۋەقەلىك مەسىلىسىدە ۋەقەلىك
خاراكتېرغا بويى سۇنۇشى، خاراكتېرنى ئېچىپ بېرىش ئۇچۇن

خىزمەت قىلىشى لازىم. ئەگەر بەدىئىي ئەسەردە جانلىق خاراكتېر بولماي، ئۇ ۋەقەلىكلەر تىزىلمىسىغا ئايلىنىپ قالسا، پېرسوناژنىڭ خاراكتېرى ۋەقەلىك ئىچىگە كۆمۈلۈپ قالىدۇ-دە، بۇنداق ئەسەر كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلالمايدۇ. سەنئەتتىكى ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرنى ئومۇملاشتۇرۇشقا قارىتىلغان. شۇڭا يازغۇچىنىڭ ۋەزىپىسى خاراكتېر ئۆگىنىش ۋە خاراكتېرنى ئەكس ئەتتۈرۈش. پۈتۈن مەسىلە ئايرىم شارائىتتا، بەلگىلىك تىپىك خاراكتېر ۋە پىسخولوگىيىنى تەھلىل قىلىشتا. بەدىئىي ئەسەردە جانلىق خاراكتېر يارىتىش ئاسان ئەمەس. ئاچقۇچ — تۇرمۇشنى پىششىق بىلىشتە. يازغۇچىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، تۇرمۇش ۋەقەلىكىنى ئىگىلەش مۇھىم. لېكىن ئەڭ مۇھىمى پېرسوناژنىڭ خاراكتېرىنى پىششىق ئىگىلەش كېرەك. ۋەقە ئىگىلەش ھەرگىزمۇ پېرسوناژنىڭ جانلىق خاراكتېرىنى ئىگىلەشنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. خۇددى گوركى ئېيتقاندەك، "بىر پوپ، بىر دۇكاندار، ياكى بىر ئىشچىنىڭ سۈرىتىنى تەخمىنەن توغرا تەسۋىرلەش ئۈچۈن، باشقا يۈزلىگەن پوپ، يۈزلىگەن دۇكاندار ۋە يۈزلىگەن ئىشچىغا ياخشىلاپ، دىققەت بىلەن سەپ سېلىش زۆرۈر".

يازغۇچى پېرسوناژ خاراكتېرىنى تولۇق، پۇختا ئىگىلىگەندىن كېيىن، خاراكتېر توقۇنۇشلىرى ئارقىلىق جانلىق خاراكتېرغا ئىگە بەدىئىي ئوبراز يارىتالايدۇ. بۇ ئەدەبىياتنىڭ تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى ئىچكى مەنتىقى ياكى ئالتۇن ئاچقۇچى.

يازغۇچى زۇنۇن قادىر مۇشۇ ئالتۇن ئاچقۇچنى پۇختا ئىگەل-



لەپ، جانلىق خاراكتېرغا ئىگە پېرسوناژ ئوبرازى يارىتىشتا بىزگە نەمۇنە كۆرسەتتى. بىز يازغۇچىنىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى ماھىرلىقىدىن ئۆگىنىشىمىز كېرەك.

ھېكايىچىلىق — بىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت گۈلزارىمىزدا كۈندىن-كۈنگە يۈكسىلىۋاتقان بىر ژانىر. لېكىن يېزىلىۋاتقان ھېكايىلەرنىڭ خېلى كۆپىدە پېرسوناژنىڭ جانلىق خاراكتېرى گەۋدىلەنمىگەن، پەقەت ۋەقەلا بار، جانلىق خاراكتېر يوق. نۇرغۇن ھېكايىلەر ۋەقەلەرنىڭ ئاددىيلا تىزىلمىسى ياكى بىرەر شەخسنىڭ سەرگۈزەشتىسىدىنلا ئىبارەت بولۇپ قالغان. ئابستراكتلاشتۇرۇش ئەھۋاللىرى مەۋجۇت. بۇ ھال پىروزا ئىجادىيىتىنىڭ يۈكسىلىشىگە، بەدىئىي تەسىرچانلىقىنى كۈچەيتىشكە تەسىر يەتكۈزمەكتە. ئۇزۇندىن بۇيان ھېكايىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يازغۇچى ۋە ئاپتورلارغا نىسبەتەن تۇرمۇش ئاساسى كۈچلۈك بولغان جانلىق خاراكتېرغا ئىگە پېرسوناژ ئوبرازى يارىتىش تەلىۋىنى قويۇش ۋاقتى كېلىپ قالدى. مەن ھېكايىچىلىقتىكى مۇشۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ياردىمى بولۇپ قالار دىگەن ئۈمىت بىلەن «چىنىقىش» ھېكايىسىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكىدىكى مۇھىم تەرەپ بولغان جانلىق خاراكتېر يارىتىش ئۈستىدە ئۆزەمنىڭ بەزى تەسىراتىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. يولداشلارنىڭ مۇھاكىمە قىلىپ بېقىشىنى ئۈمىت قىلىمەن.

# باللار ئەدەبىياتىنى راۋاجلاندۇرۇپ، كوممۇنىزمنىڭ ئىزباسارلىرىنى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرەيلى

**ئابدۇكېرىم رەھمان**

بىزنىڭ ئىنقىلابىي ئۇستازلىرىمىز ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىنلار ئىنقىلابىي باللار ئەدەبىياتىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ياش ئەۋلادلارنى كوممۇنىزم روھىدا تەربىيىلەشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن ئىدى. ئۇلار باللارغا تولۇپ-تاشقان قىزغىنلىق بىلەن سەممىي مۇئامىلە قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ كوممۇنىزم قۇرۇش ئۈمىدىنى باللارغا بېغىشلىغان. ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋجۇشى ياشلارنى ئەتىگەن سائەت 8-9 لاردىكى قۇياشقا ئوخشىتىپ، "ئۈمىد سىلەردە" دېگەن ئىدى. سۆيۈملۈك جۇئېنلەي زۇڭلىمۇ باللارنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان سەممىي دوستى ئىدى. جۇزۇڭلىنىڭ خىزمىتى شۇنچە ئالدىراش بولسىمۇ، ئۇ قىممەتلىك ۋاقتىنى چىقىرىپ پىونېرلار لاگېرىغا بېرىپ، ياش دوستلار بىلەن بىرلىكتە پائالىيەت ئۆتكۈزەتتى. بۇ توغرىدا كۆپلىگەن تەسىرلىك ھېكايىلەر بار.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن شەكىل-



لەنگەن باللار ئەدەبىياتى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ تارىخىدا مۇھىم ئورۇن ئىگىلىگەن ئىدى. پارتىيىمىز يېتەكچىلىكىدە بارلىققا كەلگەن باللار ئەدەبىياتى ئىنقىلاب دولقۇنلىرى ئىچىدە، باللارنى تەربىيىلەپ، خەلقنىڭ "ئۈچ چوڭ تاغ"نى ئاغدۇرۇپ تاشلاش يولىدىكى ئىنقىلابىي كۈرىشى بىلەن زىچ ماسلىشىپ زور قەدەملەر بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىگەن. ئەنە شۇ تارىخىي مەزگىللەردە پارتىيىمىز رەھبەرلىكىدە باللار ئەدەبىياتىغا ئائىت نۇرغۇن گېزىت-ژۇرناللار نەشر قىلىنىپ، مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان باللار ناخشا-ھېكايىلىرى بارلىققا كېلىپ، باللارغا جۇڭگو ئىنقىلابىي ئەمەلىيىتىنى تونۇتتى ۋە پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلابىي داۋاملىرىنى چۈشەندۈردى. مەسىلەن: ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش يىللىرىدا بارلىققا كەلگەن «قاناتلىق شاكىچىك»، «غەلىبە دەرۋازىسى» قاتارلىق كۆپلىگەن ئەسەرلەر باللارنى ئىنقىلابىي كۈرەش روھىدا تەربىيىلەشكە زور ھەسسە قوشتى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن سوتسىيالىستىك باللار ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا تېخىمۇ چەكسىز، كەڭ زېمىن ھازىرلاندى.

لېكىن لىن بياۋ ۋە "4 كىشىلىك گۇرۇھ" سوتسىيالىستىك باللار ئەدەبىياتىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا ئىنتايىن زور بۇزغۇنچىلىق قىلدى. ئۇلار ئىنقىلابىي باللار ئەدەبىياتى ئارقىلىق باللارنى كوممۇنىستىك ئەخلاق پرىنسىپى بويىچە تەربىيىلەپ، پرولېتارىياتنىڭ ئىزباسارلىرى قىلىپ يېتىشتۈرۈشتىن

ئىبارەت سىياسىي يۆنىلىشكە ئاشكارا قارشى چىقتى. ھەرخىل سۇيىقەستلىك ۋاستىلەر بىلەن بالىلارنىڭ قەلبىنى بويسۇندۇرۇپ، ئەقلىي، ئەخلاقىي، جىسمانىي جەھەتلەردىن بالىلارنى چىرىتىشقا ئۇرۇندى. "4 كىشىلىك گۇرۇھ"نىڭ مەسلىھەتچىسى جاڭ چۇنچياۋ ئاشكارا سورۇنلاردا "بالىلارنى كوممۇنىستىك ئەخلاق رامكىسى ئىچىگە سولاپ قويماسلىق لازىم"، "ھەممىنى بۇزۇپ-چاقالايدىغان كەپسىز، ئىسيانچى بالىلار ئىستىقباللىق" دەپ بىمەنە بىلجىرلاپ، بالىلارنى ئىنتايىن خەتەرلىك تۇيۇق يولغا باشلاشقا ئۇرۇندى. "4 كىشىلىك گۇرۇھ" زورلۇق-زومبۇلۇق قىلغان مەزگىللەردە بالىلار تەلىم-تەربىيىسى زور توسالغۇغا ئۇچراپ، ئىنقىلاۋىي بالىلار ئەدەبىياتى ئېغىر زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى.

بىز شادلىق، يېڭى غەلىبىلىرىمىزنى تەنتەنە قىلىۋاتقان بۇ چوڭ ياخشى ۋەزىيەتتە، "4 كىشىلىك گۇرۇھ"نىڭ بۇزغۇنچىلىقى ۋە توسقۇنلۇقى تۈپەيلىدىن مەلۇم ۋاقىت بۇرۇختۇم ھالەتكە چۈشۈپ قالغان ئىنقىلاۋىي بالىلار ئەدەبىياتىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ كوممۇنىستىك تەربىيە يۆنىلىشىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ كۈچ سەرپ قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. لېكىن بىزنىڭ بەزى يولداشلىرىمىزنىڭ بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ ۋەزىپىسى، ئىجتىمائىي رولى ۋە سىياسىي يۆنىلىشىگە بولغان تونۇشى يېتەرلىك بولمىغاچقا، ئۇلار بالىلار ئەدەبىياتىنى راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسىگە سەل قارايدۇ. ئۇلار كۆپ ھاللاردا،



بالىلار ئەدەبىياتى پەقەت بالىلارنىڭ ئۆزلىرى ئىجاد قىلىدىغان ئەدەبىيات دەپ ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا ئۆزلىرىنى بالىلار ئەدەبىياتى بىلەن مۇناسىۋەتسىز دەپ ھېسابلايدۇ. شۇ سەۋەبتىن، بولۇپمۇ شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات گۈلزارىدا بالىلار ئەدەبىياتىغا تەئەللۇق بولغان ئەسەرلەرنىڭ سالمىقى ئانچە زور ئەمەس، ھەر مىللەت بالىلىرىنىڭ تەلىۋىدىن خېلى يىراق تۇرماقتا.

بىزگە مەلۇمكى، كوممۇنىستىك ئەخلاق تەربىيىسى بالىلارغا ئېلىپ بېرىلىدىغان 5 سۆيۈش تەربىيىسىنى، يەنى ۋەتەننى سۆيۈش، خەلقنى سۆيۈش، ئەمگەكنى سۆيۈش، پەننى سۆيۈش ۋە جامائەت مال-مۈلكىنى سۆيۈش تەربىيىسىنى ئاساس قىلىدۇ. بالىلار ئەدەبىياتى بالىلارنى كوممۇنىستىك ئەخلاق بىلەن تەربىيىلەشتىن ئىبارەت تۈپ پرىنسىپ ئۈچۈن خىزمەت قىلىش سۈپىتى بىلەن پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئەخلاقىغا ۋە پۈتۈن مىللەتنىڭ ئار-نومۇسىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇ بالىلارنى ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي تەرەپلەردىن يېتىشكەن مەدەنىيەتلىك ئەمگەكچىلەردىن — كوممۇنىزم ئىشلىرىنىڭ مۇناسىپ ئىز باسارلىرىدىن قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىش ئىشىنى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرىدۇ. بالىلاردىكى كوممۇنىستىك ئاڭ ۋە ئەخلاقىي پەزىلەت تەبىئىي پەيدا بولمايدۇ، بەلكى مەكتەپ ۋە پىئونېرلار ئەترىتى، جەمئىيەت ۋە ئائىلىنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىپ ئىنچىكىلەپ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشىدىن پەيدا بولىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا بالىلار

ئەدىبىياتى ئارقىلىق بىۋاستە تەربىيىلەشتىنمۇ پەيدا بولىدۇ.
بالىلار ئەدىبىياتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئۆز ئەسەرلىرى
ئارقىلىق بالىلارنى تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلىدىكەن، ئۇنداقتا
بالىلار ئارىسىدا ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق
قىلىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، ھەر خىل ياشتىكى بالىلارنىڭ
پسىخولوگىك خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىگەللىشى شەرت. بالىلارنىڭ
يېشى، ئۇسۇش دەۋرى، ياشاش شارائىتى، تەربىيىلىنىشى
ئوخشاش بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ پسىخولوگىك ئۇسۇشىدىمۇ
مۇقەررەر ھالدا مەلۇم ئالاھىدىلىك بولىدۇ. شۇڭلاشقا بالىلار
ئەدىبىياتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار بالىلارنىڭ تۇرمۇشىغا چوڭقۇر
چوكۇپ، بالىلارنىڭ نېمىنى ياخشى كورىدىغانلىقىنى چۈشىنىپلا
قالماستىن، بەلكى بالىلارنىڭ ساغلام ئۇسۇش جەريانىدا نېمىگە
ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى، بالىلارنىڭ قانداق ئارزۇ-ئۇمىتلىرى
بارلىقىنى ۋە ئۇنى قانداق ھەل قىلىش لازىملىقىنىمۇ پۇختا
ئىگەللىشى لازىم. بۇ روشەن، مەقسەتلىك، مول ئىدىيىۋى تەلىم-
تەربىيە ئەھمىيىتىگە ئىگە، بەدىئىلىگى يۇقۇرى ئەسەر يارىتىشنىڭ
مۇھىم شەرتى ھېساپلىنىدۇ. ئادەتتە بالىلار باغچىسىدىكى بالىلار
بىلەن مەكتەپ قوينىدىكى بالىلارنىڭ تەلەپ-ئارزۇسىدا ناھايىتى
زور پەرقلەر بولىدۇ، ئۇلارنىڭ شەيئىلەرگە بولغان تونۇشى ۋە
ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى چۈشىنىشىدىمۇ زور ئالاھىدىلىكلەر
بولىدۇ. شۇڭلاشقا، بالىلارغا ئائىت ئەدىبىي ئەسەرلەر مەيلى
مەزمۇن جەھەتتە بولسۇن، مەيلى ھەجمى، تىلى، قۇرۇلۇشى



جەھەتتە بولسۇن، ئۆزىنىڭ ئوبيېكتى بولغان بالىلارنىڭ ئالاھى-
دىلىكىگە قاراپ پەرقلىق بولۇشى لازىم.
بىز بالىلار ئەدىبىياتىنىڭ مەزمۇنىنى مۇھاكىمە قىلغاندا، ئۇنىڭ
تېمىسىنىڭ كەڭ ۋە خىلمۇ-خىللىققا ئىگە بولۇشىنى ئۇمىت
قىلىمىز. شۇنداق بولغاندىلا، بالىلارنىڭ ھەرتەرەپتىكى ئېھتىيا-
جىنى قاندۇرۇشقا، بالىلارنى ئومۇمى يۈزلۈك، ئەتراپلىق تەربىيە-
لەشكە پايدىلىق بولىدۇ. بالىلار ئەدىبىياتىنىڭ تېمىسى بالىلار-
نىڭ ئېھتىياجىنى چىقىش نۇقتا قىلغان ھالدا، ئالدى بىلەن
سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش جەريانىدا
بارلىققا كەلگەن ئۇلۇغ مەنزىرىلەرنى، ئۈچ چوڭ ئىنقىلاۋىي
ھەركەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا يېتىشىپ چىققان قەھرىمانلارنى،
ئىنقىلاۋىي كۈرەش تارىخىنى، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن
ئىبارەت يېڭى ئۇزۇن سەپەرنىڭ غەلىبە داستانلىرىنى، كۈرەش
جەريانىدا بارلىققا كەلگەن يېڭى شەيئىلەرنى، ئىلىم-پەنگە
قاراپ ئىلگىرىلەشنىڭ غەلىبە مىۋىلىرىنى......تەسۋىرلەشنى مۇھىم
ئورۇنغا قويۇشى لازىم. بۇنداق ئەسەرلەر بالىلارغا ئوتمۇشنى
ۋە بۈگۈنكى رىياللىقنى تونۇتىدۇ، بالىلارنى گۈزەل كېلىچەكنى
ئۆز قولى بىلەن يارىتىشقا يېتەكلەيدۇ. بۇنداق ئەسەردىكى
قەھرىمانلار بالىلارنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى، ئۇلارنىڭ ماڭغان
يولى كەلگۈسىدە بالىلارنىڭ ماڭىدىغان يولى، ئۇلارنىڭ
ئۆزلىرىنى بېغىشلىغان ئىشلىرى بالىلارنىڭ ئۆزلىرىنى بېغىشلاشقا
تېگىشلىك ئىشلىرى بولىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇنداق ئەسەرلەر ئىچىدە

بالىلارنىڭ تۇرمۇش پائالىيەتلىرى تەسۋىرلەنگەن ھەمدە بالىلارنىڭ قەھرىمانلىق ئوبرازلىرى يارىتىلغان ئەسەرلەر مۇھىم سالماقنى ئىگەللىشى لازىم. چۈنكى ھەرقانداق ئىنقىلاۋىي تارىخىي دەۋردە جەڭگىۋار ئىنقىلاۋىي قوشۇننىڭ ئارقا سېپىدە ھامان بىر تۈركۈم بالىلار قوشۇنى بولىدۇ. جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي باسقۇچلىرىنى ئەسلىسەك، «نۇرلۇق قىزىل يۇلتۇز» ئەسىرىدىكى دۇڭزىغا ئوخشاش ھېچنىمىدىن قورقمايدىغان جەڭگىۋار بالا قەھرىمانلارنى كۆپلەپ ئۇچرىتىمىز. دۆلىتىمىز ئازات بولغاندىن كېيىنكى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ۋە قۇرۇلۇشلاردىمۇ بالىلار ئۆزىگە يارىشا ئاجايىپ خىزمەتلەرنى كۆرسەتتى، بالىلار ئارىسىدىن كۆپلىگەن قەھرىمان بالىلار ۋە ئىلغار شەخسلەر دائىم دىگۇدەك چىقىپ تۇردى.

شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، بالىلار ئەدەبىياتىنى مەخسۇس بالىلارنىڭ تۇرمۇشىنى تەسۋىرلەيدىغان ئەدەبىيات دەپ قاراش توغرا ئەمەس. بالىلار تۇرمۇشىدىن ئېلىنغان ئەسەرلەر بالىلار ئەدەبىياتى تېمىسىنىڭ پەقەت بىر بۆلۈكى بولالايدۇ. ئىنقىلاۋىي پىشقەدەملەرنىڭ ئازاتلىق يولىدىكى كۈرەشلىرىنى تەسۋىرلەش، تارىخىي قەھرىمانلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش، ھەرقايسى سەپلەردىكى قاينام-تاشقىنلىق جەڭگىۋار ھاياتنى ئىنكاس قىلىش، يېڭى قەھرىمانلار ۋە ئىلغارلارنىڭ تىپىك ئوبرازىنى يارىتىش، بالىلارنى ئىنقىلاۋىي روھتا تەربىيىلەش، بالىلارنى ياخشى ئۆگىنىپ، ھەركۈنى يۇقۇرى ئۆرلەشكە ئۈندەش



قاتارلىقلار بىزنىڭ سوتسىيالىستىك بالىلار ئەدەبىياتىمىزنىڭ تېما جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىدۇر.

ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئىنقىلاۋىي داھىلار ۋە ئۇلۇغ ئۇستازلارنىڭ ئىنقىلاۋىي پائالىيەتلىرى توغرىسىدىكى ھېكايىلەر، ليۇخۇلەن، دۇڭ سۇنرۇي، خۇاڭ جىگۇاڭ، لو شېڭجياۋ، ئىسمايىل مەھەممەت قاتارلىق كۈرەش قەھرىمانلىرى توغرىسىدىكى ھېكايىلەر، سانائەت ۋە ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش سېپىدىكى ۋاڭ جىنشى قاتارلىق نەمۇنىچىلەرنىڭ ئىش-ئىزلىرى توغرىسىدىكى ئوچېرىكلار، «قاناتلىق خەت»، «ئاتام بىلەن تۈرمىدە بولغان كۈنلىرىم»، «نۇرلۇق قىزىل يۇلتۇز» قاتارلىق ئەسەرلەر، ھەرقايسى سەپلەردىكى كۈرەشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان شېئىر-قوشاق، ھېكايە-ئوچېرىكلار بالىلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئىگە بولۇپ كەلدى، ئۇلار بۇ ئەسەرلەرنى سۆيۈپ ئوقۇماقتا ۋە ئۆگەنمەكتە. يۇقۇرقىلاردىن باشقا، بالىلار ئەدەبىياتىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بالىلارنىڭ مەكتەپ تۇرمۇشى، ئائىلە تۇرمۇشى ۋە جەمىيەت تۇرمۇشى كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم تېمىلارنىڭ بىرسى. مەكتەپ ۋە ئائىلىدە بالىلارنىڭ ئۆزلىرىگە خاس نۇرغۇن مەسىلىلىرى بولىدۇ. مەكتەپ ھاياتىدىكى بالىلارنىڭ ياخشى ئىش، ياخشى ھەركەتلىرى، بالىلارنىڭ ئۆزئارا ئىتتىپاقى ۋە ئۆزئارا ياردىمى، ئۆگىنىشتىكى ئالاھىدىلىكلىرى، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى، تازىلىق ۋە بەدەن چېنىقتۇرۇش ھەركەتلىرى، ئاتا-ئانا ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەش، مەكتەپتىن قايت-

قاندىن كېيىنكى ئائىلىسىدىكى مەشغۇلاتلار......قاتارلىقلار چوڭ
كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئەرزىمەس بىر نەرسە بولۇپ كۆرۈنۈشى
مۇمكىن، لېكىن باللارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا چوڭ ئىش.
مەسىلەن، ئەمدىلا مەكتەپكە كىرگەن بىر بالىنىڭ يېنىدىكى
قەلىمى يوق ساۋاقدىشىغا ئۆزىنىڭ ئارتۇق قەلىمىنى بېرىپ
تۇرغانلىقى، مەيداندىن تېپىۋالغان قەلەم ئۇشلۇغۇچىنى ئوقۇت-
قۇچىسىغا تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكى......ئاددى ئىش بولسىمۇ،
لېكىن بۇ شۇ بالىدا كوللېكتىپچىلىق ئىدىيىسىنىڭ بىخ ئۇرۇۋات-
قانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئاشۇنداق خىلمۇ-خىل تۇرمۇش ئالاھى-
دىلىكلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، باللارنىڭ مۇشۇ مەسىللەرنى
بىر ياقلىق قىلىشىغا ياردەم بېرىش باللار ئەدەبىياتىنىڭ ۋە-
زىپىسى. ئۇنىڭدىن باشقا، قەدىمقى ئەجداتلىرىمىز توغرىسىدىكى
ھېكايىلەر، تارىخىي داستانلار، خەلق ئارىسىدىكى ھېكايە،
چۆچەكلەر، مەسەل-تېپىشماقلارمۇ باللار ئەدەبىياتىنىڭ بىرقىسمى
بولىدۇ. بۈگۈنكى باللار تەربىيىسىنىڭ ئېھتىياجىنى كۆزدە
تۇتۇپ، قەدىمقى ئىشلار توغرىلىق يارىتىلغان بۇنداق خەلق
ئېغىز ئەدەبىياتى ئىچىدىن ياخشىلىرىنى تاللاپ ۋە ئۇنىڭغا يېڭى
مەزمۇن بېرىپ، ئۇنى سوتسىيالىستىك دەۋر روھىغا ماسلاش-
تۇرۇش باللارنى تەربىيىلەشتە زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

خەلقىمىز ياراتقان بۇ خىل ھېكايە، چۆچەكلەر ئىچىدە تەربى-
يىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغانلىرى خېلى كۆپ سالماقنى تەشكىل
قىلىدۇ. بۇنداق چۆچەكلەردە تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەرخىل



ھايۋاناتلار، ئۈچار قاناتلار، دەل-دەرەخلەر، چۆپ-گىيالار،
تاغۇ-تاشلار، قۇرۇت-قوڭغۇزلار ۋە شۇلارغا ئوخشاش مەۋجۇ-
داتلارغا ئادەملەرنىڭ تۈسى بېرىلگەن بولۇپ، ئۇلار ئارقىلىق
قەدىمقى ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ ئەركىنلىككە تەلپۈنۈشلىرى،
قىيىنچىلىقتا باش ئەگمەيدىغان يۈكسەك روھى، تەبىئەت بىلەن
كۆرەش قىلىش ۋە ئۇنى بوي سۇندۇرۇش ئىرادىسى، ئىجاتچانلىق
روھى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. كىشىلەرنى ئالغا يېتەكلەيدىغان
بۇنداق ئىلمىي فانتازىيىلىك چۆچەكلەر باللارنىڭ ئاكتىپلىقىنى،
تەشەببۇسكارلىقىنى زور دەرىجىدە قوزغاپ، باللارنىڭ قىيىن-
چىلىقنى يېڭىدىغان غەيرىتىنى، غەلبىنى قولغا كەلتۈرىدىغان
ئىشەنچىنى ئاشۇرۇشىغا ياردەم بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، باللار
ئەدەبىياتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار خەلق چۆچەكلىرى ئاساسىدا
تەبىئەتتىكى ھەرخىل شەيئىلەردىن پايدىلىنىپ، قىزىقارلىق،
ئىجادىي ھېكايە-چۆچەكلەرنى ئىجات قىلىشقىمۇ ئەھمىيەت
بېرىشى كېرەك. شۇنداقلا يەنە، يېڭى مەزمۇنغا ئىگە ھەر خىل
باللار تېپىشماقلىرىنى تۈزۈپ، باللارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئوبرازلىق
تەپەككۇر ئىقتىدارىنى يېتىشتۈرۈشكە ۋە ئوستۇرۇشكە ياردەم
بېرىش لازىم.

1963-يىلى «شىنجاڭ ئەدەبىياتى»غا بېسىلغان يولداش
بۇغدا ئابدۇللانىڭ «ئاينىڭ كىچىك مېھمىنى» دىگەن ئەسىرىمۇ
مۇشۇ خىلدىكى ئىجادىي باللار چۆچىگىدۇر. بۇنداق ئەسەرلەر
باللارنى ساغلام، ئۇمىتۋار، ئالىجاناپ ھىسسىيات بىلەن تەربى-

بىلەشتە، باللارنىڭ ۋەتەننى، كەلگۈسى بەختىيار ھاياتنى سۆيۈش قىزغىنلىقىغا ئىلھام بېرىشتە، قىيىنچىلىقتا باش ئەگمەيدىغان قەيسەر ئىرادە تىكلىشىگە ئىلھام بېرىشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئىدىيىۋى تەلىم-تەربىيىدىن باشقا، پەننى بىلىم تەربىيىسىمۇ باللار ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم بىر ۋەزىپىسى ھېسابلىنىدۇ. ھەر خىل پەننى بىلىملەرنى ئەدەبىيات شەكلىدىن پايدىلىنىپ ئىپادىلەپ بەرگەندە، ئۇنى باللار قىزىقىش بىلەن ئەڭ ئاسان قوبۇل قىلىدۇ. چۈنكى پەننى بىلىمگە ئائىت ساۋاتلار كۆپىنچە ئابستراكت بولىدۇ، ئابستراكت ئۇقۇملارنى باللارنىڭ ئاددىي مېڭىسى دەرھال قوبۇل قىلالمايدۇ. ئۇنى بەدىي ئوبرازنىڭ ياردىمى بىلەن ھېس قىلغىلى بولىدىغان كونكرېت نەرسىلەرگە ئايلاندۇرغاندا، باللار ئاسان ئىگىلىيەلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، باللارنىڭ ئوقۇشىغا بېغىشلانغان ئەدەبىي ئەسەرلەردە، ماتېماتىكا، خىمىيە، تارىخ، جۇغراپىيە، تىل قاتارلىقلارغا ئائىت بىلىملەرنىمۇ ئەدەبىيات بىلەن زىچ ماسلاشتۇرۇش لازىم. مەسىلەن، بۇرۇنقى «سان ناخشىسى»، ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىنى ئۆگىنىشتىكى «ھەرپ ناخشىسى»غا ئوخشاش نەرسىلەرنى كۆپلەپ ئىجاد قىلىش كېرەك.

باللارغا تىل توغرىلىق تەربىيە بېرىشتىمۇ باللار ئەدەبىياتى زور رول ئوينايدۇ. باللار ئەدەبىياتى ئارقىلىق باللار ئۆزىنىڭ ئانا تىلىنى ئۆگىنىدۇ ۋە تىل بايلىقىنى ئاشۇرىدۇ. شۇنىڭ



ئۈچۈن، باللار ئەدەبىياتىنىڭ تىلى تېخىمۇ ئېنىق، توغرا، روشەن، جانلىق، كونكرېت ۋە ئاددىي بولۇشى لازىم ھەمدە باللارنىڭ سەۋىيىسىگە ئۇيغۇنلىشىشى، ئۇلارنىڭ سەۋىيىسىنى پەيدىن-پەي ئۆستۈرۈشكە ياردەم بېرىدىغان بولۇشى كېرەك.

ئومۇمەن، باللار ئەدەبىياتىغا ئائىت بارلىق ئەسەرلەر باللارنىڭ مول بىلىم مەنبەسىدۇر. باللار بۇ مەنبەدىن ئوزۇقلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئالغا بېسىش نىشانىسىنى كۆرۈۋالىدۇ، ئىنقىلاۋىي روھقا ئىگە بولۇپ، كەلگۈسى كوممۇنىزىمنىڭ ئېغىر يۈكىنى شەرەپ بىلەن ئۆز زىممىسىگە ئالىدىغان بولىدۇ.

بىز باللار ئەدەبىياتىنىڭ ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىگىمۇ كۆڭۈل بۆلۈشىمىز زۆرۈر. ئەدەبىياتنىڭ باشقا پەنلەردىن پەرقلىنىدىغان ئەڭ روشەن بەلگىسى ئۇنىڭ ئوبرازچانلىقىدا. ئوبراز ئەدەبىياتنىڭ جېنى، ئەدەبىيات ئوبراز ئارقىلىق كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرۈپ ۋە ئىلھاملاندۇرۇپ، ئۆز شارائىتىنى ئۆزگەرتىشكە ياردەم بېرىدۇ. باللار ئەدەبىياتى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئوبراز تېخىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. باللار ئەدەبىياتى جانلىق، كونكرېت ۋە ھېسسى بولغان بەدىي ئوبرازلارنى يارىتىپ، باللارغا چوڭقۇر ھېس قىلدۇرۇش ۋە تەسىر قىلدۇرۇش ئارقىلىق تەربىيىلەش مەقسىدىگە يېتىدۇ. باللار ئادەتتە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇغاندا، كىنو-تىياتىر كۆرگەندە، گەرچە ئۇنىڭ مەزمۇنىنى تولۇق چۈشەنمىسىمۇ، ئۇنىڭدىكى ۋەقەلىكلەرنى ئۇجۇر-بۇجۇرىغىچە بايان قىلىپ بېرەلەيدۇ. ۋەقەلىكلەرنىڭ

باللارنىڭ مېڭىسىدە روشەن ئىز قالدۇرۇشى پەقەت ئوبرازنىڭ ياردىمى ئارقىلىق بولىدۇ. ”باللار ئەدەبىياتى ئاددى ئەدەبىيات، شۇڭا ئۇنىڭدىكى شەخسلەرنىڭ ئوبرازى ئاددى، ئۇزە بولسىمۇ كېرەك يوق“ دەيدىغان كوزقاراش توغرا ئەمەس. لېكىن شۇنى كورۇشىمىز كېرەككى، ئەسەردىكى شەخسلەرنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش، ۋەقەلىكلەرنى بايان قىلىشنىڭ چوڭقۇرلۇق دەرىجىسى باللار ئەدەبىياتى بىلەن چوڭلار ئەدەبىياتىدا، ئەلۋەتتە، پەرقلىق بولىدۇ. باللارغا تەئەللۇق ئەسەرلەردە شەخسلەرنىڭ خاراكتېرىنى مۇرەككەپ ۋە ئەگرى-بۈگرى ۋەقەلەر ئارقىلىق ئېچىپ بېرىش، قەھرىمانىنىڭ مۇرەككەپ ئىچكى دۇنياسى ۋە نازۇك روھىي ھالەتلىرى، شەخسلەرنىڭ خاراكتېرىنى شەكىل-لەندۇرىدىغان شارائىت ۋە مەنزىرىلەرنىڭ ئوزگىرىشچان تەسۋىرى قاتارلىقلارنى مۇكەممەل ئىپادىلەپ بېرىش تەلەپ قىلىنمايدۇ. پەقەت باللارنىڭ قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىنى نەزەردە تۇتۇپ، باللار ئەدەبىياتىدا رىياللىقنى ئوبرازلار ئارقىلىق ئىنكاس قىلغاندا، ئۇنىڭدىكى بەدىي ئوبراز شۇ قەدەر جانلىق، كونكرېت بولۇشى كېرەككى، باللار ئوقۇغان ئەسەردىكى پېرسوناژلارنىڭ ئەينى ئوزىنى كورگەندەك، ئاۋازىنى ئوز قۇلىغى بىلەن ئاڭلاۋات-قاندەك ھىس قىلسۇن. بۇ تەلەپكە يېتىش ئۈچۈن، ئوبراز رەڭ-گا-رەڭ بولۇشى، شەخسلەرنىڭ خاراكتېرى، روھىي ھالەتلىرى، مۇرەككەپ بايانى تەسۋىرلەر ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى جانلىق ھەركەت ئارقىلىق ئىپادىلىنىشى لازىم. باللار ئەدەبىياتىدا



ئوبرازنى جانلاندۇرۇشتا يەنە ئوخشىتىش، سىمۋول، تەقلىت قىلىش، سېلىشتۇرۇش، جانلاندۇرۇش قاتارلىق ئىستىلىستىك بەدىي ۋاستىلەردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بۇلار باللار ئەسەرلىرىدىكى ئوبرازلارنىڭ كونكرېتى-لىقىنى كۈچەيتىشكە ياردەم بېرىدۇ.

روشەنلىك — باللار ئەدەبىياتىنىڭ يەنە بىر زورۇر شەرتى. باللارغا ئائىت ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى ئىدىيىۋى مەزمۇن ۋە ئۇنى بارلىققا كەلتۇرىدىغان ۋەقەلىكلەرنىڭ قۇرۇلۇشى، ئورۇن-تەرتىۋى روشەن بولۇشى كېرەك. خۇددى گوركى ئېيت-قاندەك: ”ئەدەبىياتنىڭ كۈچى نىمىدە؟ ئۇنىڭ كۈچى قان ۋە گوش بىلەن پىكىرگە جان كىرگۈزۈپ، پەلسەپە ۋە پەنگە قارىغاندا پىكىرگە تېخىمۇ زور روشەنلىك، قايىل قىلارلىق خاراكتېر بېغىشلىشىدا“، بۇنداق زورۇر روشەنلىك ۋە قايىل قىلىش خاراكتېرىغا ئىگە بولغان نەرسە باللار ئۈچۈن تېخىمۇ مۇھىم. بۇ يەردىكى روشەنلىك باللار ئەدەبىياتىدىكى ئوبرازنىڭ ۋە ۋەقەلىكنىڭ روشەن ھەم ئاددى بولۇشىغا قارىتىلغان. روشەنلىك ئۇنىڭ مەنىلىك ۋە چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇنلۇق بولۇشىنى زادى چەتكە قاقمايدۇ، بەلكى شۇنداق بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

باللار ئەدەبىياتىغا ئائىت ئەسەرلەر يەنە جانلىق، تەسىرلىك، قىزىقارلىق بولۇشى كېرەك. باللار ئوز تەبىتى بويىچە، ئومۇ-مەن يېڭى، جانلىق، قىزىقارلىق ئەدەبىي ئەسەرلەر بولسا ھەتتا

تاماق يېيىش ۋە ئۇخلاشنىمۇ ئۇنتۇپ، ئۇنىڭغا قىزىقىپ كېتىدۇ. بۇنىڭدىن بالىلارنىڭ تاللاش ئىقتىدارىنىڭ ناھايىتى ئېنىقلىغىنى كورگىلى بولىدۇ. بەزىلەر بالىلارنى جەلىپ قىلىش يۈزىسىدىن كۈلكىلىك، قىزىقارلىق قىلىپ يېزىشنى بۇرژۇئازىيە ئەدەبىياتىنىڭ ئالامىتى دەپ قارايدۇ، بۇ بىر خىل خاتا كوز قاراش. پرولېتارىياتنىڭ ھاياتىدىمۇ قىزىق ۋە كۈلكىلىك ئەھۋاللارنىڭ بولىدىغانلىغى تەبىي، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا بەزىدە كۈتۈلمىگەن، كۈلكىلىك ۋە قىزىق ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. قەھرىمانلارنىڭ پائالىيىتىدىكى قىزىق ئىشلار بالىلاردا ھېسداشلىق، خۇشخۇي كۈلكە پەيدا قىلىدۇ. سەلبىي كۈچلەرنى كۈچلۈك مەسخىرە قىلىشتىن پەيدا بولغان ئاچچىق كۈلكە بالىلار قەلبىدە دۈشمەنلەرگە قارىتا كۈچلۈك غەزەپ-نەپرەت قوزغىتىدۇ. ئەسەرنىڭ قىزىقارلىق بولۇشى ئۇنىڭ مەزمۇنى بىلەن خۇددى قان بىلەن گوشتەك قوشۇلۇپ كېتىشى لازىم، ئۇ پۈتۈن ئەسەرگە سىڭدۈرۈلۈشى، ئەسەرنىڭ ۋەقەلىگى، قۇرۇلۇشى، تىلى، ئىپادىلەش ئۇسۇلى قاتارلىق ھەممە تەرەپلىرىدە تولۇق ئىپادىلىنىشى لازىم.

خۇلاسە قىلغاندا، بالىلار ئەدەبىياتى بالىلارنى تەربىيىلەيدىغان ئەدەبىيات بولغاچقا، ئۇ بالىلارنىڭ تەلىم-تەربىيە يونۇلۇشىگە، ئەدەبىياتنىڭ ئومۇمى قانۇنىيىتىگە بوي سۇنغاندىلا، ئاندىن تېز ۋە ساغلام راۋاجلىنالايدۇ.

بىز سوتسىيالىستىك بالىلار ئەدەبىياتىنى داۋاملىق ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىپ، بالىلار ئەدەبىياتى سەھنىسىدىمۇ ھەممە گۈللەر



تەكشى ئېچىلغان، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايرىغان گۈزەل مەنزىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشىمىز لازىم.

# ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى توغرىسىدا

## ئابدۇكېرىم رەخمان

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تۈر ۋە ژانىرلىرى كۆپ بولۇپ، خەلقىمىز ئىچىدە ناخشا، قوشاق، چۆچەكلەردىن قالسا، داستانچىلىق بىر قەدەر ئومۇملاشقان. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىلىك شەكىللىرىدىن بىرى بولغان مەددالىق ئەدەبىياتىمۇ داستان ئېيتىشنى ئاساس قىلىدۇ.

”مەددا“دېگەن بۇ ئۇقۇم ئەسلىدە ”داستانچى“ دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئۆزگىچە خۇسۇسىيەتكە ئىگە بىر شەكىل.

مەددالىق ھەم ھېكايە سۆزلەشنى، ھەم ناخشا ئېيتىشنى، ھەم مۇزىكىچىلىقنى، ھەم جانلىق ھەركەتنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرگەن سەنئەت شەكلى بولغاچقا، خەلقىمىز ئارىسىدا، بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلقى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلىرىدا چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە. مەددالىق ئەدەبىياتى «غېرىپ-سەنەم»، «يۈسۈپ-ئەخمەت»، «سېيىت نوچى» قاتارلىق خەلق داستانلىرىنى كۆپ ئەسىرلەردىن بېرى ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقا



داۋاملاشتۇرۇپ بۈگۈنكى دەۋرىمىزگىچە يەتكۈزۈپ بېرىشتە رول ئويناپلا قالماي، ئۇيغۇر كلاسسىك يازما ئەدەبىياتىنى خەلق ئىچىگە تارقىتىشتىمۇ كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىدى. مەددالار ھەركەت جەھەتتىن ئىنتايىن چاققان ۋە چېۋەر بولۇپ، ئۆزىگە خاس سەنئەت ھەركەتلىرى ئارقىلىق بىر ئورۇندا مىڭلاپ كىشىنى سائەتلەپ ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، ھېكايە قىلىۋاتقان ئەسەر ئىچىدىكى پېرسوناژنىڭ خاراكتېرىنى كىشىلەر ئارىسىدا ئوچۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. شۇڭا مەددالىق ئەدەبىياتىنى مەلۇم نۇقتىدا ئۇيغۇر دىراما سەنئىتىنىڭ ئاددىي، ئىخچام، مەزمۇنلۇق ۋە قىزىقارلىق دەسلەپكى شەكلى ياكى بىخى دەپ مۇقەررەرلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

مەددالىق ئەدەبىياتى قاتارلىق تۈرلۈك سەنئەت پائالىيەتلىرى ئارقىلىق دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشتىن بۇرۇن، خەلق داستانلىرىغا قانداق قاراش مەسىلىسى ھەققىدە بەزى كۆزقاراشلارنى قويۇپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى توغرىسىدا بىزدە ئومۇمىي يۈزلۈك تەتقىقات كەم بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، خەلق داستانلىرى تېخى رەتلىنىپ خەلق بىلەن يۈز كۆرۈشكىنى يوق.

قەدىمقى خەلق داستانلىرى ھەر خىل تارىخىي سەۋەپلەر، يەنى خەلقلەرنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتى جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى بويىچە، تارىخىي ئومۇملىققا ئىگە بولغانلىقى،

مىللەتلەر ۋە خەلقلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، ئۆزئارا بېرىپ-كېلىش ۋە باشقا ھەر خىل ئالاقىلەردىن شەكىللەنگەن ئوخشاش تۇرمۇش شارائىتلىرى، ....... سەۋەبىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشايدىغان شەرق مىللەتلىرى ئارىسىغا ئورتاق سىڭىشىپ كەتكەن. بىز بۇنداق داستانلارنىڭ زادى قايسى مىللەت خەلقىغە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئايرىشتا تارىخىي ماتېرىيالىزىملىق نۇقتىنەزەر بويىچە، شۇ داستاندا ئىپادىلەنگەن تۇرمۇش پۇرىقى، مىللىي ئالاھىدىلىك، شۇ خەلق ئىچىگە ئومۇملىشىش ۋە ئۆزلىشىش دەرىجىسى قاتارلىقلارغا قارىشىمىز لازىم. ئادەتتە بەزى خەلق داستانلىرىنىڭ، مەسىلەن، «غېرىپ-سەنەم»، «يۈسۈپ-ئەخمەت»...... قاتارلىقلارنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردە خاتىرىلەنگەن نۇسخىلىرىغا ۋە داستانچىلارنىڭ بايان قىلىش ئۇسۇلىغا قارىساق، داستان قەھرىمانلىرىنىڭ پائالىيەت مەيدانى (ئورنى) باغدات، مىسىر...... قاتارلىق چەت جايلار ئىكەنلىكىنى ئۇچرىتىمىز، بۇنداق ھېكايە قىلىشنىڭ بىزنىڭچە ئىككى خىل سەۋەبى بولۇشى مۇمكىن:

بىرىنچىدىن، بۇ خىلدىكى داستانلارنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە فېئودال ھۆكۈمرانلار گۇرۇھلىرى فېئودالىزىمغا قارشى ئىدىيە بىلەن سۇغۇرۇلغان مۇنداق داستانلارنىڭ ئۆز يېرىنىڭ نامى بىلەن مەيدانغا چىقىشىغا يول قويمىغان. فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ قارشىلىقى ۋە كاشىلىسى تۈپەيلىدىن، ئۇلارنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىش



مەقسىتىدە، داستانچىلار داستاندىكى ۋەقەلىكنىڭ پەيدا بولغان ئورنىنى ئۆز يېرىدىن يىراق بولغان چەت جايلارنىڭ نامى بىلەن ئاتاشقا مەجبۇر بولغان.

ئىككىنچىدىن، خەلقنىڭ كۆپلىگەن ھېكايە، چۆچەكلىرىدە قەدىمىي تارىخقا ئىگە، ھەممە خەلققە بىر قەدەر تونۇشلۇق بولغان شەھەرلەرنىڭ نامىنى ئاتاپ ھېكايە قىلىش ئەنئەنىۋى بايان قىلىش ئۇسۇلى بولۇپ قالغان. شەرق فولكلور ئەسەرلىرىنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەشتىكى بۇ خىل ئادىتى خەلق داستانچىلىرى ۋە كېيىنكى خاتىرىلىگۈچىلەرگە بەلگىلىك تەسىر قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

مەيلى قايسى جاينىڭ نامى ئاتىلىشىدىن قەتئىي نەزەر، خەلق داستانلىرى خەلقنىڭ مەنىۋى بايلىقى بولغاچقا، ئەڭ مۇھىمى، شۇ داستاننىڭ ئومۇملىشىش ئەھۋالى ۋە خەلق ئىچىدىكى تەسىرى ئۇنى ئايرىشنىڭ ئاساسلىق شەرتى بولۇشى كېرەك.

ھازىرچە بىزگە مەلۇم بولغان ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ئۆزىنىڭ تېماتىك مەزمۇنىنىڭ كەڭلىكى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنىڭ چىنلىقى، مەزمۇنى ۋە شەكلىدىكى مىللىي ئالاھىدىلىكىنىڭ قويۇقلۇقى، بەدىئىي تۈزۈلۈشىنىڭ گۈزەل ۋە ئاممىباپلىقى قاتارلىق خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن خەلقىمىزنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ ئاساسىي تېمىسى مۇھەببەت، ۋاپادارلىق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت. بۇنىڭ بەلگىلىك

ئىجتىمائىي سەۋىيى بار، ئۇيغۇر ئەمگەكچى خەلقى باشقا مىللەت خەلقلىرىگە ئوخشاشلا فېئوداللىزمنىڭ قاتمۇ-قات زۇلمىغا ئۇچرىغان. فېئودال ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ ئەيش-ئىشرەتلىك تۇرمۇش مەنپەئەتلىرىنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەش ئاساسىدا شەكىللەنگەن خىلمۇ-خىل فېئوداللىق دىنىي قائىدە-تۈزۈملەر ئۇزۇن تارىختىن بېرى ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقىنى ۋە ئەركىنلىكىنى دەپسەندە قىلىپ كەلگەن. شۇڭا ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى بولغان ئەركىن مۇھەببەتنى تەلەپ قىلىش ئەمگەكچى خەلقنىڭ فېئوداللىزمغا قارشى ئاساسىي كۈرەش شوئارى بولۇپ قالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدا تەسۋىرلەنگەن ئەركىن مۇھەببەت ئىستىكى فېئودال ئەزگۈچى سىنىپلار بىلەن ئەمگەكچىلەر ئاممىسى ئوتتۇرىسىدىكى كۈچلۈك سىنىپىي قارشىلىقنى، ئادالەتلىك بىلەن ئادالەتسىزلىك ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنى ۋاستىلىك ھالدا ئىپادىلەپ، خەلقىمىزنى فېئوداللىق تۈزۈمگە قارشى ئىسيانكارلىق روھتا تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلغان. مەسىلەن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر داستانلىرىدىن «غېرىپ-سەنەم»، «پەرھات-شېرىن»، «لەيلى-مەجنۇن»، «تاھىر-زوھرە» قاتارلىق داستانلارنى ئالساق، ھەممىسىدە ئىككى ياش ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت پاجىئەسىنى تەسۋىرلەيدۇ.

«غېرىپ-سەنەم» داستانى شەرق خەلقلىرى جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلق فولكلورلىرىنىڭ نادىر نەمۇنىسى ھېسابلىنىدۇ.



مۇھەببەت ئەلەملىرىدە كۆيگەن، جۇدالىق ئوتلىرىدا يانغان بۇ ۋاپادار، بەختسىز ئاشىقلارنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىمىغان ئادەم، ئېھتىمال، بىزدە تېپىلماس.

بىز خەلقىمىز ئىچىدە ئۇزاق زامانلاردىن بېرى ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان «غېرىپ-سەنەم» داستانىنىڭ ئۆزىگە قارىساق، ئۇنىڭدا خەلقىمىزنىڭ ئەركىنلىككە ۋە ئازادلىققا بولغان ئارزۇسىنى، سەممىي كىشىلىك مۇھەببەت ئىستىكىنى كۆرەلەيمىز؛ سىياسىي، ئەخلاقىي جەھەتلەردىن چىرىكلەشكەن، مەنىۋى جەھەتتىن ئۆلگەن فېئوداللىزم جەمىيىتىنىڭ يىرگىنچلىك ئەپتى-بەشىرىسىنى چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز.

خۇددى «غېرىپ-سەنەم» داستانىدا قەيت قىلىنغىنىدەك، چىرىك فېئوداللىزم شارائىتىدا سەممىي، ئەركىن مۇھەببەتنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى، ھەقىقىي مۇھەببەت قاتتىق گۇنا ھېسابلىنىپ ھامان جازاغا ھۆكۈم قىلىناتتى. فېئوداللىزم جەمىيىتىنىڭ بۇ تۈپ ماھىيىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، ئۇنىڭدىن كۈچلۈك نارازى بولغان ئەمگەكچى خەلق ئاممىسى ئۆزلىرىنىڭ غېرىپ ۋە سەنەملىرى ئارقىلىق فېئوداللىزم جەمىيىتىنى شىددەت بىلەن پاش قىلىپ، ئۇنىڭغا قارشى ئىسيانكارلىق روھىنى ئەركىن مۇھەببەت تېمىسى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن.

خەلق داستانى «غېرىپ-سەنەم»نىڭ «پەرھات-شېرىن»، «لەيلى-مەجنۇن»، «تاھىر-زوھرە» قاتارلىق مۇھەببەت داستانلىرىغا نىسبەتەن ئالاھىدىلىكى شۇ يەردىكى، ئۇنىڭدا خەلق-

مىزنىڭ ئارزۇ-ئۇمىدى ۋە غايىسىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن قەھرىمان ئوبراز بولغان غېرىپ ۋە سەنەم ئۆز رەقىپلىرىدىن ئىنتىقام ئېلىپ، فېودالىزمنىڭ تومۇر تاپىنى ئاستىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ، ۋاقىتلىق بولسىمۇ ۋىسالىغا يېتىدۇ. بۇ غايىۋى غەلىبە ئارقىلىق خەلقىمىز فېودالىزم جەمىيىتىنى مەنىۋى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىدۇ. «غېرىپ-سەنەم» داستانىدا ئىپادىلەنگەن مانا بۇ ئوپتىمىزىملىق روھ ئۇنى ئەڭ زور ئىجتىمائى ئەھمىيەتكە ئىگە قىلغان. بۇ داستاندىكى ئوبرازلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى، ئەخلاق-پەزىلەتلىرىنى ۋە كىشىلىك كۆزقارىشىنى كۆزەتسەك، بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھىس قىلىمىز.

غېرىپ فېودالىزمنىڭ قائىدە-نىزاملىرىغا، دىنىي تەرىقەتلىرىگە ۋە خۇراپاتلىقىغا قارشى تۇرۇپ، ئەركىنلىك ۋە شەخسنىڭ ئازاتلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەشكۈچى ئۇلۇغ ئىسيانكارنىڭ ئوبرازىدۇر.

داستاندا غېرىپقا يانداشقۇچى قەھرىمانلارنىڭ بىرى سەنەم ئوبرازىدىن ئىبارەت. سەنەممۇ خۇددى غېرىپتەك ئۆز دەۋرىنىڭ سەۋىيىسىدىن يۇقىرى تۇرىدىغان، فېودالىزمنىڭ مەنىۋى ئىسكەنجىسىگە قارشى ئورنىدىن دەس تۇرغان، ئۆز سۆيگۈسىگە ۋاپادار قىز ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ غېرىپنىڭ ئەمگەكچىلەرگە خاس مەنىۋى پەزىلىتىدىن 1-قېتىم بەھرى ئالغان ئەنە شۇ سەنەم بولدى. غېرىپنىڭ ئالىجاناپ قاراشلىرىغا باھا بېرىشتە سەنەمنىڭ دادىسى ۋە ئانىسى ۋەكىللىك قىلغان شۇ چاغدىكى



فېودالىزم جەمىيىتى بىر تەرەپتە تۇرغان بولسا، يالغۇز سەنەمنىڭ ئۆزى بىر تەرەپتە تۇردى. فېودال ئاقسۆڭەكلەر سىنىپى تەرىپىدىن ھاقارەتلەنگەن ۋە خورلانغان غېرىپنى قولى قان بىلەن بويالغان فېودالىزمنىڭ جاھىل ھىمايىچىسى ئابدۇللا شاتىرىدىن مىڭ ھەسسىلەپ يۇقىرى قويغان ئىنسانپەرۋەر كىشى يەنە شۇ سەنەم ئىدى.

غېرىپ بىلەن سەنەمنى بىر بىرىگە باغلىغان مەنىۋى رىشتە يالغۇز سەمىمى مۇھەببەتلا ئەمەس، بەلكى سەۋىيە، پىكىر ۋە مەسلەك بىرلىكىدۇر. غېرىپ بىلەن سەنەمنىڭ مۇھەببەت ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرى ۋە ئېتىقادى ئوخشاش، شۇڭلاشقا ئۇلار ئۆز مۇھەببىتىگە بىردەك ۋاپادار. غېرىپ ئۆزىنىڭ ۋاپادارلىقى، قەيسەرلىكى، مەرتلىكى، ساغلام ۋە گۈزەل ئەخلاقى بىلەن ئوقۇغۇچىنىڭ قانچىلىك ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولسا، سەنەممۇ ئۆزىنىڭ نومۇس ۋە پاكلىقى بىلەن ئوقۇغۇچىنىڭ شۇنچىلىك ھۆرمىتىگە ۋە ماختىشىغا سازاۋەر بولىدۇ.

«غېرىپ-سەنەم» داستانىدىن باشقا «ھورلىقا-ھەمراجان» «يۈسۈپ-ئەخمەت» داستانلىرىدىمۇ مۇھەببەت تېمىسى ۋاپادارلىق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك بىلەن زىچ بىرلىشىپ كەتكەن. ئىجتىمائى تەڭسىزلىكلەر ئۈستىگە قۇرۇلغان فېودالىزم جەمىيىتىدە ۋاپادارلىق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك شوئارى ئىجابى ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇ كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ئەمگەكچىلەرگە خاس ياخشى پەزىلەتنىڭ ئىنكاسى. شۇڭا مۇشۇ داستانلاردا ۋاپادارلىق

ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك مەدھىيىلىنىدۇ، ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ
ئىنسانىيەتكە قىلغان ۋاپاسىزلىقىغا كۈچلۈك نەپرەت ئوقۇلىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ تېماتىك مەزمۇنىدا ۋەتەنپەر-
ۋەرلىك تېمىسىمۇ خېلى روشەن ئىپادىلەنگەن. ۋەتەنپەرۋەرلىك،
ئەلۋەتتە، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئوخشىمىغان شەكىللەرگە
ئىگە بولىدۇ. شۇڭا خەلق داستانلىرىدا ئىپادىلەنگەن ۋە-
تەنپەرۋەرلىك تېمىسىغا قارىتا تارىخىي نۇقتىدىن قاراشقا توغرا
كېلىدۇ. تۇغۇلغان يېرىنى قەدىرلەش، ئۆز يۇرتىنى قوغداش
ۋە سېغىنىش، ئەلگە ئاسايىشلىق تىلەش قاتارلىق مەزمۇنلارنىڭ
ھەممىسى ماھىيەتتە ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ كونكرېت ئىپادىلىنىشى.

«چاشتانى ئىلىگ بەگ» داستانىنىڭ بەزى بولەكلىرىدە ئىلىگ
بەگ ئۆز شەھىرىگە ۋە خەلقىغە دەھشەتلىك زۇلۇم سېلىپ قىر-
غىنچىلىق ۋە كېسەللىك ئاپەتلىرى پەيدا قىلىۋاتقان قورقۇنچ-
لۇق جىنلار ئالدىدا غەزەپ بىلەن: ”ھەي جىنلار، ماڭا تېز
جاۋاپ بېرىڭلار، مېنىڭ شەھىرىمدىكى خەلقىمنى نىمىشقا ئۆلتۈ-
رىسلەر؟ سىلەرگە بۇ شەھەرگە كىرىدىغان كۈچ-قۇۋۋەتنى كىم
بەردى؟..... شەھىرىمنىڭ، ئىلىمنىڭ مۇشۇنداق بەختسىز ئەھ-
ۋالىنى كورۇپ چىدىغۇچىلىگىم قالمىدى“ دەپ خىتاپ قىلىپ،
ئوتكۇر قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ جىنلارنى پارە-پارە قىلىپ
تاشلاشقا ئاتلىنىدۇ. بۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ چاشتانى ئىلىگ
بەككە كۈچ ۋە قۇۋۋەت بېرىپ، ”ئىنسانلارنىڭ ئارسلانى“ بولۇپ
قېلىشىغا مەنىۋى ئاساس بولىدۇ.



قەدىمقى ئۇيغۇر خەلق داستانى «ئوغۇزنامە» دىمۇ خەلقىمىز-
نىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك كوزقاراشلىرى بەلگىلىك دەرىجىدە
ئۆز ئەكسىنى تاپقان. ئوغۇز خاقانىنىڭ ئۆز ئېلىنى قوغداش
يولىدىكى جانپىدالىقى، ئەل ۋە خەلققە ئاسايىشلىق تىلەش
قاتارلىق پائالىيەتلىرى، «چىن تومۇر باتۇر» داستانىدا (بەزد-
لەر چوچەكمۇ دىيىشىدۇ، لېكىن ئۇ داستانلىق خۇسۇسىيەتكە
ئىگە) چىن تومۇر باتۇر ئائىلىسىنىڭ خاتىرجەملىگى ۋە تېچ-
لىقى ئۈچۈن يەتتە باشلىق يالماۋۇز بىلەن كۇرەش قىلىپ، ئۇنى
يەڭگەنلىگى، سىڭلىسى مەختۇم سۇلانى بولاپ قاچقان مانجۇ
پادىشالىقى بىلەن قەتئى كۇرەش قىلغانلىقى، ئاخىرىدا قارغۇ
بولۇپ قالغان چىن تومۇر باتۇرنىڭ ئۆز يۇرتىنىڭ تۇپرىغىنى
كوزىگە سۇرتكەندە شىپالىق بېرىپ، ئۇنىڭ كوزىنىڭ ئېچىلغان-
لىقى (بەزى ۋارىيانتلاردا كوزىگە ئۆز يۇرتىنىڭ ئالمىسى سۇر-
تۇلگەنلىگى ھىكايە قىلىنىدۇ)، «يۇسۇپ-ئەخمەت» داستانى-
دىكى ئىككى ئاكا-ئۇكا باتۇرنىڭ دۇشمەن زىندانىدا يېتىپ
ئۆز يۇرتىنى، قوۋم-قېرىنداش، خەلقىنى سېغىنىپ ئېيتقان
ئاجايىپ لېرىك ۋە ئوبرازلىق ناخشىلىرى... قاتارلىق تەسىرلىك
ۋەقەلەر قەدىمقى خەلقىمىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنىڭ سەن-
ئەتتىكى ئىنكاسى.

بىز ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ تېماتىك مەزمۇنىدىكى
بۇ خىل ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنىڭ ئىجتىمائى ۋە تارىخىي قىم-
مىتىگە سەل قارىماسلىقىمىز لازىم.

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ئىچىدە بولۇپمۇ قەھرىمانلىق، باتۇرلۇق توغرىسىدىكى داستانلار ئالاھىدە مەشھۇر. بىز يۇقۇرىدا ئېغىزغا ئالغان كوپلىگەن داستانلاردا خەلقىمىزنىڭ پۈتۈن ئەقىل-پاراستى ۋە كۈچ-قۇدرىتىنى ئۆزىگە توپلىغان يارقىن بەدىي ئوبرازلار ئارقىلىق قەھرىمانلىق ۋە باتۇرلۇق ئىدىيىسى ئالغا سۈرۈلىدۇ. بۇ داستانلاردىكى قەھرىمانلىق ئوبرازلىرى، ھەقىقەتەن، ھەممىگە قادىر، ھەرقانداق غالجىر دۈشمەندىن تارتىپ تەبىئەتنىڭ سىرلىق كۈچلىرىمۇ ئۇلارنىڭ بۈيۈك كۈچ-قۇدرىتىگە تەڭ كېلەلمەيدۇ.

چاشتانى ئىلىگ بەگنىڭ "قاپقارا ۋە ناھايىتى زور تاغدەك ئىگىز گەۋدىلىرىنى چىقىرىپ، ئوت رەڭلىك چاچلىرىنى مۈرىسىگە چۈشۈرۈپ، زەھەرلىك ئىلانلار بىلەن گەۋدىلىرىنى بېزەپ، ئادەملەرنىڭ گوشىنى يەپ، قېنىنى ئىچىپ، ئۈچەيلىرىنى بەدەنلىرىگە يوگۇۋالغان" قورقۇنچلۇق جىنلارغا قارشى ئوت يالقۇنىدەك ئوتكۈر قىلىچىنى قولىدا كوتەرگىنىچە جەڭگە ئاتلىنىپ، بۇ ياۋۇز مەخلۇقلارنى پارە-پارە قىلىپ تاشلىغانلىقى، «ئوغۇزنامە» داستانىدا ئوغۇز خاقاننىڭ يىلقىلارنى، ئادەملەرنى خالدىغانچە يەپ، خەلق بېشىغا ئېغىر قايغۇ-ھەسرەت كەلتۈرۈۋاتقان بىر مۈڭگۈزلۈك ۋەھشى ھايۋان—قىيات بىلەن جەڭ قىلىپ ئۇنى يەڭگەنلىكى، ئىتتىپاقلىشىش ۋە بىرلىشىش يارلىغىغا قارشىلىق قىلغان ئورۇم خاقانلىقى بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلىپ ئۇنى مەغلۇپ قىلغانلىقى...قاتارلىقلار خەلقىمىزنىڭ قەدىمدىن تارتىپ



باتۇرلۇق خىسلىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنىڭ بەدىي ئىپادىسى. بۇ داستانلاردىكى قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازى خەلقىنىڭ ئۆز بېشىغا چۈشكەن دەھشەتلىك بالايى-ئاپەتلەرنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئارزۇسىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. قەدىمقى خەلقىمىزنىڭ ساددا ئوي-پىكرىدە تەبىئەتنى قانداق بوي سۇندۇرۇش ھەققىدە تېخى ئېنىق كوز قاراش شەكىللەنمىگەچكە، ئۇلار ئالدىغا دۈچ كېلىپ تۇرغان ھەرخىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشنى ۋە قارام كۈچلەر ئۈستىدىن غالىپ كېلىپ، تەبىئەتنىڭ سىرىنى ئىگىلەشنى ئارزۇ قىلاتتى. خەلقىمىز مانا شۇ ئارزۇ-ئۈمىتلىرىنى، پانتازىيىلىك تەسەۋۋۇرلىرىنى ئوغۇزخان، چاشتانى ئىلىگ بەگ...كە ئوخشاش بەدىي ئوبرازلار ئۈستىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، گۈزەل غايىسىنى رىيال تۇرمۇشقا تەدبىقلىدى. شۇڭا بۇ قەھرىمانلىق داستانلىرى قەدىمقى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەتنى بوي سۇندۇرۇش، تەبىئەتنى تونۇش جەريانىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ ئوبرازلاشتۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت.

بۇلاردىن باشقا يەنە بەزى خەلق داستانلىرىدا كەمتەرلىك بىلەن تەكەببۇرلۇق، راستچىللىق بىلەن يالغانچىلىق، سەۋرى-تاقەت ۋە چىدام-غەيرەت بىلەن ئالدىراڭغۇلۇق ۋە چىدامسىزلىق، ئادىمگەرچىلىك بىلەن نائەھلىلىك، ئادىللىق بىلەن مەككارلىق، ئوچۇق-ئاشكارا بولۇش بىلەن ھىلە-مىكىر ۋە سۇيىقەستچىلىك، سېخىلىق بىلەن بېخىللىق، ئىنساپ بىلەن مۇتەھەملىك، ئىشچانلىق بىلەن ھورۇنلۇق قاتارلىقلار ئۆزئارا بىر بىرىگە

سىلىشتۇرۇلۇپ، كىشىلىك تۇرمۇش كوزقارىشى ھەققىدە بەزى
يېڭى پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئادەملەرنى ئەخ-
لاقلىق-پەزىلەتلىك بولۇشقا، ھالال ياشاشقا، جاپا-مۇشەققەت-
تىن قورقماسلىققا، ئوچۇق-ئاشكارا بولۇشقا، ئىتتىپاقلىشىپ
كۈرەش قىلىشقا، سەممىي، راستچىل ۋە ئىنساپلىق بولۇشقا
ئۈندەيدۇ.

دىمەك، رىيال تۇرمۇشنىڭ ئۆزى كەڭ ۋە چەكسىز بولغاچقا،
رىيال تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى بولغان ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ
تېماتىك مەزمۇنمۇ كەڭلىككە ۋە كوپ تەرەپلىمىلىككە ئىگە.
قىسقىسى، ئۇنىڭدا خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئىنكاس قىلىنمىغان
تەرىپى يوق.

بولۇپمۇ، ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ بەدىي تەسىرلەندۇ-
رۇش كۈچى ناھايىتى زور. ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە بىر قەدەر
ئومۇملاشقان خەلق داستانلىرى ئاساسەن نەزمە ۋە نەسرى
شەكىلدە تۈزۈلگەن، يەنى داستاندىكى پېرسوناژلار پائالىيىتىنىڭ
بۇرۇلۇش نۇقتىلىرى نەسرى يول بىلەن قىسقىچە ھېكايە قىلىن-
غاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئۇلۇشۇپ پېرسوناژلار خاراكتېرى ۋە
شۇنىڭغا ئالاقىدار ۋەقەلەر نەزمە (شېئىر) ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ،
بۇنداق داستانلار كوپىنچە خەلق ئىچىدە مۇقىملاشقان ئاھاڭغا
ئىگە. داستانچىلار مۇنداق داستانلارنى مۇزىكىغا بىرلەشتۈرۈپ،
ئوز ئاھاڭىدا ھېكايە قىلىدۇ. داستاندىكى ناخشا-كۈيلەر ئۇي-
غۇر خەلقىنىڭ ئەڭ ياخشى كورىدىغان مۇزىكا-كۈيلىرىنى



ئاساس قىلغاچقا، ئۇ كىشىلەردە ناھايىتى روشەن بەدىي
تەسىرات قالدۇرالايدۇ.

«غېرىپ-سەنەم» داستانىدا بىر بىرىگە ئوخشىمايدىغان
50 كە يېقىن ناخشا-كۈيلەر بولۇپ، ئۇنى ئۇيغۇر خەلق ناخشا-
مۇزىكا سەنئىتىنىڭ بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان بىر نامايەندىسى
دىيىشكە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ داستان نەچچە يۈز يىللار-
دىن بېرى خەلق ئىچىدىكى ئەدىبىي پائالىيەتلەرنىڭ ئاساسلىق
مەزمۇنى بولۇپ كەلمەكتە.

خەلق داستانلىرى بەدىي تۈزۈلۈش جەھەتتىن ئىخچاملىققا،
ئاممىباپلىققا ۋە قىزىقارلىققا ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر خەلق چوچەك-
لىرىنىڭ بايان قىلىش ئۇسۇلىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. خەلق داستان-
لىرىدا مۇرەككەپ ۋە ئەگرى-بۈگرى زىددىيەت توقۇنۇشلىرى
بولمايدۇ، بەلكى پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازى ئاددى يوللار بىلەن
روشەن ۋە ئېنىق يارىتىلىدۇ. قەھرىمان ئوبرازىنىڭ مەنىۋى
دۇنياسى ئوپېرادىكىدەك ناخشا ئارقىلىق ئېچىپ بېرىلىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ سيۇژىتىمۇ ئىخچام ۋە يىغىن-
چاق تۈزۈلۈپ، ۋەقەنىڭ دەل ئوزىدىن باشلايدۇ. ئورۇن،
جاي، مەنزىرە، شارائىت تەسۋىرلىرىدىن كورە، پېرسوناژنىڭ
خاراكتېرىستىكىسى ۋە پىسخىك (ئىچكى كەچۈرمە) تەسۋىرىگە
كوپرەك ئېتىۋار بېرىلىدۇ. شۇ سەۋەپتىن خەلق داستانلىرىنىڭ
لېرىك تۈيغۇسى يۇقۇرى، شۇنداقلا يەنە پېرسوناژلارنىڭ خاراك-
تېرىنى ئېچىشتا جانلىق ھەركەت بىلەن ھىس-تۇيغۇ زىچ

بىرلەشكەچكە، خەلق داستانلىرى ئۆز ئۆزىدىن ھىسسىيات تېپىپ تۇرىدىغان ھىسسىيات بۇلىقىغا ئوخشايدۇ.

خەلق داستانلىرىدىكى ھەرخىل تەسۋىرى ۋاستىلەرمۇ ناھايىتى جانلىق بولۇپ، بىز ئۇنىڭدىن خەلقىمىزنىڭ بەدىي تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇر كۈچىنىڭ يۈكسەكلىكىنى كورۈۋالالايمىز. «ئوغۇزنامە» داستانىدا ئىككى گۈزەل قىزنىڭ بىرىنى "بېشىدا ئاتەشتەك نۇرلۇق مېڭى بولۇپ، خۇددى قۇتۇپ يۇلتۇزىغا ئوخشايتتى،...... ئۇ كۈلسە كوك ئاسمان قوشۇلۇپ كۈلەتتى، ئۇ يىغلىسا كوك ئاسمان قوشۇلۇپ يىغلايتتى" دەپ ھەيران قالغۇدەك ئىخچام ۋە جانلىق ئوخشىتىشلار بىلەن سۈرەتلەپ بەرگەن.

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدا يەنە رومانتىك خىيال بىلەن رىيال ۋەقەلەر ناھايىتى مۇۋاپىق جىپسىلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇبالىغە ۋە پانتازىيە نىسبەتەن كۈچلۈك. بۇنداق رومانتىك خىيالنىڭ ئارقىسىدا ھامان ئىجتىمائى رىياللىقتىن پەيدا بولغان رىيالىستىك روھ ياتىدۇ.

ئومۇمەن، ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى مەزمۇنىنىڭ بايلىقى، بەدىي قۇرۇلۇشىنىڭ مۇكەممەللىكى، بەدىي ۋاستىلىرىنىڭ باي ۋە خىلمۇ-خىللىقى، سيۇژىتلىرىنىڭ ئىخچام ۋە ھەركەتچانلىقى قاتارلىق بىر تۈتاش ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدا ئۆزىگە خاس ئورۇن تۇتىدۇ.

"خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى دەۋرىمىزنىڭ كىشىلەر دىلىدىكى نازۇك ئويلىرىنى تەھلىل قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم ماتىرىيال"



بولغاچقا، ئۇنىڭ بىرتۈرى بولغان خەلق داستانلىرىنىڭ ئاساسلىق تەرىپى مەزمۇنىنىڭ ئىنقىلاۋىي بولغانلىقى ۋە روشەن سىياسى خاھىشقا ئىگە ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت. شۇڭا، ئۇ مۇھىم تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى خەلقىمىزنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى ئىجتىمائى تۇرمۇشلىرىنى، ئورپ-ئادەت ۋە روھىي ھالەتلىرىنى، ئىشلەپچىقىرىش كۈرشى ۋە سىنىپىي كۈرەش شەكىللىرىنى ئەكس ئەتتۇرۇشتىن تاشقىرى، ئۇنىڭدا يەنە بىرمۇنچە تارىخىي ماتىرىياللارمۇ ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ داستانلار شۇ تارىخىي دەۋرنى چۈشىنىشتە ۋە تەتقىق قىلىشتا بىزنى پايدىلىق ماتىرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. خەلقىمىزنىڭ تارىخىنى شېئىرىي يول بىلەن بايان قىلغان «ئوغۇزنامە» داستانى بىر ئۇزۇن تارىخىي دەۋرنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ. ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن باش قەھرىمان ئوغۇز خاقان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بەگلەر تارىختىكى پۈتۈن-پۈتۈن قەبىلىلەرنىڭ ياكى قەبىلىلەر بىرلەشمىسىنىڭ سىمۋوللۇق ئوبرازى. داستان بەدىي ئۇسۇل بىلەن ئۇزلەشتۇرگەن كوپلىگەن تارىخىي رىۋايەتلەر ئارقىلىق تۈركى خەلقلەرنىڭ ئەڭ قەدىمقى ئىشلەپچىقىرىش شەكلى، تۇرمۇش ئورپ-ئادەتلىرى، دىنىي ئېتىقادى ۋە دەسلەپكى ئىدىئولوگىيە ھالەتلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقالايمىز.

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن خەلق

قوشاقلىرىنىڭ ئۆلگىلىرىدىن قارىغاندا، ئەسلى شۇ دەۋرلەردە ئالىپ ئەر توڭا (ئافراپسىياپ) شەنىگە توقۇلغان مۇكەممەل بىر داستاننىڭ بارلىقىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن. تۈركى تىللاردا ئىزاھات ئېھتىياجى ئۈچۈن تاللانغان بۇ قوشاقلارنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكىل تۈزۈلۈشىدىكى ئورگانىك باغلىنىش بۇ پەرەزگە ئاساس بولىدۇ. ۋاھالەنكى، ئۇ تولۇق داستان شەكلىدە زاماندىمىزغىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. شۇنداق بولسىمۇ بۇ پارچىلار بىزنى مىلادى 2-ئەسىر بىلەن 4-ئەسىر ئارىلىقىدا ئۆتكەن قەدىمقى ئۇيغۇر خانزادىسى ئافراپسىياپقا مۇناسىۋەتلىك بەزى تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

بۇلاردىن باشقا، كېيىنكى دەۋرلەردە پەيدا بولغان «چىن تۆمۈر باتۇر» داستانى، «سىيىت نوچى» داستانى، «نوزۇگۇم»... قاتارلىقلار مەلۇم تارىخىي پاكىتلار ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، شۇ دەۋر تارىخىنىڭ شېئىرىي ئىنكاسى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتتى. ئۇيغۇر كلاسسىك يازما ئەدەبىياتىدا داستاننىڭ ئاساسىي سالماقنى ئىگەللىگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى خەلق داستانلىرىنىڭ ئۇنىڭغا كۆرسەتكەن ئىجابىي تەسىرىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. شۇ سەۋەپتىن تارىختىكى كلاسسىك يازغۇچى-شائىرلىرىمىز خەلق داستانلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرىدىن ئىلھاملىنىپ، ئۇنى ئىجادىي ھالدا قايتا ئۆزلەشتۈرۈپ ئىشلىگەن. 15-ئەسىردە ياشىغان ئاتاقلىق



مۇتەپەككۇر ۋە شائىر ئەلىشىر ناۋائىي، 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۆتكەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر رېئالىست شائىرى ئابدىرېھىم نازارى قاتارلىقلار «لەيلى-مەجنۇن»، «پەرھات-شىرىن»غا ئوخشاش خەلق داستانلىرىنى ئىجادىي ھالدا تېخىمۇ بېيىتىپ ئۆزلەشتۈرۈپ ئىشلىدى. ھازىرغىچە «پەرھات-شىرىن»، «غېرىپ-سەنەم» داستانلىرىنىڭ ئۆزلەشتۈرۈلۈپ ئىشلەنگەن 10نەچچە خىلدىن ئارتۇق يازما نۇسخىلىرى بار.

شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ئۆتمۈش تارىخىي دەۋرلەرنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا، ئۇ مەزمۇن جەھەتتىن مەلۇم تارىخىي چەكلىمىگە ئىگە. كونا جەمئىيەتتە فېئودال ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ ئىدىئولوگىيىسى ھامان ھۆكۈمران ئىدىيە بولغاچقا، ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ئارىسىغا بەزى ساغلام بولمىغان ئىدىيىۋى خاھىشلارمۇ ئارىلىشىپ قالغان. خەلق داستانلىرى ئىچىدىكى مۇنداق پاسسىپ ئامىللارغا قارىتا بىر مىللەت ئىچىدە ئىككى خىل مىللىي مەدەنىيەت بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت تارىخىي ماتېرىيالىزىملىق كۆزقاراش بويىچە ئەينى تارىخىي شارائىت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قاراپ، ”قەدىمقى فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ھەممە چىرىك نەرسىلىرىنى قەدىمقى دېموكراتىيىلىك ۋە ئىنقىلاۋىيلىقى بولغان گۈزەل خەلق مەدەنىيىتىدىن پەرقلەندۈرۈشىمىز“ ۋە شۇ ئاساستا خەلق ئىچىدە كۆمۈلۈپ ياتقان خەلق داستانلىرىدىن ئىبارەت ئۇيغۇر فولكلورىنىڭ بۇ تۈرىنى توپلاش، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش خىزمىتىگە ئەستايىدىل كۆڭۈل بۆلۈشىمىز لازىم.

# ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى ھەققىدە

**ھاجى ئەخمەت**

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ باي مەدەنىي مىراسىنى تەشكىل قىلغۇچى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئەقىل-پاراسەت-لىك، ئىجاتكار ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئوزلىرى ياشىغان ھەر بىر تارىخىي دەۋرلەردە قوشاق، رىۋايەت، چوچەك، داستان، ماقال-تەمسىل، تېپىشماق ۋە لەتىپە قاتارلىق سان-ساناقسىز ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى يارىتىپ، ئۇنىڭدا ئوزلىرىنىڭ تەبەتنى يېڭىش يولىدا ئېلىپ بارغان كۇرەشلىرى، ھېس-تۇيغۇلىرى، سىياسىي ئىجتىمائىي قاراشلىرى، سىنىپىي ۋە مىللىي زۇلۇمغا قارشىلىق كورسىتىش روھى، ئەزگۇچى ھوكۇمرانلارغا بولغان غەزەپ-نەپرىتى، ئەركىنلىككە ئىنتىلىش، بەختلىك تۇرمۇشنى قولغا كەلتۇرۇش يولىدىكى ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئەكس ئەتتۇردى.

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئالاھىدە سالماقلىق ئورۇنغا ئىگە ئەدەبىي تۇرلەرنىڭ بىرى لەتىپىدۇر. لەتىپىلەر مەزمۇنىنىڭ



چوڭقۇرلۇقى، تىلىنىڭ ئوتكۇرلۇكى، قىزىقارلىقى ۋە تۇزۇلۇشىنىڭ ئىخچام بولۇشى ھەممە كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئوزىگە ئالاھىدە جەلپ قىلىشى، تېز تارقىلىش ۋە ئوڭاي ئەستە قېلىشتەك خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئەدەبىياتنىڭ باشقا تۇرلىرىدىن پەرقلىنىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا مەزمۇن ۋە شەكىل تەرەپتىن لەتىپىلەرگە ئوخشاپ كېتىدىغان كۇلكىلىك ۋە قىسقا ھىكايىلەر ئۇزاق قەدىمقى دەۋرلەردىن تارتىپ ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن مەلۇم دەرىجىدە قېلىپلىشىپ ئەپەندى نامى بىلەن تارقالغان لەتىپىلەر ئەدەبىيات تارىخىدا تەخمىنەن 10-ئەسىر-لەردىن كېيىن كورۇلۇشكە باشلىدى. بۇ فېودالىق تۇزۇم مۇستەھكەملىنىپ، ئۇنىڭ رولى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسى كۇنسېرى كۇچىيىۋاتقان، سىنىپىي مۇناسىۋەتلەر كەسكىنلىشىپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ فېودالىق زۇلۇمغا ۋە ھوكۇمران سىنىپلارغا قارشى كۇرەشلىرى ئۇلغىيىۋاتقان بىر دەۋر بولۇپ، خەلق ئارىسىدا ئوسۇپ چىقىۋاتقان دېموكراتىك ئىدىيىنىڭ تۇنجى بىخلىرى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ لەتىپە تۇرىدە ئەكس ئەتتۇرۇلۇپ، لەتىپىنى كۇچلۇك جەڭگىۋارلىققا ئىگە قىلدى.

لەتىپىلەرنىڭ ئەكس ئەتتۇرۇش دائىرىسى كەڭ، پىكىر مەنتىقىسى ھەم ھەجۋىلىكى كۇچلۇك بولۇپ، ئۇنىڭغا ناھايىتى زور سىياسىي، ئىجتىمائىي مەزمۇن يوشۇرۇنغان بولىدۇ. بىر قىسىم لەتىپىلەردە فېودالىق تۇزۇمنىڭ قاراڭغۇلۇقى، چىرىكلىكى،

ئادالەتسىزلىگى ئېچىپ تاشلىنىپ، هوكۇمران سىنىپلارنىڭ تۇرلۇك ۋەكىللىرى — قانخور پادىشالار، ئالدامچى روهانىلارنىڭ رەزىل قىياپىتى شەپقەتسىز تۇردە پاش قىلىنىپ، ئۆتكۇر هەجۋى قامچىسى ئاستىغا ئېلىنىدۇ.

مەسلەن:

"پادىشا ئۆزىنىڭ ۋەزىرى بىلەن ئەپەندىنى ئېلىپ ئوۋغا چىقىپتۇ. بىر ئاز ئوۋ قىلىپ يۇرگەندىن كېيىن، پادىشا ئۇستىدىكى چاپىنىنى يېشىپ ئەپەندىگە بېرىپتۇ. بۇنى كورگەن ۋەزىرمۇ چاپىنى بىلەن سۇ قاچىسىنى ئەپەندىمنىڭ ئۇستىگە ئارتىپ قويۇپتۇ. پادىشا ئەپەندىنىڭ تەرلەپ كەتكەنلىگىنى كورۇپ چاقچاق بىلەن:

— ئەپەندىم، ئۇستىڭىزگە راسا بىر ئېشەكنىڭ يۇكىنى ئارتىۋاپسىزغۇ؟ — دەپ كۇلۇپتۇ.

— يوقسۇ ئەمىرىم، ئۇستىمدىكى ئىككى ئېشەكنىڭ يۇكى، — دەپتۇ ئەپەندى."

بەزىبىر لەتىپىلەردە تۇرمۇشتىكى هەر خىل ناچار خاهىش ۋە يارىماس ئىللەتلەر يۇمشاق يۇمۇر ۋاستىسى بىلەن تەنقىت قىلىنىدۇ. مەسلەن:

"ئەپەندى تونۇشلىرىدىن بىرسىنىڭ ئويىگە مېهمان بولۇپ بېرىپتۇ. ئوي ئىگىسى پىخسىقلىق قىلىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا ئازراقلا نان كەلتۇرۇپ قويۇپتۇ-دە، ئەپەندى ناننى يەپ تۇگەتكەندىن كېيىن، بىر كومزەكتە هەسەل ئېلىپ چىقىپتۇ. ئەپەندى



ئالدىدا نان يوقلۇغىغا قارىماي، كومزەككە قولىنى تىقىپ هەسەلنى يېيىشكە كىرىشىپتۇ. هەسەلنىڭ تۇگەپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن ئوي ئىگىسى:

— ئەپەندىم، هەسەلنى نانسىز يېسە، ئادەمنىڭ ئىچىنى كويدۇرۇۋېتىدۇ، — دەپتۇ.

ئەپەندى كومزەكتىكى هەسەلنى پاك-پاكىز يەپ بولغاندىن كېيىن:

— كىمنىڭ ئىچى كويۇۋاتقانلىغىنى خۇدانىڭ ئۆزى بىلىدۇ. ئامىن، ئاللاهۇئەكبەر، — دەپ ئويدىن چىقىپ كېتىپتۇ."

لەتىپىلەرنىڭ ئاساسىي قەهرىمانى بولغان ئەپەندى ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ كۇرەشچانلىق روهى بىلەن ئىنقىلاۋىي جاسارىتىنى، ئۆتكۇر زېهنى-قۇۋۋىتىنى، روشەن مۇهەببەت-نەپرىتىنى، خۇش پېئىل ۋە قىزىقچىلىق خىسلەتلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۇرگەن ئولمەس ئوبرازدۇر. ئۇ پادىشالارنىڭ سارايلىرىدا، مىچىت ۋە قازىخانىلاردا هازىر بولۇپ، هوكۇمران سىنىپلارنىڭ ۋەكىللىرى بولغان قارا كۇچلەر بىلەر تىغمۇ-تىغ كۇرەش قىلىدۇ. نەشتەردەك ئۆتكۇر سوزلەر بىلەن ئۇلارنى سانچىۋالىدۇ. ئالتۇن تاج بىلەن يوغان سەللە ئاستىغا يوشۇرۇنغان ئەقىلسىز ۋە نادان كاللىلارنى ئەخمەق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۇستىدىن هوكۇم چىقىرىدۇ. خەۋپ-خەتەر ئالدىدا قىلچە هودۇقماستىن، دانالىق بىلەن توسقۇنلارنى يېڭىش چارىسىنى ئويلاپ تاپىدۇ. يېزىدا، بازاردا، چايخانىلاردا ئەمگەكچى خەلق

بىلەن داۋاملىق بىرگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ قايغۇسىغا تەسەللى بېرىدۇ، چارە-تەدبىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنى ئۈمىتلەندۈرىدۇ، كۈلدۈرۈپ كۆڭلىنى ئاچىدۇ.

"كەمبەغەل تونۇشلىرىدىن بىرى ئەپەندىگە دەرت-ھەسرىتىنى تۆكۈپتۇ:

— بالا-چاقىلىرىمنى باقىمەن دەپ قەرزگە پېتىپ كەتتىم. بوينۇمدىكى قەرزلىرىمنى ئۈزگىچە، ئەزرائىل جېنىمنى ئېلىپ قويمىسا دەپ قورقىمەن.

ئەپەندى ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپتۇ:

— قايغۇرمىغىن بۇرادەر، سەن قەرزىڭنى ئۈزۈپ بولغىچە، ئەزرائىل قېرىپ، جېنىڭنى ئېلىشقا دەرمانى يەتمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ."

قىسقىسى، ئەپەندى ئەمگەكچى خەلق ئۈچۈن قانچىلىك يېقىن ۋە سۆيۈملۈك بولسا، ھۆكۈمران تەبىقىلەر ئۈچۈن شۇنچە دەھشەتلىك ۋە قورقۇنچلۇقتۇر.

ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىچكى زىددىيىتى يۇقۇرى چېكىگە يېتىپ، قالايمىقان ئىچكى ئۇرۇشلار نەتىجىسىدە چىرىك فېودالىزم تۈزۈمى زاۋاللىققا يۈز تۇتقان، خەلق ئاممىسىنىڭ چىڭ خاندانلىقى ھاكىمىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئازاتلىق كۈرەشلىرى كەڭ تۈردە ئەۋج ئالغان 18 — 19-ئەسىرلەردىكى تارىخىي رىياللىق ئەڭ دەسلەپ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدە، جۈملىدىن لەتىپىلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى.



بولۇپمۇ موللا زەيدىن ۋە سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى لەتىپىلەرنى تېخىمۇ كۈچلۈك جەڭگىۋارلىققا ئىگە قىلىپ، ئۇنىڭ تېما دائىرىسىنى كېڭەيتىش بىلەن مەزمۇنىنى بېيىتتى.

موللا زەيدىن بىلەن سەلەي چاققان تارىخىي شەخسلەر بولۇپ، موللا زەيدىن 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا تۇرپاننىڭ لۈكچۈن دېگەن يېرىدە، سەلەي چاققان 19-ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا قەشقەر كونىشەھەرنىڭ ئوپال رايونىدا ياشاپ ئۆتكەنلىكى توغرىسىدا مەلۇماتلار بار. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى تۆۋەن تەبىقىگە مەنسۇپ ھۈنەرۋەن، كاسىپ كىشىلەر بولۇپ، ياشلىق چاغلىرىدىن تارتىپلا خەلقنىڭ ئويۇن سەنئىتىگە ئىشتىياق باغلىغان. خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ سۆزمەنلىك، قىزىقچىلىق خىسلەتلىرىنى ئۆگىنىپ، خۇش پېئىللىق، ئويۇن-چاقچاق ۋە قىزىقچىلىق بىلەن ئەمگەكچى خەلقنىڭ كۆڭۈل-كۆكسىنى ئېچىپ، ئۇلارنى كۈلدۈرۈپ كەلگەن.

سەلەي چاققان بىلەن موللا زەيدىن نامىدا مەيدانغا كەلگەن لەتىپىلەر مەزمۇن تەرەپتىكى جەڭگىۋارلىقى، ئۆز دەۋرىدىكى تارىخىي رىياللىق بىلەن زىچ باغلىنىشلىقى، مىللىي تۈسىنىڭ قويۇق بولۇشى قاتارلىق خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن دىققەت-ئېتىۋارىمىزنى جەلپ قىلىدۇ. مەسىلەن:

"بە دۆلەت چوڭ بىر سورۇندا ئولتۇرۇپ:

— مېنىڭ دەۋرىمدە مانا، قوينىڭ دۇمبىسىدە تورغاي ئۇۋۇلاي-

دىغان بولدى، — دەپ ماختىنىپتۇ.

— راست ئېيتتىلا، تەخسىر، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — جانابى ئالىيلىرىنىڭ زامانىسىدا تورغاي ئۇۋۇلاشقا پەقەت قوينىڭ دۇمبىسىلا قالدى".

پەقەت ئىككىلا دىيالوگدىن ئىبارەت بۇ لەتىپىنى ئوقۇغىنىمىزدا، ياقۇپ بەگ ھوكۇمرانلىقىدىكى دەۋردە ئەمگەكچى خەلقنىڭ قاتمۇ-قات ئالۋاڭ-ياساقلار ۋە جەۋرى-زۇلۇم دەستىدىن كەڭرى جاھانغا تىرىقتەك جىنىنى سىغدۇرۇشقا ئامالسىز قالغانلىقىدەك تارىخىي رىياللىق كوز ئالدىمىزغا كېلىدۇ.

مولla زەيدىن بىلەن سەلەي چاققان ئوتكۇر تىللىق، ھازىر جاۋاپ قىزىقچىلاردۇر. ئۇلار چوڭ سورۇنلاردا يۇزمۇ-يۇز تۇرۇپ، چىڭ خاندانلىقى ھاكىمىيىتىنىڭ قول چوماقلىرى بولغان ۋاڭ، بەگلەرنىڭ يىرگىنىشلىك تەبىئىتى ۋە ئەخمەقلىقىنى ئاچچىق مەسخىرە قىلىدۇ. ئۇلارنى گەپتە سۇندۇرۇپ، رەسۋا قىلىدۇ. مەسىلەن:

"تۇرپان ۋاڭى قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلار ۋە يۇرت موتىۋەرلىرىنى چاقىرىپ، ئوردىدا چوڭ زىياپەت بېرىپتۇ. مېھمانلارغا ئاش تارتىلىپ، داستىخان يىغىشتۇرۇلغاندىن كېيىن، مولla زەيدىننىڭ بۇرنى ئۇستىدە بىر تال گۇرۇچنىڭ چاپلىشىپ قالغانلىقىنى كورگەن ۋاڭ مېھمانلار ئالدىدا ئۇنى گەپتە چۇشۇرۇش ئۇچۇن:



— ھە، موللازەيدىن، مۇبارەك بولسۇن، دوڭنىڭ ئۇستىگە كېيىك چىقىۋاپتۇ، — دەپتۇ ۋە ئۆز چاقچىقىدىن ھوزۇرلىنىپ قاتتىق كۇلگەچكە بۇرنىدىن پوتلىسى چۇۋۇلۇپ چىقىپتۇ.

— شۇنداق تەخسىر، — دەپتۇ موللازەيدىن دەرھال جاۋاپ قايتۇرۇپ، — ئۇنى كورۇش ئۇچۇن كامادىن ئېيىق چىقىپتۇ."

قىسقىسى، موللازەيدىنمۇ، سەلەي چاققانمۇ ھەرقاچان غالىپ قەھرىمانلاردۇر. ئەمگەكچى خەلق ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ تۇگىمەس-پۇتمەس كۇچ-قۇدرىتى ۋە ئەقىل-پاراسىتىنى بەخش ئەتكەن. شۇڭا ئۇلار مەيلى بەدولەتنىڭ، مەيلى باشقا ۋاڭ، بەگلەرنىڭ، مەيلى جازانىخور بايلارنىڭ ئۆز يولىغا قويغان تۇزاقلىرىنى بىردەك بۇزۇپ ئوتۇپ، قارا كۇچلەر ئۇستىدىن غەلىبە قىلىش بىلەن ئەمگەكچى خەلقنىڭ كۇچ-قۇدرىتىنى نامايەن قىلىدۇ. شۇ سەۋەپتىن، ئەپەندى، موللازەيدىن ۋە سەلەي چاققانلار ئۇزاق ئەسىرلەر مابەينىدە خەلق ئاممىسىنىڭ توي-توكۇن، ئويۇن-مەشرەپ ۋە باشقا كوڭۇل ئېچىش قاتارلىق پائالىيەتلىرىدە ئەمگەكچى خەلق بىلەن داۋاملىق بىرگە ياشاپ كەلدى ۋە كەلمەكتە.

ئۇزاق ئەسىرلەر مابەينىدە، ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقا، ئېغىزدىن-ئېغىزغا كوچۇپ كېلىۋاتقان لەتىپىلەر پەيدىن-پەي يازما ئەدەبىياتقا سىڭىپ كىرىپ، ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىدىكى ساتىرا ۋە يۇمۇر ژانىرلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا غايەت زور تەسىر كورسەتتى. خەلق لەتىپىلىرىنىڭ مەزمۇنىدىكى جەڭگىۋارلىق،

ھازىر جاۋاپلىق، تىلىدىكى ئۆتكۈرلۈك، ھەجىم جەھەتتىكى ئىخچاملىق ۋە باشقا خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆلگە قىلغان نۇرغۇن ھەجۋى ئەسەرلەر — ھازىرقى زامان لەتىپىلىرى بارلىققا كېلىپ، ئۇلاردا ناچار ئىستىل، ناچار ئەخلاق ۋە ناچار كەيپىياتلار ئۆتكۈر تەنقىت قىلىنىپ، كىشىلەر چوڭقۇر تەربىيىگە ئىگە قىلىندى. ئۇيغۇر مىللى تۇرمۇشى مۇھىتىدا مەيدانغا كەلگەن بۇ لەتىپىلەر يالغۇز شۇ دائىرە ئىچىدە چەكلىنىپ قالماستىن، كۆپ مىللەتلىك ئېلىمىز ئەدەبىياتىنىڭ باي غەزىنىسىگە قىممەتلىك بىر ئۈلۈش بولۇپ قېتىلدى. خەنزۇ ۋە باشقا ئازسانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارغا ئۆزلىشىشكە باشلىدى.

خەلقىمىزگە بالايى-ئاپەت كەلتۈرگەن ياۋۇز ”4 كىشىلىك گۇرۇھ“ تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، بەزىبىر خەنزۇ ئاپتورلىرى تەرىپىدىن ۋاڭ خۇڭۋېن، جاڭ چۈنچياۋ، جياڭ چىڭ، ياۋ ۋېنيۈەنلەرنىڭ رەزىل قىياپىتىنى، پەسكەش ئەخلاق ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىنى، چاكىنا سەپسەتىلىرىنى ھەجۋى قىلىدىغان «ئەپەندى لەتىپىلىرى»نىڭ يېزىلىشى يۇقۇرقى پىكرىمىزنى ئاساسلايدىغان دەلىللەرنىڭ بىرىدۇر.

ئازاتلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ ”4 كىشىلىك گۇرۇھ“ تارمار كەلتۈرۈلۈپ، ئەدەبىيات-سەنئىتىمىز ئۇلارنىڭ كونتروللۇقىدىن ئازات قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش ۋە ئۆگىنىش خىزمىتى قولغا ئېلىنىپ، دەسلەپكى قەدەمدە بىر قىسىم نەتىجىلەر قولغا كەلدى. لەتىپى-



لەردىن ئىبارەت بۇ مەدىنى بايلىغىمىزنىڭ خەلق ئارىسىدىكى مەنبەسى كەڭ ۋە چوڭقۇر. بىز ئۇنى داۋاملىق قېزىپ، توپلاپ ۋە رەتلەپ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز كېرەك.

# 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم نامايەندىلىرى

**مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن**

17 ــ 18 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ تارىخىي ئەنئەنىسى بويىچە شېئىرىيەتنى ئاساسىي ئېقىم قىلغان ھالدا راۋاجلاندى. يەركەنلىك موللا خامۇش ئاخۇنىڭ نەسرلەشتۈرۈپ ئىشلەپچىققان ئەسىرى ــ «شاھنامە تۈركى»، موللا مۇھەممەد بىننى تومۇرنىڭ ئەسىرى ــ «كەلىلە ـ دەمنە تۈركى» ۋە باشقىلار بۇ چاغلاردا يەنىلا قىسمەن ھادىسە ئىدى.

18 ـ ئەسىر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ نادىر ئۈلگىلىرىنى ياراتقان قەشقەرلىق شائىر مۇھەممەت ئىمىن خوجامقۇلى خىرقىتى، يەركەنلىك شائىر مۇھەممەد سىدىق زەلىلى ۋە خوتەنلىك لىرىك شائىر نوبىتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ.

خىرقىتى، زەلىلى، نوبىتى ياشىغان يىللار يەركەن خانلىقى ئاخىرلاشقان، چىڭ سۇلالىسى ۋەتەنىنىڭ غەربىي شىمال



چېگرىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ئۈلگۈرمىگەن يىللار ئىدى. بۇ يىللاردا، ئۆزىنى ”پەيغەمبەر ئەۋلادى“ دەپ ئاتىۋالغان خوجىلار، بولۇپمۇ مەخدۇم ئەزەم ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى شىنجاڭدا ”ئاق تاغلىق“ ۋە ”قارا تاغلىق“ لاردىن ئىبارەت دىنىي مەزھەپ كۈرىشىنى كۈچەيتكەن، ”ئىشقىيە“، ”ئىسھاقىيە“ جەڭ ـ ماجىرالىرى قانلىق پاجىئەگە ئايلانغان ئىدى. ”ئاق تاغلىق“ لارنىڭ خوجىسى ــ ھىدايىتۇللا ئىشان چىڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشىدىن ئىبارەت تارىخنىڭ يۈنۈلۈشىگە ۋە جاھالەت ئىچىدە پەريات چەككەن خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا زىت ھالدا كەشمىر ۋە شىزاڭدىكى 5 ـ دالاي لاما ھەم شىزاڭ ھۆكۈمرانى دىبا ساڭجېجاسونىڭ قويىنىغا ئۆزىنى ئېتىپ، جۇڭغار توپىلاڭچىلىرىنىڭ باشلىقى غالدان بوشۇقتوخاننىڭ قوشۇنلىرىغا تايىنىپ، 1678 ـ يىلى خانلىق ھوقۇقىنى قولىغا كىرگۈزۈۋالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، جەنۇبىي شىنجاڭ جۇڭغارلارنىڭ ئوچۇق ـ ئاشكارا بۇلاڭچىلىق قىلىدىغان، جۇڭغارىيىگە ”ئارابات“ (سۈرگۈن قۇل) كۆچۈرىدىغان ۋە خالىغىنىچە ئاياق ئاستى قىلىدىغان پاجىئە ئوچىقىغا ئايلاندى.

ئاپپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ چارەك كەم بىر ئەسىرگە يېقىن ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈشى، خەلقنى پاراكەندە قىلغۇچى ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بېرىشى ئارقىسىدا تەسەۋۋۇپلۇق، ساختا كارامەتچىلىك، ئەۋھامپەرەسلىك (روھىي ۋەھىمىچىلىك) ھەممىلا يەرنى قاپلىغان ئىدى. تەقۋادارچىلىق ئاساسىدىكى دىنىي

شېئرىيەت ۋە خۇشامەتچىلىك ئاساسىدىكى ئوردا ئەدەبىياتى قان بىلەن بويالغان خوجىلار ھاكىمىيىتى ھەم ئۇنىڭ دىنىي ئالدامچىلىقلىرىنى كۈچەپ مەدھىيىلەپ، شېئرىيەت ئاسمىنىنى خىرەلەشتۈرگەن ئىدى.

خىرقىتى، زەلىلى، نوبىتى ئەنە شۇنداق بۇرۇختۇملۇق مۇھىت ئىچىدە كىشنىگەن تۇلپارلاردەك جاھالەت ئۈستىدىن ئىسيان كوتىرىپ، خەلقنىڭ نىجاتلىقىغا بولغان ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈردى.

## خىرقىتى

مۇھەممەد ئىمىن خوجامقۇلى خىرقىتى 1634-يىلى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ تازغۇن يېزىسىدا تۇغۇلغان بولۇپ، 1724-يىلى ۋاپات بولغان. خىرقىتى مەدرىستە ئۇيغۇرچە، پارسچە، ئەرەبچە تىل-ئەدەبىيات ئىلمىنى تەھسىل قىلغاندىن كېيىن، 30 يېشىدا ياشانغان ئاتىسى خوجامقۇلى بىلەن بىللە ھىدايىتۇللا ئاپپاق خوجىنىڭ بېغىدا باغۋەن، چىراقچى ۋە كاۋاپچى بولۇپ ئىشلىگەن.

خىرقىتىنىڭ «مۇھەببەتنامە-مېھنەتكامە» داستانى ئۇيغۇر ئەدەبىيات غەزىنىسىدىكى تىپىك لىرىك داستان بولۇپ، بۇ ئەسەر 1670-يىلى قەشقەردە يېزىلغان. شائىر ئۆزىنىڭ بۇ داستانىدا، پەقەت جاپا-مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ تىرىشقاندىلا،



ئاندىن كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ، دىگەن ئىدىيىنى ئالغا سۈرگەن. خىرقىتى بۇ داستاننى مەسنەۋى بايان بويىچە ئىپادىلەپ قالماستىن، "سابا"، "گۈل"، "بۇلبۇل" نىڭ يالقۇنلۇق ھېسسىياتلىرىنى ئەڭ گۈزەل جۈملىلەر بىلەن غەزەل شەكلىدە ئىپادىلىگەن.

خىرقىتى ئۆزىنىڭ يورۇقلۇققا، ئادالەتكە، ئەمگەكچى خەلققە بولغان مۇھەببىتىنى؛ جاھالەتكە، زۇلمەتكە ۋە زالىملارغا بولغان نەپرىتىنى؛ يەنى رىيال ھاياتنىڭ بىر بىرىگە زىت بۇ ئىككى تەرىپىگە بولغان ئۆز قەلبىدىكى ھېسسىياتلىرىنى ئۇيغۇر شېئرىيىتىنىڭ تارىخىي ئەنئەنىسى بويىچە "باھار" (سابا)، "گۈل" ۋە "بۇلبۇل" سىمۋولى ئارقىلىق ئىپادىلەپ، ئاپپاق خوجا دەۋرىدىكى ئىجتىمائى ئەھۋالنى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن، زامان رىياللىقلىرىنىڭ شائىرغا قويغان مەجبۇرىيەتلىرىنى نەپىس مىسرالار ئارقىلىق رومانتىك ئۇسۇلدا ئادا قىلغان. ئۇ ئۆز داستانىدىكى بىر غەزەلدە بۇلبۇلنىڭ تىلىدىن ئۆزىنىڭ گۈلگە بولغان مۇھەببىتىنى ۋە يۇقۇرى تەبىقىدىن بولمىغانلىقىنى ئىپادىلەپ مۇنداق دىيالوگنى يازىدۇ:

دىدى: قايدىن بولۇرسەن مۇرغى خۇشخۇان؟
دىدى بۇلبۇل: ماكانىم ئەرمەس ئەئيان.
دىدى: نە ۋەجھىدىن ئەيلەرسەن ئاپغان؟
دىدى: بىر گۈل ئۈچۈن باغرىم مېنىڭ قان.

شائىر ئاپپاق خوجىنىڭ تۇمۇر قەپىزى ئىچىدە تۇرۇپ، تاڭ باھارىغا ۋە خەلق بوستانىغا تەلمۈرگەن زىمىستان بۇلبۇلى سۈپىتىدە جاھالەت ئۈستىدىن شىكايەت قىلىدۇ. ئۇ مۇھەببەت ھەم نەپرىتىنىڭ ئەمگەكچى خەلق قەلبىنىڭ بەدىي ئىپادىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ مۇنداق دەپ يازىدۇ:

دىدى: شەرھ ئەيلەگىل ھالىڭ خارابى؟
دىدى: ئىشق ئوتىدىن باغرىم كاۋابى.
دىدى: جىسمىڭ نەدىندۇر پىچۇ-تابى؟
دىدى: جامىدادۇر مىھنەت شارابى.

ئەسەرنىڭ «مۇھەببەتنامە-مىھنەتكامە» دەپ ئاتىلىشمۇ شۇ سەۋەپتىن ئىدى.

گەرچە شائىر مەشرەپ 17 يېشىدا (1674-يىلى) ئاپپاق خوجىنىڭ شەيخلىق مەدرىسىگە يېتىپ كېلىشتىن 4 يىل ئىلگىرى پىشقەدەم شائىر خىرقىتى ئۆز داستانىنى يېزىپ تۈگەتكەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بەدىي مۇناسىۋىتى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات يوق.

## زەلىلى

يالقۇنلۇق رېئالىست-رومانتىك شائىر مۇھەممەد سىدىق



زەلىلى ئاپپاق خوجا ئۆلۈپ 7 يىلدىن كېيىن، يەنى 1700-يىلى غالدانىنىڭ ئاكىسى سىڭگېنىڭ ئوغلى-سىۋاناراپدان جەنۇبىي شىنجاڭنى يەنە بىر قېتىم دەپسەندە قىلغان، ئاپپاق خوجا ئەۋلاتلىرى خانلىق تالىشىپ، ئۆزئارا قىرغىنچىلىق ئۇرۇشلىرى ئېلىپ بېرىۋاتقان، جاھالەت چىدىغۇسىز دەرىجىدە چېكىگە يەتكەن چاغلاردا ئۆزىنىڭ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان گۈزەل شېئىرلىرى بىلەن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئاسمىنىدا چاقناشقا باشلىدى.

مۇھەممەد سىدىق زەلىلى ھىجرىيىنىڭ 1085-يىلى (مىلادىنىڭ 1674-يىلى) يەركەندە نامرات ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. شائىر 70 نەچچە ياشلارغىچە ياشاپ، 1759-يىلى چىڭ سۇلالىسى (چەنلۇڭنىڭ 24-يىلى) جەنۇبىي شىنجاڭنى پاراكەندىچىلىككە سېلىۋاتقان خوجىلار توپىلىڭىنى تىنجىتىشتىن سەل ئىلگىرى ئالەمدىن ئۆتكەن.

زەلىلىنىڭ ئەسەرلىرى ئىچىدە ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغانلىرى 1720-يىلى 46 يېشىدا يازغان «سەپەرنامە» داستانى، 1736-يىلى 62 يېشىدا يازغان «تەزكىرى چىلتەن» داستانى، 1744-يىلى 70 يېشىدا يازغان «تەزكىرى خوجا مۇھەممەد شېرىپ» داستانى ۋە مۇخەممەس، مۇستەھزات، رۇبائىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غەزەللەر توپلىمى، بىرقانچە پارچە رۇقئات (ئۆزئارا يېزىشقان ئەدەبىي سالام خەتلەر) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

زەلىلى ئۆز داستانلىرىدا مازار ـ ماشايىخلارنىڭ تەرجىمىھاللىرىنى بېرىش ئارقىلىق، ئاپپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىنىڭ "ئىشقىيە" گۇرۇھىنى مەنسىتمەي، ئۇلار تەرەپتىن ھاقارەتلەنگەن "قارا تاغلىقلار" نىڭ "ئىسھاقىيە" گۇرۇھىنى ۋە ئۇلارنىڭ مۇقەددەس بىلىپ كەلگەن تارىخىي شەخسلىرىنى تىلغا ئالىدۇ. زەلىلى «سەپەرنامە» داستانىدا ئەينى زاماندا "ئۇلۇغ مازار" دەپ ئاتالغان ئاپپاق خوجا مازىرىنى زىيارەت قىلىشنى رەت ئەتسە، «تەزكىرى خوجا مۇھەممەد شېرىپ» داستانىدا سۇلتان سەئىدخان ۋە ئابدۇرىشتخانلارنىڭ ئۇستازى خوجا مۇھەممەد شېرىپ ئارقىلىق يەركەن خانلىقىنى ئەسكە ئالىدۇ. زەلىلىنىڭ سەمەرقەنت، بۇخارا روھانىلىرىنى سوكۇشكە قارشىلىغان:

"سەمەرقەند ـــ سەيقەلى ئالەم"، "بۇخارا ـــ قوۋۋەتى ئىسلام"،
بىزنىڭدەك تۈركى ئادەملەرگە بۇ شەھرى خوتەن ياخشى.

دىگەن مىسرالارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەشھۇر غەزىلىمۇ جاھالەتپەرەست، ساتقۇن خوجىلار ھاكىمىيىتىگە قارشىلىغان بىر شىكايەت سۈپىتىدە ئۇنىڭ ئىزچىل ئىدىيىسى بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن.

18 ـ ئەسىر ئۇيغۇر شېرىيىتىنىڭ ئەڭ پەخىرلىك نامايەندىسى بولغان زەلىلى چوڭقۇر پىكىرلىك، يۇقۇرى بەدىي سەۋىيىلىك، باي ئەدەبىي مىراسلارنى يارىتىش يولىدا بىر قىممەتلىك مۇۋەپپەقىيەت قازانغىنى يوق. ئۇنىڭ خەلقنى كۆيلەپ، زالىملارنى



قامچىلايدىغان ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسى بىلەن ئۇنىڭ دىنىي نىجاتلىق تىلەش ئارزۇسى زەلىلى ئىجادىي ھاياتىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە بىر بىرى بىلەن مۇرەسسەلەشكەن. ئۇنىڭ دەسلەپكى ئەسەرلىرى، بولۇپمۇ «سەپەرنامە» داستانى بۇنىڭ روشەن دەلىلى.

شۇنى ئالاھىدە كورسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، زەلىلىنىڭ دىنىي نىجاتلىق ئۈمىدى ۋە دىنىي نىجاتلىق زىيارىتى، ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى تەسەۋۋۇرى بويىچە، ئۆزىنىڭ شەخسى مەنپەئەتىگە بېغىشلانغان بولماستىن، بەلكى ئېزىلگۈچى خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە بېغىشلانغان بولۇپ، نوقۇل دىنىي تەركى دۇنيالىق، دەرۋىشلىك سەپىرىدىن تۈپتىن پەرق قىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر غەزىلىدە:

قەلەندەرمەن جاھاننى تەرك ئېتىپ قىلدىم سەپەر تەنھا،
چۇ سۇمرۇغىكى پەرۋاز ئەيلەگەن بى بالۇ ـ پەر تەنھا.
شەھى روبى ـ زىمىننىڭ تەختۇ ـ تاجىن ئارزۇ قىلماي،
گادايۇ ـ فەقىرلەرچۇن سەير ئەتەرمەن بەھرۇبەر تەنھا.
فەنا شەھرىدىكى ئاۋارە بولغان خەلقنى كوردۇم،
جۇنۇن تۇغيان ئېتىپدۇر ھەر بىرىنى دەربەدەر تەنھا

دەپ يازسا، يەنە بىر غەزىلىدە دىنىي نىجاتلىق ئۈمىدىنىڭ كۆپۈكتەك ۋەيران بولغانلىقىنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

تەركى جاھان قىلماغىم ـ سەيرى جاھاندۇر غەرەز،
ئەيلىگىل ئىمتىھان ياخشى ـ ياماندۇر غەرەز.
چەشمە بولۇپ كوزلىرىم ئاقسا نىچۇك ئەيىپدۇر،
ئەلگە تاھارەت ئۈچۈن ئابى راۋاندۇر غەرەز.
تەلبە زەلىلى كىلۇر خەلق تاماشا قىلىڭ،
چېھرەسىنىڭ رەڭگىدىن بەرگى خازاندۇر غەرەز.

زەلىلى 50 ياشلارغا كىرگەندىن كېيىن، بولۇپمۇ خوتەندە ئۆز ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇشقا باشلىغاندىن كېيىن، ئۆز دۇنياقارىشىدىكى خەلقپەرۋەرلىك بىلەن دىنىي تەسەۋۋۇپ ئوتتۇرىسىدىكى ئۈزۈندىن بېرى ساقلىنىپ كەلگەن زىددىيەتنى بەلگىلىك دەرىجىدە يېڭىپ، مەرىپەتپەرۋەرلىك تېمىسىدا كوپلىگەن يالقۇنلۇق شېئىرلارنى يېزىشقا كىرىشىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر غەزىلىدە يۇرۇنقى كوزقارىشىنىڭ ئەكسىچە مەنسۇر ئەللاجىنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ:

كى شەپ يەلدا تۇندە نۇر مەشئەلدىن قىراغىم بار،
سوۋاد ئاھىدىنىكىم شوئلە كۆن دائىم چىراغىم بار.
.....................
كەل ئى مەنسۇر، بولۇپ ساقى سىرىمنى ئاشكار ئەيلەي،
ئېچىپ كور، لالە يەڭلىغ خۇن ھەسرەتتىن ئاياغىم بار.



شۇنىڭدىن كېيىن، زەلىلى ئۆزىنىڭ نۇرغۇن شېئىرلىرىدا "رىيايى خانىقاھ"، "بويى ئىپپەتسىز زاھىد ئەھلى"، "ھوسۇلسىز ھاجى ھەرەم" قاتارلىق ئوتكۇر جۇملىلەر بىلەن جاھىل زاھىدلارنى، مۇتەئەسسىپ كۇچلەرنى مەسخىرە قىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر غەزىلىدە:

مەغرۇر ناماز ئولماغىل ئى زاھىدى خۇدبىن،
دىھقان ئېرۇر سەمەندەر، قاشىدا تورە خەستۇر

دەپ زالىم تورىلەر ئۈچۈن ھامىلىق قىلىدىغان مۇتەئەسسىپ كۇچلەرگە كاچات ئۇرۇپ، دىخانلارنى ئوتتا كويمەيدىغان سەمەندەر، زالىم تورىلەرنى بولسا خەلق غەزىۋىنىڭ يالقۇنلىرىدا كويۇپ كۇلگە ئايلانغۇچى بىر دوۋە ئەخلەت ـ چاۋار سىمۋولىدا مەسخىرە قىلىدۇ. بۇ زەلىلىنىڭ توپ ئىجتىمائى كوزقارىشى ئىدى.

زەلىلى ئۆزىنىڭ بىر يۇرۇش غەزەللىرىدە روھىي ۋەھىمە تارقاتقۇچى زاھىدلارغا قارشى جەڭگىۋار شېئىرىي خىتاپ ياغدۇرۇپ، جاھالەت كۇچلىرىگە ئاشكارا ھۇجۇم قىلىدۇ ۋە خەلقنىڭ نادانلىقىدىن ھەسرەتلىنىدۇ. ئۇ بىر غەزىلىدە:

بۇ پىشە سەرھەددىدە ھەر تەرەپ يۈز شىر ـ ئەژدەرھا،
خالايىقنىڭ كوزىدە پەردەئى غەپلەت، ئايان بولماس

دەيدۇ. زەلىلىگە ئۆز دەۋرىدە ھېچكىم بۇ جەھەتتىن تەڭلىشەلمىگەن ئىدى.

زەلىلى غەزەللىرى خەلقنىڭ رېيال ئىجتىمائى ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش بىلەن بىللە، ئۆز دەۋرىنىڭ ئىلغار مەزمۇنى بىلەن يۇقۇرى بەدىي شەكلىنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ يارقىن نەمۇنىسىنى ياراتتى.

زەلىلى ئاخىرقى ئۆمرىنى خوتەندە ئۆتكۈزۈۋاتقان، "قازا قەپىزى ئىچىدە مەھبۇس" بولغان چاغلىرىدىمۇ ئۆز دىۋانىنىڭ بوران-چاپقۇنلاردا خازان بولمايدىغان "باھار" دەۋرى، "گۈلۈستان" مەنزىرىسى بولىدىغانلىقىنى ئۈمىت بىلەن قەيت قىلىپ تۇردى.

## نوبىتى

نوبىتى مۇھەممەد سىدىق زەلىلىدىن كېيىنكى يەنە بىر مەشھۇر لىرىك، رومانتىك شائىر بولۇپ، ئۇ 17-ئەسىرنىڭ ئاخىرى 18-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا خوتەندە ياشىغان. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر غەزىلىدە:

"ئۆمرۈم ئەللىككە يېتىپ قالدى، ھەنۇزمەن ئەل ئىمەس،
قىلمادىم ياخشى ئەمەل، بىھۇدە ئۆمرى ئۆتتى دەرىخ"

دەپ يازسا، بىر رۇبائىسىدا ئۆز دىۋانىنىڭ رەتلەنگەن، توپلام قىلىنغان ۋاقتىنى ئەسكەرتىپ:



"ئى يارانلار بىز ئۆلۈرمىز، يادىكار قالدى كەلام،
كىشىدىن قالغاي جاھاندا بىر نىشانە ياخشى نام.
مىڭ يۈز ئاتمىش ئەردى پەيغەمبەر نەبىنىڭ ھىجرەتى.
بۇ كىتابى نوبىتى تەسنىفى بولدى ۋەسسالام"

دەپ كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا، شائىر 1740-يىللىرى 50 ياشتىن ھالقىغاندا ئۆز دىۋانىنى تۈزگەن. شائىرنىڭ ۋاپات بولغان ۋاقتى ۋە چىڭ سۇلالىسى 1759-يىلى جوڭغارلار ھەم چوڭ-كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى تىنجىتقان ۋاقىتتا ھايات ئىكەنلىكى ياكى ھايات ئەمەسلىكى بىزگە نامەلۇم.

نوبىتى غەزەللىرى ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ بولۇپمۇ لۇتپى ۋە ناۋائىيدىن كېيىنكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ گۈزەل، راۋان، لىرىك ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان بولۇپ، 18-ئەسىر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ئورۇننى ئىگەللەيدۇ.

نوبىتى غەزەللىرى ۋە رۇبائىلىرىدا ئەكس ئەتكەن ئىجتىمائى پىكىرگە يېقىندىن نەزەر سالغىنىمىزدا، ئۇنىڭ ئازتولا مۇلۇكدار، ئوتتۇرا قاتلام ئائىلىدىن كېلىپ چىققانلىقى، ئۆز دەۋرىدىكى ئەمگەكچى ۋە ئېزىلگۈچى خەلققە قىزغىن ھېسداشلىق بىلدۈرگەنلىكى، ئاياللارنىڭ ئىجتىمائى ئورنىنى داۋاملىق تۆۋەنلىتىشكە نارازى بولغانلىقى ۋە باشقىلارنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

نوبىتى شېئىرىيىتىنىڭ بۇ ئومۇمى خۇسۇسىيىتىدىن تاشقىرى،

يەنە ئىككى ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەك. ئۇنىڭ بىرىنچىسى، نوبىتى شېئىرىيىتىنىڭ بەدىي ماھارىتىدىن ئىبارەت. نوبىتى غەزەللىرى ئىنتايىن نەپىس بەدىي ئوخشىتىش، راۋان ۋە جاراڭلىق سۆزلەر بىلەن يېزىلغان بولۇپ، مۇزىكىلىق ئاھاڭدارلىقى ۋە غەزەل شەكىللىرىنىڭ رەڭگا-رەڭلىكى جەھەتتىن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ھەممىدىن كۆپرەك جەلپ قىلىدۇ. نوبىتىنىڭ تۆۋەندىكى بىر غەزىلىدىن ئۇنىڭ ئوخشىتىش، مەجاز ۋاسىتىلىرىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلانغانلىقىنى روشەن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

كۆرۈپمەن ئولتۇرۇپتۇر ھۆسن باغ ئىچرە بىر دىلدار،
يۈزى ئاي، كۆزى چولپان، پەرىشتەخۇي، گۈلى رۇخسار.
قاشى مېھراپ يا مۇنبەر، كۆزىدۇر چەشمەئى كەۋسەر،
قەدى چۇن سەرۋ يا ئەر-ئەر، يۈرۈشى خۇش كىيىك رەفتار.
يۈزىدۇر بىر مەھى تابان، لەبىدۇر لەئلى يا مارجان،
بولۇپمەن ۋالەئى ھەيران، سۆزى شىرىنۇ-خۇش گۇفتار.
تولۇن ئايدەك جامالىغە كۆڭۈل قەيد بولدى ھالىغە،
قاچان يەتكۈم ۋىسالىغە كۆڭۈلنى ئالدى ئول مەككار.

نوبىتى شېئىرىيىتىنىڭ يەنە بىر خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭ ئىجادىيىتى بىلەن دۇنياقارىشى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن ئىبارەت. بۇ-كىلاسسىك ئەدەبىياتتا يېقىنقى زامانغىچە كۆپ ئۇچراپ



كەلگەن بىرقەدەر ئومۇمىي ھادىسە. نوبىتى ئۆزىنىڭ گۈزەل غەزەللىرىدە رېئال ھاياتنى ئەكس ئەتتۈرگەن؛ ياخشىلىق، ساداقەت، مۇھەببەت ۋە تەرەققىپەرۋەرلىكنى ۋە تەبىئەت گۈزەللىكىنى كۈيلىگەن بولسىمۇ، كۆپلىگەن شېئىرلىرىدا دىنىي كۆزقاراشنىڭ ئوچۇق-ئاشكارا چەكلىمىسىگە ئۇچراپ، ئۆز پىكىرلىرىدىن رېئال ئىلمىي خۇلاسىلەر چىقىرىشنىڭ ئورنىغا ئىلاھىي خۇلاسىلەر چىقىرىدۇ. بۇ نوبىتى غەزەللىرىدىكى ئىدىيىۋى ئاجىزلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، نوبىتى غەزەللىرى دىنىي تەرغىباتنى مەقسەت قىلغان مىستىك شېئىرىيەتتىن تۈپتىن پەرقلىنىپ، ساماۋى تېمەلارنى ۋە ھاپىزلىق مۇھەببەتنى ئەمەس، دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە رېئال ھاياتنىڭ گۈزەللىكى، ھەقىقەت، ئادالەت ۋە ئىنسانىي مۇھەببەتنى ئوخشىمىغان نۇقتىدىن تەكرار مەدھىيىلەشنى مەقسەت قىلىدۇ. مەسىلە شۇكى، ئۇ دىنىي تەقىپ ۋە ئىدىيىۋى چەكلىمە تۈپەيلىدىن ئۆز شېئىرلىرىغا مىستىك ياكى يېرىم مىستىك يېپىنچا كىيدۈرىدۇ.

نوبىتى ئىجادىيەتلىرىدە يالقۇنلۇق ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى ئۆزىنىڭ بەدىي ئىپادىسىنى تاپقان. "خوتەننى" رادىفى بىلەن ئاخىرلىشىدىغان مەشھۇر غەزىلى بۇنىڭ گۈزەل ئوخشىتىشلار بىلەن تولغان بىر نەمۇنىسىدۇر. نوبىتى ئۆز غەزىلىدە خوتەن ھەققىدە مۇنداق گۈزەل مەجازى ۋاسىتىلەردىن پايدىلانغان:

خوتەننى

لەۋزىگە مانەن خىيال ئەت خوتەننى،
بىھىشتىن زىيادە مىسال ئەت خوتەننى.
خۇجەستە خاكى رەخمەت سۇرمىسى،
كوزۇڭگە تۇتىيا خال ئەت خوتەننى.
پەرىلەر بۇ سەسى تۇرپە شىرىندۇر،
ھورلەر لېۋىگە بال ئەت خوتەننى.
تەلئەتىگە خۇرشىد، كوزلەرىگە ئەختەر،
يادەك قاشىغە ھىلال ئەت خوتەننى.
مۇئەللىمىن ئاپاق، پىنىشىن سۇخەنگوي
تىفلىگە دەرسى ماقال ئەت خوتەننى.
جاھان شائىرلىرى گۇلشەنى باغى،
خەمسەڭگە قۇرباش ئىنتىسال ئەت خوتەننى.
سەن ھەم نوبىتى سىياھ روي ئېلىگە،
رەقىپلەر كوزىگە زاۋال ئەت خوتەننى.

18 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدىبىياتى سەمەرىسىدە موللا ئەلەم شەھيارىنىڭ «گۇل ۋە بۇلبۇل» ناملىق لىرىك داستانى شائىر موللا رېھىمنىڭ لىرىك داستانى «مۇھەببەتنامە»، لىرىك شائىر مەجلىسىنىڭ «دىۋان مەجلىسى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى، مۇھەممەد سىدىق بەرشىدىنىڭ «سىدىقنامە» داستانى، ئۇمەر باقىنىڭ خەمسە ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ قايتا ئىشلىگەن «پەرھاد ـ شېرىن» ۋە «لەيلى ـ مەجنۇن» داستانلىرى ئۇزىگە خاس ئورۇن تۇتىدۇ.



# نىم شېھىت ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى توغرىسىدا

سۇلتان ماخمۇت

نىم شېھىت ئارمىيە ئېلى ئۇزۇن يىللىق ئەدەبىي ئىجادىيىتى ئارقىلىق يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوشقان مەشھۇر شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى.

ئۇ ئۆزىنىڭ چوڭقۇر مەزمۇنلۇق لىرىك شېئىرلىرى، مەسەللىرى، باللادىلىرى، داستانلىرى بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈچلۈك ھورمەت ۋە مۇھەببىتىگە سازاۋەر بولدى. ئۇنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، مەركەز ۋە شىنجاڭدىكى ئەدەبىي ژورناللاردا ئېلان قىلىنىپ، كەڭ ئاممىنىڭ يۇقۇرى باھاسىغا ئېرىشتى.

ئاتاقلىق ئەدىپ نىم شېھىت ئارمىيە ئېلى سايرامى 1906 ـ يىلى باي ناھىيىسىدىكى سايرام يېزىسىنىڭ "تېزەك قاغا" مەھەللىسىدە كەمبەغەل دىخان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى ئېلى ئاخۇن مەرىپەتپەرۋەر ئادەم ئىدى. شۇڭا ئوغلى ئارمىيىنىڭ ئوقۇشىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بولگەن. نىم شېھىت

ئارمىيە ئۆز يېزىسىدىكى كونا مەكتەپتە ئوقۇپ ساۋادىنى چىقاردى. ئۇ 1922-يىلدىن 1930-يىلغىچە باي ۋە كۇچاردىكى مەدرىسلەردە، 1930-يىلدىن كېيىن قەشقەردىكى ئاتاقلىق "خانلىق مەدرىس" تە ئوقىدى. ئۇ مۇشۇ مەزگىللەردە ئۇيغۇر كلاسسىك شائىرلىرىدىن ناۋايى، سەككاكى، لۇتپى، زەلىلى، ئابدۇرېھىم نازارى، نوبىتى قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنى زور قىزىقىش بىلەن ئۆگەندى.

نىم شېھىت ئارمىيە ئېلىنىڭ قەشقەردە ئوقۇۋاتقان مەزگىلى قەشقەردە ئېنگلىز ۋە شۋېد مىسسىيونېرلىرىنىڭ بۇخمانىزىم دىنىنى تەرغىپ قىلىۋاتقان ۋاقىت بولۇپ، بۇ ئەمەلىيەتكە كۆزى ئېچىلىپ كېلىۋاتقان نىم شېھىت ئارمىيە ئېلىگە قاتتىق تەسىر قىلدى. ئۇ قانداق قىلىپ بولسۇن، بۇ سىياسى غەرەزدىكى يالغان دىنىي تەشۋىقاتقا پەشۋا بېرىش كېرەكلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، شېئرىيەت سەھنىسىگە چىقىپ، بۇ ئېغىۋاغا قارشى جەڭ ئېلان قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ خەلق ئىچىدە تونۇلۇشقا باشلىدى. شائىرنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئېيتىپ بەرگەنلىرىگە قارىغاندا، ئۇ قەشقەردىكى ۋاقتىدا «مادارا ئەئزەم» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى ۋە «ئەنۋارۇلھۇدا»① ناملىق ئىشقى قەسىدىسىنى جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرگەن. ئۇنىڭ «مادارا ئەئزەم» («چوڭ ياراشتۇرۇش») ناملىق شېئىرلار توپلىمى 100 بەتتىن كۆپرەك بولۇپ،

---

① «ئەنۋارۇلھۇدا» — توغرا يول نۇرلىرى دېگەن مەنىدە.



ئۇنىڭدا شۇ چاغدىكى ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ئادالەتسىزلىگى خېلى چوڭقۇر پاش قىلىنغان.

1933-يىلى نىم شېھىت قەشقەردىكى مەزگىلدە، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنىڭ ئەكسىيەتچىل سىياسىتىگە قارشى دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. ئارمىيە ئېلى بۇ قوزغىلاڭغا ئاكتىپ قاتناشتى ۋە جەڭ جەريانىدا ئوق تېگىپ يارىدار بولدى. شۇ چاغدىن باشلاپ، شائىرغا "نىم شېھىت" دېگەن ئەدەبىي تەخەللۇس سىڭىپ قالدى. شائىرنىڭ 1933-يىلى 8-ئايدا يازغان «ئۆمۈر خاتىرەمدىن» ناملىق شېئىرى مانا شۇ ۋەقەلەرنىڭ بەدىي خاتىرىسى ھېسابلىنىدۇ.

نىم شېھىت 1935-يىلى ئاقسۇغا قايتىپ كەلدى. ئۇ 1935-يىلدىن 1945-يىلغىچە «ئاقسۇ گېزىتى» تەھرىر بولۇمىدە ئىشلىدى. 30-يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە يولداش ماۋ زېدۇڭ بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر كوممۇنىستلارنى شىنجاڭغا ئەۋەتتى. 30-يىللارنىڭ ئاخىرىدىن 40-يىللارنىڭ باشلىرىغىچە جۇڭگو كومپارتىيىسىدىن چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ باشچىلىقىدىكى بىر تۈركۈم كوممۇنىستلار شىنجاڭ رايونىدا ئىنقىلاۋىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇلار ماركسىزم-لېنىنىزمنى ۋە جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىغە تەشۋىق قىلدى ھەم تونۇشتۇردى. نىم شېھىت ئۇلارنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت

بىلەن ئاكتىپ شۇغۇللىنىپ، ئۇز ئەسەرلىرىدە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازاتلىققا بولغان تەلپۈنۈشىنى ئەكس ئەتتۈردى.

شائىر نىم شېھىت كېيىنكى يىللاردا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن سۈرگۈن ئورنىدا ئاقسۇغا ئەۋەتىلگەن ۋەتەنپەرۋەر شائىر، ئىنقىلاۋىي قۇربان لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن بىللە «ئاقسۇ گېزىتى» تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلىدى. ئۇ لۇتپۇللا مۇتەللىپكە ھەمكارلىشىپ، ئاقسۇ رايونىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئىنقىلاۋىي ئەدەبىيات-سەنئەت ھەرىكىتىنى ئەۋج ئالدۇردى.

نىم شېھىت 1945-يىلى مارتتا ئۆپكە ۋە مېڭە ئاغرىغى سەۋەۋى بىلەن ئاقسۇدىن باي ناھىيىسىگە قايتىپ كەلدى.

1945-يىلىنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ مەركىزى بولغان ئىلىغا چىقىپ كەتتى.

نىم شېھىت ئۈچ ۋىلايەتكە بارغاندىن كېيىن، 1950-يىلغىچە تەشۋىقات ۋە نەشرىيات ئورۇنلىرىدا ئىشلىدى. شائىر گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى، فېئودال خوجىلارنى پاش قىلىدىغان، خەلق ئاممىسىنى ئازاتلىق كۈرەشلىرىگە ئىلھاملاندۇرىدىغان نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازدى. ئۈچ ۋىلايەتتىكى گېزىت-ژورناللارغا شائىرنىڭ شېئىر، ھېكايىلىرى، ماقالىلىرى ئۈزۈلمەي بېسىلىپ تۇردى.

ئازاتلىقتىن كېيىن نىم شېھىتنىڭ ئىجادىيىتى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى. ئۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ



ئازاتلىقتىن كېيىنكى ئىجتىمائىي ئىسلاھات ۋە دېموكراتىك ھەرىكەتلىرىگە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغان سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ئاكتىپ قاتناشتى. شائىر 1956-يىلى جۇڭگو ھەج قىلىش ئۆمىكىگە قاتنىشىپ چەتئەلگە چىقىپ، ئەرەبىستاندا زىيارەتتە بولدى.

شائىر نىم شېھىت ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى“ جەريانىدا لىن بياۋ ۋە ”4 كىشىلىك گۇرۇھ“ نىڭ دەھشەتلىك زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، 1972-يىلى 8-ئاينىڭ 22-كۈنى 65 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

نىم شېھىتنىڭ پۈتكۈل ئىجادىيىتىنى كۆزدىن كەچۈرگىنىمىزدە، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ دەۋر جەھەتتە ئىككى خىل دەۋرگە، ئىجادىيەت جەھەتتە ئىككى خىل ئۇسۇلغا مەنسۇپلۇقىنى ھېس قىلىمىز. نىم شېھىتنىڭ ئازاتلىقتىن بۇرۇنقى ئىجادىيىتى ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا شەكىللىنىشكە باشلىغان ئىلغار دېموكراتىك ئەدەبىياتقا مەنسۇپ بولۇپ، ئىجادىيەت ئۇسۇلى بولسا رېيالىزم بىلەن تەرەققىيپەرۋەر رومانتىزمغا تەئەللۇقتۇر. ئازاتلىقتىن كېيىنكى ئىجادىيەت بولسا، سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتقا مەنسۇپ بولۇپ، ئىجادىيەت ئۇسۇلى سوتسىيالىستىك رېيالىزم ئىجادىيەت ئۇسۇلىدىن ئىبارەت.

نىم شېھىت ئازاتلىقتىن بۇرۇنقى يىللاردا دېموكراتىك ئىنقىلاپنىڭ تەلىۋىگە ياخشى جاۋاپ بېرەلەيدىغان «بۈيۈك جۇڭگو»، «ئاسارەتتە تۇرۇپ قالغانلارغا خىتاپ»، «ئالدىدا»،

«جىنايەتتىن شىكايەت»، «ۋەتەن مۇھەببىتى»، «ئويغان»، «قەۋرىدىن ئاۋاز» قاتارلىق بىرمۇنچە مۇنەۋۋەر شېئىرلارنى يازدى. شائىر ئوزىنىڭ 1942 ـ يىلى يازغان «بۈيۈك جۇڭگو» ناملىق شېئىرىدا يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى ئالغا سۈردى.

ئۇ ئوز شېئىرىدا:

بۈيۈك جۇڭگو سېنىڭ بەش مىڭ يىللىق ئۇزۇن تارىخىڭ بار،
كۈمۈش سۇلار، ئالتۇن تاغلار، پايانسىز ئورمان، باغلىرىڭ بار.
تۈرلۈك مەدەن، نېفىت، كومۇر، ھېچ تۈگىمەس بايلىغىڭ بار،
يەر شارىنى تويغۇزغىدەك كەڭرى مۇنبەت تۇپرىغىڭ بار.

دەپ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭگونىڭ بايلىقى ۋە گۈزەللىكىنى زوق ـ شوق بىلەن كۈيلەپ، ئۇنىڭدىن ئىپتىخارلانسا، كېيىنكى كۇپلېتلىرىدا ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزگە ياپون جاھانگىرلىرىنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنلىكىنى، ئۇنىڭ قەدىمى يەتكەن جايلارنىڭ قان دەرياسىغا ئايلانغانلىقىنى، بىراق ئۇنىڭ بۇ "ئۇستۇنلۇگى" ۋاقىتلىق ئۇستۇنلۇك ئىكەنلىكىنى گەۋدىلەندۇرۇپ بەردى.

ئاپتور:

سۇندۇرالماس كۈچىمىزنى شەرقنىڭ ياۋۇز چايانلىرى،
تىز چوكمەيمىز قانچە بولسا زەھەر لەشكەر ئىلانلىرى،
تېخى مەھكەم بىرلەشتۇردى بىزنى ئۇنىڭ زىيانلىرى،
چوقۇم يېڭىمىز، بىزدە ئۇلۇغ خەلق كۈچى ـ يولەنچى بار.



دىگەن جەڭگىۋار مىسرالىرىدا فاشىزىمنىڭ چوقۇم ئولۇمگە مەھكۇم ئىكەنلىكىنى، قەھرىمان خەلقىمىزنىڭ ئوز ئېلىگە تاجاۋۇز قىلغان دۇشمەنلىرىنى چوقۇم تارمار قىلىدىغانلىقىنى ئالدىنالا جاكالىدى. خەلقىمىزنىڭ ئىنقىلاۋي كۇرەش غەلىبىسىگە يۈكسەك ئىشەنچ بىلەن قارىدى.

نىم شېھىت ئوزىنىڭ شېئىرلىرىدا گومىنداڭ ھاكىمىيىتىگە يولىنىپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ بېشىغا بالايى ـ ئاپەت ياغدۇرغان ئەكسىيەتچى فېئوداللار سىنىپى ۋە ئۇلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى بولغان زالىم خوجىلارنى قاتتىق قامچىلىدى.

1947 ـ يىلى ئۇرۇمچىدە گومىنداڭ دائىرىلىرى تەرىپىدىن ئىسلام دىنىنى ھىمايە قىلىش نىقاۋى ئاستىدا بىر تەشكىلات قۇرۇلغان ئىدى. مەزكۇر تەشكىلات شائىر نىم شېھىتقا خەت يېزىپ، ئۇنى ئوزىگە تارتماقچى بولدى. لېكىن ھەق ـ ناھەق ئالدىدا مەيدانى روشەن بولغان نىم شېھىت «جاۋاۋىم» ناملىق مەسەل يېزىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بۇ سۇيقەستىنى بىت ـ چىت قىلىۋەتتى. شائىر گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ گۇپپاڭچىلىرىغا ھەققانى ھالدا مۇنداق دەپ جاۋاپ بەردى:

مېنى سورىساڭ، بۇرۇن تاشلاپ تار قۇدۇقنى،
كورۇپ قالدىم مۇھىت كەبى كەڭ يورۇقنى.
دىلىم مۇھىت لەززىتىنى تېتىپ قالدى،

تار قۇدۇقنىڭ ئىشقى دىلدىن كېتىپ قالدى.

.................................................

بۈگۈنكى كەڭ مۇھىتتا مەن ئۈزگىنىمدە،
ئەركىن ھايات بەزمىسىنى تۈزگىنىمدە.
بارالماسمەن تار قۇدۇققا جاۋاپ مانا،
چۈشمەسمەن ئۇ سېسىق قۇدۇق ئىچرە يانا.

نىمشېھىتنىڭ جەڭگىۋار ھېسسىياتقا تولۇپ-تاشقان بۇ شېئىرى شۇ چاغلاردا خەلقنى ئويغىتىش، ئۇلارنىڭ ئاڭ-سەۋىيىسىنى يۇقۇرى كۆتىرىشتە خېلى مۇھىم رول ئوينىدى.

نىمشېھىت ئازاتلىقتىن ئىلگىرى يالغۇز ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىجتىمائى ئازاتلىق تېمىلىرىدىلا ئەسەر يېزىپ قالماي، ئىلىم-پەن، مەرىپەت توغرىسىدىمۇ خېلى كۆپ مۇنەۋۋەر شېئىرلارنى يازدى. خەلقنى ئىلىم-پەننى ئىگەللەشكە چاقىردى. شائىر 1936-يىل 2-ئايدا يازغان «بىلىم ئىشقىدا» دېگەن شېئىرىدا:

جاھان رەنالىرى ئىچرە بىلىمدەك ھېچ گۈزەل يار يوق،
بىلىمدىن ئۆزگە تۇتقان يار بولۇر ئۇ گاھىدا بار-يوق.
قارا قاشلىق تولۇن ئايلار ساڭا بىرنەچچە كۈن يولداش،
ئەگەر سەن پۇلدىن ئايرىلساڭ سېنى تاشلايدۇ، ھېچ ئار يوق.

دەپ يېزىپ، نادانلىقنىڭ ئاقىۋىتىنى ئوبرازلىق مىسرالار ئارقىلىق جانلىق گەۋدىلەندۈرۈپ، بىلىمنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى ئۇلۇغلىدى، ئىلىم-پەن ئىگەللەشنىڭ زۆرۈرلۈگىنى تەكىتلىدى.



نىمشېھىت ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ بىرىنچى دەۋرىدە خىلمۇ-خىل تېمىلاردا ناھايىتى نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازدى.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، نىمشېھىتنىڭ بۇ دەۋردىكى ئىجادىيىتىنىڭ سىياسى، ئىدىيىۋىلىگى خېلىلا ئىلغار، بەدىئىلىك جەھەتتە خېلى مۇكەممەل بولۇپ، خەلقنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە، جاھانگىرلارغا بولغان غەزەپ-نەپرىتىنى قوزغاشتا، ئۇلارنى ئىنقىلاپ غەلىبىلىرىگە ئىشەنچ روھىدا تەربىيىلەشتە مۇھىم رول ئوينىدى.

1949-يىلىنىڭ بىرىنچى ئۆكتەبىرى ئېلىمىزنىڭ تارىخىدا زور بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولدى. يولداش ماۋ زېدۇڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىغىنى پۈتۈن دۇنياغا جاكالىدى. شىنجاڭ رايونىمۇ تىنچلىق بىلەن ئازات بولۇپ، ھەرمىللەت ئەمگەكچىلىرى ئۆز تارىخىدا تۇنجى قېتىم ئەركىن، كەڭ نەپەس ئالدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بەختىيار ھاياتىنى تىكلەش ئۈچۈن، ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا قارشى تۇرۇش، ئىجارە كېمەيتىش-زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى قاتارلىق دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاشقا زور غەيرەت بىلەن ئاتلىنىپ كەتتى.

نىمشېھىت خەلق بىلەن بىللە بۇ كۈرەشكە ئاتلىنىپ قاتناشتى. نىمشېھىتنىڭ مۇشۇ مەزگىلدە يازغان شېئىرلىرى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەكسىيەتچىل تۈزۈم ۋە سىنىپلارغا بولغان غەزەپ-نەپرىتىنى قوزغاشتا مۇھىم رول ئوينىدى.

شائىر بۇ يىللاردا يەنە سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ۋە سوتسىيا-
لىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىلىرى توغرىسىدا، جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە يولداش ماۋزېدۇڭ توغرىسىدا،
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى توغرىسىدا خېلى ياخشى شېئىرلارنى
يازدى. شائىرنىڭ 1955 - يىلى ئۆكتەبىردە يازغان «ئالدىدا»
دېگەن شېئىرى مەيلى ئىدىيىۋىلىك ۋە بەدىئىلىك جەھەتتە
بولسۇن، پارتىيىمىزنى ئۇلۇغلاش تېمىسىدا يېزىلغان شېئىرىي
ئەسەرلەر ئىچىدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.
شائىر بۇ ئەسەردە ئۆزىنىڭ پۈتۈن شېئىرىي كۈچىنى ئىشقا
سېلىپ، ئۇلۇغ پارتىيىمىزنىڭ ئىنقىلاپ ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرى-
دىكى رەھبەرلىك رولىنى، ئەمگەكچى خەلقنىڭ پارتىيىگە بولغان
پاك مۇھەببىتىنى ئوبرازلىق ۋە ھېسسىياتلىق ئىزھار قىلدى.
شائىر ئۆزىنىڭ بۇ قەسىدىسىنى:

رۇخسەت ئەيلەڭلار بۇگۈن سوزلەشكە مەيدان ئالدىدا،
ئېيتايىن كوڭلۇمدىكى سىرىمنى ۋىجدان ئالدىدا،
بۇلبۇلى شەيدا كەبى باغ ئىچرە رەيھان ئالدىدا،
تەنگە جان سىغماس خوشالمەن خۇددى بوستان ئالدىدا،
ياش يىگىتنىڭ كوڭلى ئوخشاش يارى جانان ئالدىدا.

دەپ باشلاپ، ئۇنىڭدىن كېيىن رايونىمىز شىنجاڭنىڭ يۈرەكنى
تىلغايدىغان دەھشەتلىك، پاجىئەلىك ئۆتمۈش ھاياتىنىڭ كار-



تىنىسىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ:

نەچچە يۈز يىلدىن بۇ ئۆلكەم باغرىنى زۇلمەت قاپلىغان،
زومىگەرلەر ھەر قەدەمدە دېخانغا تۆھمەت چاپلىغان،
قاپ-قاراڭغۇ زەي، سېسىق زىنداندا جاننى ساقلىغان،
قايدا بارساڭ جان سىقىلغان، بىردەم ئامانلىق تاپمىغان،
قانچە "سادىر"، "نوزۇگۇم"لار بولدى قۇربان ئالدىدا.

شائىرنىڭ ئېيتقىنىدەك، ھەقىقەتەنمۇ، ئۆتمۈش جەمىيەت
ھەر مىللەت ئەمگەكچىلىرى ئۈچۈن قاراڭغۇ زىندان ۋە مۇدھىش
دوزاق ئىدى.
شائىر:

كوممۇنىستلار بىزنى ئازات قىلدى زۇلمەت ئىلكىدىن،
قوينى قويچى ئاسرىغانىدەك بورى بىلەن تۈلكىدىن،
ئىشچى، دېخان بولدى ئازات فېئوداللار مۈلكىدىن،
قىز-ئوغۇللار توختىيالماس شادۇ-خورام كۈلكىدىن،
كوز يېشى قىلماس ئېلىم ئەمدى زىمىستان ئالدىدا.

دەپ ھەر مىللەت ئەمگەكچىلىرىنى پەقەت كوممۇنىستىك
پارتىيىسىنىڭلا قۇتقۇزغانلىقىنى، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ قاقاس
تاغلارنى باغۇ-بوستان، چوللەرنى گۈلۈستان قىلىپ، ھەر مىللەت

خەلقىغە كۈندىن-كۈنگە پاراۋان بەختىيار ھايات يارىتىپ بېرىۋاتقانلىقىنى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىگە بولغان چەكسىز مېھرى-مۇھەببىتىنى ئىپادىلەپ بەردى.

ئىمىن شېھىت ئازاتلىقتىن كېيىن ۋەتىنىمىزنىڭ كۈنسېرى ئۆزگىرىۋاتقان يېڭى قىياپىتى ۋە ئۇنىڭغا بولغان قايناق مۇھەببىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، بىرمۇنچە ياخشى ئەسەرلەرنى يازدى. ئۇنىڭ 1956-يىلى چەتئەلدە زىيارەتتە بولۇۋاتقان چاغدا يازغان «سېغىندىم» دىگەن شېئىرى ئەنە شۇنداق شېئىرلىرىنىڭ نەمۇنىسىدۇر. بۇ شېئىردا ئۇنىڭ يېڭىچە سوتسىيالىستىك ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى خېلى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. شائىر ئازاتلىقتىن بۇرۇنقى ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىلىرىدا يازغان شېئىرلىرىدا ۋەتەننىڭ ئازاتلىقى، ئەركىنلىكى توغرىسىدا ئارزۇ-ئارمان قىلسا، «سېغىندىم» شېئىرىدا شۇ ئارزۇ-ئارمان ئەمەلگە ئاشقان ۋەتىنىدىن بىر مىنۇت ئايرىلسا، ئاشىق مەشۇقىدىن ئايرىلىشقا قىيمىغىنىدەك چىدىمايدىغانلىقىنى، ئازات-بەختلىك ۋەتىنىنى يالقۇنلۇق يۈرىكىدىن ئەڭ قىزغىن سۆيىدىغانلىقىنى گەۋدىلەندۈردى.

سېغىندىمەن، سېغىندىمەن، سېغىندىم،
ۋەتەن سېنى تەشنا بولۇپ سېغىندىم،
مېھرىڭ تولغان يۈرىگىمدە سېغىندىم،
دولقۇنلىغان كوكرىگىمدە سېغىندىم.



بۇ كەمگىچە ئايرىلمىغاچ سېنىڭدىن،
لەززەتلىنىپ شېرىن شەرۋەتلىرىڭدىن،
يولغا چىققاچ قەدرىڭ ئۆتتى جېنىمدىن،
تۇپرىقىڭنى كوزگە سۈرتەي، سېغىندىم.

شائىر زىيارەت داۋامىدا كاپىتالىزىم دۇنياسىدىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ پاجىئەلىك تۇرمۇشىنى كورگەندىن كېيىن، ئۆز ۋەتىنىنىڭ قەدىر-قىممىتىگە تېخىمۇ يېتىپ، سوتسىيالىستىك ۋەتىنىنى سېغىنىش ھېسسىنىڭ دولقۇنلانغانلىقىنى ئىزھار قىلىدۇ.

بومباي ئىكەن دېڭىز بويى چوڭ شەھەر،
ياشايدىكەن نەچچە يۈز مىڭ ئايال-ئەر.
بوتا كوزلۈك بىرنەچچە مىڭ "راجى"نى —
«سەرگەردان»نى كورگىنىمدە سېغىندىم.
......
رەستىلەردە قەۋەت-قەۋەت بىنالار،
بىر بىرىگە رىقابەتلىك مۇنارلار،
نان ئۈچۈن كوپ كۈرەشلەرنى كورگەندە،
مول ھوسۇللۇق ۋەتىنىمنى سېغىندىم.

ئىمىن شېھىت تۇرمۇشىمىزنىڭ مۇھىم تەركىۋىي قىسىملىرىدىن بىرى بولغان مۇھەببەت توغرىسىدىمۇ ياخشى لىرىك شېئىرلارنى

يازدى. بىزنى خوشال قىلىدىغان يېرى شۇكى، شائىرنىڭ بىر-
قانچە مۇھەببەت لىرىكىسىدا، مۇھەببەت ئىنقىلاۋىي كۈرەش ۋە
ئەمگەك تېمىسى بىلەن باغلاپ ئەكس ئەتتۈرۈلدى. ئۇنىڭ
1956-يىلى يازغان «ئۇچرىشىش» دىگەن شېئرى بۇنىڭ ياخشى
مىساللىرىنىڭ بىرى.

نىم شېھىت ئۆزىنىڭ چارەك ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن
بۇيانقى ئىجادىيىتىدە ئۆز ئىدىيىسى ۋە ھىسسىياتىنى خەلق ئام-
مىسىنىڭ ئىدىيىسى ۋە ھىسسىياتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ كەلدى.
ئەنە شۇ ئاساستا ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى سەۋىيە جەھەتتە
زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ئىجادىيىتىنىڭ مەزمۇنى بېيىدى.
سىياسى-ئىدىيىۋىلىگى چوڭقۇرلاشتى، ئىپادىلەش قۇۋۋىتىمۇ
كۈچەيدى.

شائىر نىم شېھىت ئۆز ئىجادىيىتى داۋامىدا كىلاسسىك ئەدە-
بىياتنىڭ ئارۇز ۋەزنى ھەم خەلق قوشاقلىرىنىڭ بارماق ۋەزنى
شەكلى بىلەن شېئىر يېزىپ كەلدى. لېكىن ئۇنىڭ ئىجادىيىتى-
نىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى ئارۇز ۋەزنىنىڭ ھەرخىل بەھرىلىرىدە
يېزىلغان شېئرىي ئەسەرلەر تەشكىل قىلىدۇ. بىزنىڭ نىم شېھىت-
تىن مەمنۇن بولىدىغان يېرىمىز شۇكى، ئۇ ئارۇز ۋەزنى شەكلىنى
ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئۆزىگە خاس ئىستىل
بىلەن تېخىمۇ جارى قىلدۇردى. ئۇنىڭ شېئىر ئۇسلۇبى ئىدى-
يىسىنىڭ روشەن ۋە چوڭقۇرلۇغى، بەدىئى تىلىنىڭ ئويناق ۋە
رەڭدارلىغى، شېئرىي رېتىمىنىڭ راۋانلىغى، يەڭگىللىگى، شېئرىي



ھىسسىياتىنىڭ قويۇقلۇغى ۋە جۇشقۇنلۇغى بىلەن ئالاھىدە پەرق-
لىنىدۇ.

بىز شائىرنىڭ ئارۇز ۋەزنى شەكلى بىلەن يېزىلغان ئەسەر-
لىرىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەم-
گەكچىلىرىنىڭ ئاددى ھەم گۈزەل تىللىرى بىلەن سوتسىيالىستىك
ئىدىيىۋى مەزمۇننى ناھايىتى ياخشى ئىپادىلەپ بەرگەنلىگىنى
ھىس قىلىمىز.

بىز نىم شېھىتنىڭ ئەسەرلىرىنى تەھلىل قىلىدىغان بولساق،
ئۇنىڭ مۇنداق تۆپ خۇسۇسىيەتلىرىنى كۆرىمىز:

نىم شېھىت يۈكسەك ئىنقىلاۋىي مەزمۇننى گۈزەل بەدىئى
شەكىل بىلەن ناھايىتى چوڭقۇر گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلىگەن.

ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتى بىر خىل مەنىۋى ئىشلەپچى-
قىرىش بولۇپ، ئۇ ئوبرازلىق تەپەككۇر ئارقىلىق تۇرمۇشنى
ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شائىر نىم شېھىت مەزمۇن ۋە ئىدىيىنى رىيال
تۇرمۇش مەنزىرىسىگە باي بولغان لىرىك كورۇنۇشتە، كونكرىت
دېتاللار ئاساسىدا ناھايىتى جانلىق ۋە ئوبرازلىق قىلىپ گەۋدى-
لەندۈرىدۇ. شۇ ئارقىلىق كىتاپخانلارغا ئۆز ئىدىيىسىنى سىڭ-
دۈرىدۇ.

بولۇپمۇ شائىرنىڭ تەقلىت قىلىش، ئوخشىتىش، سېلىشتۇ-
رۇش ئۇسۇللىرى ئۇنىڭ شېئىرلىرىغا بەدىئى كۈچ-قۇۋۋەت بېغىش-
لايدۇ. ئىدىيىنى چوڭقۇر، تەسىرلىك بايان قىلىشقا ئېلىپ
كېلىدۇ.

نىم شېھىتنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوت يۈرەك ۋەتەنپەرۋەر شائىرى لۇتپۇللا مۇتەللىپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن يازغان «ئەسلەيمەن» ناملىق شېئىرىدا بۇ خىل خۇسۇسىيەتنى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈش مۇمكىن. شائىر «ئەسلەيمەن» ناملىق شېئىرىدا لۇتپۇللا مۇتەللىپنى ئەسلەش ۋە چوڭقۇر سېغىنىش تۇيغۇسىدىكى پىكرىنى بەزى ئاپتورلارنىڭ شېئىرلىرىدىكىدەك ئادەتتىكى مەۋھۇم سىياسى ئىبارىلەر بىلەن يالىڭاچ ھالدا ئېيتماي، بەلكى ئوخشىتىش، سىمۋول قاتارلىق بەدىي ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، ناھايىتى ئوبرازلىق ۋە تەسىرلىك ئىپادىلىگەن:

ھايات بېغىدا سەير ئەتكەندە مەن بىر گۈلنى ئەسلەيمەن،
قىزىلگۈل خۇشپۇراق چاچقاندا بىر بۇلبۇلنى ئەسلەيمەن،
چېپىش مەيدانىدا ئىلگىرىلىگەن دۇلدۇلنى ئەسلەيمەن،
باھاردىن بەھرىسىز كەتكەن چىۋەر ئوغۇلنى ئەسلەيمەن.
ئۇ شۇنداق بىر گۈلكى غۇنچە دەۋرانىغا يەتكەندە،
ئېچىلماققا سەنەمنىڭ ئاغزىدەك تەبەسسۇم ئەتكەندە.
تۇمەن جانلار تەلمۈرۈپ ئۇنىڭغا كۆزىنى تىككەندە،
غەزەپ بىرلە ئۇنى ئۈزگەن زەھەرلىك قولنى ئەسلەيمەن.

ماھىر سەنئەتكار نىم شېھىت ئىنقىلاۋىي قۇربان لۇتپۇللا مۇتەللىپنى يېڭىدىن ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان قىزىلگۈلگە،



قىزىلگۈلنىڭ ئېچىلىشىنى تەشنا بولۇپ كۈتكەن ۋە ئۇنىڭ ئىشقىدا تىنىمسىز سايرىغان بۇلبۇلغا ۋە كۈرەش بەيگىلىرىدە ئالغا ئىلگىرىلىگەن دۇلدۇلغا ئوخشىتىپ، خۇددى ئۇستا رەسسامدەك، شائىرنىڭ ئوبرازىنى كۆز ئالدىمىزدا گەۋدىلەندۈرىدۇ.

شائىرنىڭ ئىجادىيىتىدە خاراكتېرلىق خۇسۇسىيەتنىڭ بىرى ئۇنىڭ بەدىي تەسەۋۋۇر، پانتازىيە ۋە مۇبالىغە بايلىقىدا.

تەسەۋۋۇرنىڭ ۋەزىپىسى — دىيالېكتىك ماتېرىيالىزىملىق دۇنياقاراشنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئىگىزدە تۇرۇپ، يىراقنى كۆرۈپ، تۇرمۇشنىڭ تەرەققىيات لوگىكىسىغا ئاساسەن، ئەمەلىي تۇرمۇشنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماي ھادىسىدىن ئۆتۈپ، ماھىيەتنى كۆرۈپ، كۈچلۈك ھېسسىيات ئارقىلىق يېڭى ئوبرازلارنى يارىتىشتىن ئىبارەت. گوركىي: ”تەسەۋۋۇر ئوبراز ياراتقۇچى ئەدەبىي تېخنىكىدىكى ئەڭ تۈپ نەرسىدۇر“ دەيدۇ. تەسەۋۋۇر ئەمەلىيەتتە كىشىلەر تەجرىبىسىنىڭ يەنە مەنىۋى جەھەتتىن ئىجادىي رەۋىشتە ئۇيۇشتۇرۇلۇشىدۇر. ئەگەر شائىر تۇرمۇشتىكى ۋەقە-ھادىسىلەرنى تەسەۋۋۇر كۈچى بىلەن تەشكىللەشتۈرمەي، ئوبرازلاشتۇرماي، ئۆز پېتىچە قەغەزگە كۆچۈرۈپ قويۇپ ”تۇرمۇشنى ئىپادىلىدىم“ دەپ ھېساپلىسا، ئۇنىڭدا ئاپتورنىڭ پىكرى، ھېسسىياتى تۇرمۇش بىلەن بىرىكتۈرۈلمىگەن بولسا، ئۇ شېئىر ئەمەسلا بىر نەرسە بولۇپ چىقىدۇ. مۇۋاپىق تەسەۋۋۇر شېئىرنى تېخىمۇ ھەقىقى، تېخىمۇ كۈچلۈك ۋە گۈزەل قىلىدۇ. نىم شېھىت ناھايىتى ئۇستۇن بەدىي تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىگە ئىگە تالانتلىق

شائىر، ئۇ مول تەسەۋۋۇرغا، فانتازىيىگە، مۇبالىغىگە ناھايىتى ئورۇنلۇق ھالدا مۇراجەت قىلىپ، ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ ئوبرازچانلىقىنى، ھېسسىياتچانلىقىنى ئاشۇرىدۇ ۋە كىشىنى چوڭقۇر ھاياجانغا سالىدۇ.

بۇ ھالنى شائىرنىڭ 1947-يىلى يازغان «قەۋرىدىن ئاۋاز» دېگەن شېئىرىدا ئوچۇق كۆرگىلى بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا شائىرنىڭ شېئىرلىرى ناھايىتى جۇشقۇن، ناھايىتى كۈچلۈك لىرىك ھېسسىياتقا ئىگە.

شائىرنىڭ شېئىرلىرىدىكى كۈچلۈك ئىنقىلابىي ھېسسىيات ئۇنىڭ تولۇپ-تاشقان جەڭگىۋار روھىدىن، سىياسىي قىزغىنلىقىدىن ئايرىلمايدۇ. شائىر پارتىيىمىزنى، سوتسىيالىزمنى، سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنى، خەلقىمىزنى قىزغىن سۆيەتتى. ئۇ ئۆزىگە خاس قايناق ھېسسىياتى بىلەن دەۋرىمىزنىڭ ھېسسىياتىنى، خەلقىمىزنىڭ ساداسىنى ئىپادىلىدى. شائىر خەلق ئاممىسىنىڭ ئوتتەك قىزغىن كۈرىشى ۋە تۇرمۇش ئىچىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئۇنىڭدىن چوڭقۇر تەسىرلەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى ھېسسىيات خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنقىلابىي ھېسسىياتىغا ۋەكىللىك قىلاتتى. شائىرنىڭ «يۈرەك سۆزى»، «ئالدىدا»، «ئۇسۇل»، «سېغىندىم» ناملىق شېئىرلىرىدا بۇ خۇسۇسىيەتنى ناھايىتى ئېنىق ھېس قىلىمىز.

لىرىك ھېسسىيات — شېئىرنىڭ جېنى، كۈچلۈك، جۇشقۇن ھېسسىياتقا ئىگە بولمىغان شېئىر خۇددى قاناتسىز قۇشتەك



كىشىلەر قەلبىدە پەرۋاز قىلالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن نىم شېھىت ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ لىرىكىسىغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ، ئۇنى يېڭى ئىجتىمائىي مەزمۇن ۋە غايە بىلەن بېيىتتى. ئۇ ئۆز لىرىكىسىدا ئۈمىتۋارلىق ۋە چىن ئىنسان پەزىلەتلىرىنى كۈيلىدى.

نىم شېھىت ئىجادىيىتىنىڭ بىزنى خوشال قىلىدىغان تەرەپلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ تىل سەنئىتىدۇر.

نىم شېھىت خەلق تىلىغا باي، ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ تىلىغا ئىشلەشتە ئېرىنمەيدىغان شائىردۇر. شائىرنىڭ ئەدەبىي تىلىدىكى خاراكتېرلىق خۇسۇسىيەت شۇكى، ئۇنىڭ تىلى ھېسسىياتلىق، ئوبرازلىق، گۈزەل بولۇپ، كىشىنىڭ زوقىنى قوزغايدۇ. شائىر بەدىي تىلنى جانلاندۇرىدىغان بەدىي ئىپادە قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدىغان ئوخشىتىش، سېلىشتۇرۇش، مۇبالىغە، مېتاپورا، مېتونومىيە قاتارلىق ئىستىلىستىك ۋاستىلەردىن كەڭ پايدىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىن ئۆز ئەسىرىنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى ئېچىشقا ياردەم بېرىدىغانلىرىنى تاللىۋېلىپ، ماھىرلىق بىلەن ئىشلىتىدۇ. بۇ ھال شائىرنىڭ شېئىرلىرىنى تەسىرلىك ۋە يېقىملىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

مەزمۇن جەھەتتىكى كەڭلىك، شېئىرىي پىكىر جەھەتتىكى ئۆزىگە خاسلىق، شەكىل جەھەتتىكى خىلمۇ-خىللىق ۋە رەڭدارلىق نىم شېھىتنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىدىكى يەنە بىر مۇھىم خۇسۇسىيەتتۇر.

نىم شېھىت ئىجادىيىتىنىڭ تېمىسى كەڭ، مەزمۇنى چوڭقۇر،

شېئىرىي پىكىرلىرى يېڭى بولۇپلا قالماي، بەدىي شەكىل جەھەتتىمۇ خىلمۇ-خىللىق ۋە رەڭدارلىققا ئىگە. شائىر بارماق ۋەزنىنىڭ ھەر خىل ۋەزنلىرىدە شېئىر يېزىپلا قالماي، ئارۇز ۋەزنىنىڭ ھەر خىل بەھرىلىرىدە مۇنەۋۋەر شېئىرلارنى يازدى. ئۇ ئۆز ئىجادىيىتىدە ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ ئەنئەنىلىك شەكىللىرىدىن بولغان غەزەل، مۇخەممەس قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپلا قالماي، مەسنىۋ (بېيىت) ۋە تەرجىبەند قاتارلىق شەكىللەرگىمۇ مۇراجەت قىلدى. مەشھۇر سەنئەتكار نىم شېھىتنىڭ ۋەتىنىمىزنى، خەلقىمىزنى، پارتىيىمىزنى يۈكسەك بەدىي پاراسەت بىلەن مەدھىيىلەيدىغان، ئۇلۇغلايدىغان ئەسەرلىرىمۇ بار (مەسىلەن: «ئالدىدا»). شۇنداقلا ئەكسىيەتچىلەرنى قاتتىق مەسخىرە قىلىپ ھەجۋى قامچىسى ئاستىغا ئالىدىغان ساتىرىك ئەسەرلىرىمۇ بار (مەسىلەن: «جاۋاۋىم»، «قېيىقچى بوۋاي پىلىڭ» قاتارلىقلار).

تالانتلىق شائىر نىم شېھىت ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ مەزمۇن ۋە بەدىي شەكىل جەھەتتە خىلمۇ-خىل ۋە رەڭدار بولۇشىغا ئەنە شۇنداق كۆڭۈل بولگەنلىكتىن، بىز ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان چېغىمىزدا تەبىي رەڭمۇ-رەڭ خۇش پۇراق گۈللەر ئېچىلغان ئەدەبىيات-سەنئەت گۈلزارىغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىمىز.

نىم شېھىت ئۇيغۇر كلاسسىك يازغۇچى شائىرلىرىنىڭ مەردپەتپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك قاراشلىرىغا ۋارىسلىق قىلدى ۋە



ئۇنى راۋاجلاندۇردى. ئۇ ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتىنىڭ ۋە ئازاتلىقتىن كېيىن شەكىللەنگەن سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتنىڭ تىماتىكىسىنى، غايىۋى مەزمۇنىنى، بەدىي ئۇسلۇبىنى، تىلىنى بېيىتتى ۋە ئۇنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كۆتۈرۈشتە چوڭ ئەمگەك سىڭدۇردى.

ياۋۇز ”4 كىشىلىك گۇرۇھ“نىڭ دەھشەتلىك زىيانكەشلىكى ئارقىسىدا شائىرىمىز نىم شېھىت بىزدىن ۋاقىتسىز ئايرىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مەڭگۈ ئۆلمەس قىممەتلىك ئەسەرلىرى بىزگە تەۋەرۈك بولۇپ قالدى، ئۇ ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار ئەسەرلىرى ئارقىلىق، مەملىكىتىمىزنى 4 تە زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدىكى ئۇلۇغۋار كۈرەشكە بىز بىلەن بىللە قاتنىشماقتا.

# بەدىي ئەدەبىياتتىكى ئىستىلىستىكىلىق ئىپادىلەش ۋاستىلىرى توغرىسىدا

**ئازات مىرقاسىم**

تىل — ئىنسانلارنىڭ پىكىر ئالماشتۇرۇش قورالى. ئوي-پىكىرنى توغرا، ئېنىق، جانلىق ۋە تەسىرلىك ئىپادىلەش ئۈچۈن لوگىكا، گىراماتىكا ۋە ئىستىلىستىكىنىڭ رولىنى توغرا چۈشىنىش، ئۇلارنى توغرا ئىشلىتىشنى بىلىش ئىنتايىن زۆرۈر. بەدىي ئەدەبىياتتا ئوبرازلىق تەپەككۇر ۋە بەدىي تەسۋىر ئىستىلىستىكىدىن مۇستەسنا ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. ئادەتتە بىز يازما ۋە ئېغىز نۇتۇقلىرىمىزدا ئىستىلىستىكىلىق ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئوي-پىكىرنى تولۇق، ئوبرازلىق بايان قىلىپ، كىتابخاننىڭ كۆز ئالدىدا ئابستراكت ئۇقۇملارنى ۋە شەيئىلەرنى ئېنىق ئەكس ئەتتۈرىمىز. شۇنداقلا ھەر خىل ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن بەدىي تىپنىڭ خاراكتېرىنى يارىتالايمىز.

لوگىكا، گىراماتىكا ۋە ئىستىلىستىكا ئۆز ئالدىغا ئايرىم-ئايرىم تەتقىق قىلىش دۇنياسىغا ئىگە پەن بولسىمۇ، لېكىن



بۇلار بىر بىرىگە زىچ ماسلاشقان ۋە كىرىشكەن ھالدا بىر پۈتۈن ئوبرازلىق تىلنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. شۇڭا بۇلارنىڭ ھەم پەرقىنى ھەم، ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىنى ئوبدان ئۆگىنىشكە توغرا كېلىدۇ. ئىستىلىستىكىلىق ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنى بەدىي ئەدەبىياتتا مۇۋاپىق قوللىنىش تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۇنۇمدارلىقىنى ئاشۇرۇپ، ئەسەردە ئىپادىلىمەكچى بولغان ياكى گەۋدىلەندۈرمەكچى بولغان ئىدىيىۋى مەزمۇننى تولۇق، ئەتراپلىق ھالدا ئېچىپ بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئىستىلىستىكىلىق ئىپادىلەش ۋاستىلىرى تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۇنۇمدارلىقىنى ئاشۇرىدىغان، تىلنى كونكرېت، جانلىق ۋە ئوبرازلىق قىلىپ بېرىدىغان ۋاستە.

بىز كۆپ چاغلاردا ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتى ياكى نۇتۇقلىرىمىزدا ئىستىلىستىكىلىق ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىن ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا پايدىلىنىمىز. ئىستىلىستىكىلىق ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىش سۆزنى پەدەزلەش ئۈچۈن ئەمەس. بىزنىڭ بۇ خىل ئىپادىلەش ۋاستىسىدىن پايدىلىنىشىمىز ئوبرازلىق تىل سەنئىتى ئارقىلىق ئوي-پىكىرنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ، ئىدىيىۋى مەزمۇننى ياخشى ئىپادىلەپ بېرىش، شۇنداقلا بەدىي ئەسەرلەرنىڭ قايىل قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، كىتابخاننى ئەتراپلىق، تولۇق چۈشەنچىگە ئىگە قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇڭلاشقا تىل ماھارىتىنى ئەسەردە ئىپادىلىمەكچى بولغان ئىدىيىۋى مەزمۇندىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.

ئىنسانلارنىڭ ئالاقىلىشىش قورالى بولغان تىل بەلگىلىك ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدىغان سوزلەردىن تەركىپ تاپقانلىقتىن، سوزلەرنى توغرا تاللاش ۋە توغرا پايدىلىنىشقا دىققەت قىلىش لازىم. بىزنىڭ ئەسەر ياكى نۇتۇقلىرىمىزدا ئىشلەتكەن سوزىمىز توغرا، مۇۋاپىق، ئورۇنلۇق، ئاممىباپ ۋە تىل ئىشلىتىش ئادىتىگە ئۇيغۇن بولۇشى كىرەك. ئەدىبىي ئەسەرلەردە ئىشلىتىلىدىغان بەدىي تىل ئىستىلىستىكىلىق ئىپادىلەش ۋاستىلىرىغا ئەڭ باي تىل بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. شۇڭلاشقا ھەرقانداق بەدىي ئەدىبىيات ھەۋەسكارى ۋە ئاپتورى ئىستىلىستىكىنىڭ سوز ۋە جۇملىدە تۇتقان ئورنىنى، ئۇنىڭ ئەدىبىيات-سەنئەت ژانىرلىرىدىكى ئوزىگە خاس ئالاھىدىلىگى بويىچە، ئوزىنىڭ تۇتقان ئورنىغا قاراپ ئوينايدىغان رولىنى ئېنىق چۈشىنىشى، تىلنىڭ بەدىيلىگىنى، جانلىقلىغىنى ۋە ئوبرازلىقلىغىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىستىلىستىكىلىق ئىپادىلەش ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىش ماھارىتىنى تىرىشىپ ئوستۇرۇشى لازىم.

ئىستىلىستىكىلىق ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنى بەدىي ئەدىبىياتتا قوللىنىشنىڭ ئەھمىيىتى ئىنتايىن زور بولۇپ، ئۇ ئىشلەتكەن تىلنىڭ جانلىق، ئوبرازلىق ۋە كونكىرىت بولۇشىدا چوڭ رول ئوينايدۇ. تىل كونكىرىت ۋە ئوبرازلىق بولغاندىلا، ئۇنىڭ ئىپادىلەش ئۇنۇمى كۈچىيىدۇ. ئوخشاش بولمىغان ژانىرلاردا ئىستىلىستىكىلىق ئىپادە قىلىش ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىش ئوخشاش بولمايدۇ. بەزى ئەدىبىي ئەسەرلەردە بۇنداق ئىپادىلەش ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىش كوپرەك بولىدۇ، بولۇپمۇ رومان، پوۋىست، دىراما، ھىكايە، سەنۋىن، شىئىر ۋە مۇھاكىمە، مۇلاھىزە خاراكتىرىدىكى ماقالىلاردا كوپ قوللىنىلىدۇ. ئىستىلىستىكىلىق ئىپادىلەش ۋاستىلىرى قوللىنىلمىغان ئەسەرلەر ئادەتتە كوپ ئۇچرىمايدۇ.



بىز بۇنداق ئەدىبىي ۋاستىلەردىن پايدىلانغاندا، ئۇنىڭ سەلبىي ھەم ئىجابىي تەرىپىگە، بولۇپمۇ ئىدىيىۋىلىگىگە ئالاھىدە كوڭۈل بولۇشىمىز، سىياسىي ئولچەم بىلەن بەدىي ئولچەمنى بىرلەشتۇرۇش پىرىنسىپىغا دىققەت قىلىشىمىز لازىم.

بىز توۋەندە كوپرەك قوللىنىلىدىغان ئىستىلىستىكىلىق ئىپادىلەش ۋاستىلىرىدىن بىرقانچىسى بىلەن تونۇشۇپ ئوتەيلى:

## ئوخشىتىش

ئوخشىتىش دىگەن نىمە؟ بىرقەدەر پىششىق تونۇشلۇق بولغان شەيئىلەر ئارقىلىق ئانچە تونۇشلۇق بولمىغان ياكى ئاسانلا ئېنىق ھىس قىلغىلى بولمايدىغان شەيئىلەرنى روشەن گەۋدىلەندۇرۇشكە بولىدۇ. بىر بىرىگە ئوخشىمايدىغان لىكىن مەلۇم جەھەتتىن ئاز-تولا ئوخشاشلىغى بولغان ئىككى شەيئىنىڭ بىرسى ئارقىلىق يەنە بىرسىنى گەۋدىلەندۇرىدىغان سوز ئۇسلۇبى ئوخشىتىش دىيىلىدۇ.

ئوخشىتىش نەرسە ياكى ھادىسىنى كىتاپخانلارغا ياكى ئاڭلىغۇ-

چىلارغا ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، ئۇ كىتاپخانىلاردا شۇ نەرسە ياكى ھادىسە توغرىسىدا ھىس-تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ. ئوخشىتىش ناھايىتى كەڭ قوللىنىلىدىغان بىر خىل ئىستىلىستىكىلىق ئىپادىلەش ئۇسۇلى بولۇپ، مۇرەككەپ داۋلىلارنى كونكرېتلاشتۇرۇشتا، پېرسوناژلارنى سۈرەتلەشتە، مەنزىرىلەرنى تەسۋىرلەشتە ناھايىتى چوڭ رول ئوينايدۇ.

مەسىلەن:

تېكوردى ماڭا ئەلگى ئەللىك ياشىم،
كوگگۇ قىلدى قوزغۇن تۈسى تەگ باشىم.

(ئەللىك ياش ماڭا قولىنى سوزدى. قوزغۇندەك قارا چاچلىرىم ئاسمان رەڭگىگە كىرىپ ئاقاردى.)

(يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىگ»دىن)

"......خۇددى تۆمۈر زەررىچىلىرى بىر پارچە ماگنىتنى ئوراپ ئالغاندەك ئەتراپىكى ھەممە كىشى پاۋلىنى ئوراپ ئالدى".

(ماكسىم گوركى: «ئانا»دىن)

ئوخشىتىشلاردا ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچى ئوتتۇرىسىدا مەلۇم دەرىجىدە ئوخشاشلىق بولىدۇ. ئەگەر ئىككى شەيئى ئوتتۇرىسىدا ئىچكى باغلىنىش ۋە ئوخشاشلىق بولمايدىكەن،



ئۇلارنى تەڭلەشتۈرۈشكە، ئۆز ئارا ئوخشىتىشقىمۇ بولمايدۇ.

ئوخشىتىشلار روشەن سىنىپىيلىققا ئىگە بولۇپ، ئۇنى ئىشلەتكەندە مۇۋاپىق ھالدا تاللاش بىلەن بىرگە قانداق مەزمۇننى گەۋدىلەندۈرىدىغانلىقىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشىمىز كېرەك. يەنى بىز سەلبى شەيئىلەرنى گەۋدىلەندۈرمەكچى بولساق سەلبى شەيئىلەر ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشىمىز لازىم، ئەگەر گەۋدىلەندۈرۈلىدىغان شەيئى ئىجابى بولسا، ئۇنى ئىجابى شەيئىلەر ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرىمىز. مەسىلەن:

يولەينىڭ يالىڭاچ تېنى قۇمچاقتەك سىلىق ئىدى. (ئىجابى ئوبراز)

كاڭنىڭ گىرۋىكىدە ئولتۇرغان ياپون ئوپىتسېرىنىڭ كۆزى ھىلىلا ئۆلۈكنى يەپ كەلگەن ئىشتىنىڭ كۆزىدەك قىزىرىپ كەتكەن ئىدى. (سەلبى ئوبراز)

ئوخشىتىشلار يوشۇرۇن ئوخشىتىش، ئېنىق ئوخشىتىش ۋە ۋەكىللىك ئوخشىتىش دەپ 3 خىلغا بۆلۈنىدۇ.

## (1) ئېنىق ئوخشىتىش

"دەك"، "تەك" قوشۇمچىلىرى ۋە "گويا"، "ئوخشاش"، "خۇددى" قاتارلىق سۆزلەر ئارقىلىق ئىككى شەيئى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت چۈشەندۈرۈلىدۇ. مەسىلەن:

"مەن خۇددى قارىغايدەك قار-شىۋىرغانلاردىن قورقماي،

دائىم بىرخىل تۇرىمەن. مەن خۇددى تالغا ئوخشاش قەيەرگە سانچىپ قويسا شۇ يەردە كۆكلەپ چىقىمەن.“

(«لېي فېڭ خاتىرىلىرى»دىن.)

## (2) يوشۇرۇن ئوخشىتىش

ئېنىق ئوخشىتىشلاردا ئوخشاشلىق باغلىنىشى بولسا، يوشۇرۇن ئوخشىتىشلاردا ماسلىشىش باغلىنىشى بولىدۇ. يوشۇرۇن ئوخشىتىش ئېنىق ئوخشىتىشقا قارىغاندا بىر بالداق يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچىنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشى زىچ ۋە يوشۇرۇن ھالدا بولىدۇ. ئەمما كىتابخان ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچىنىڭ بارلىقىنى ئېنىق ھېس قىلىدۇ. مەسىلەن:

شىۋجېڭجۇيى خەلقىنى زەھەرلەيدىغان ئەپيۇن، قۇللارنى بەزلەيدىغان چۈشكۈن نەغمىدۇر.

## (3) ۋەكىللىك ئوخشىتىش

ۋەكىللىك ئوخشىتىش ئىلگىرى مېتافورا ياكى ئىستىئارە دەپمۇ قوللىنىلىپ كەلگەن. ۋەكىللىك ئوخشىتىش يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكەن ئېنىق ئوخشىتىش ۋە يوشۇرۇن ئوخشىتىشلارغا قارىغاندا، يەنىمۇ بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن ئوخشىتىش



بولۇپ، بۇنىڭدا ئوخشالغۇچى شەيئى كۆرۈنمەي، ئوخشىغۇچى شەيئى ئوخشالغۇچى شەيئىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ خىل ئوخشىتىش ئالدىنقى ئىككى ئوخشىتىشقا قارىغاندا يەنە بىرقەدەم چوڭقۇرلاشقان ئوخشىتىش بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. مەسىلەن:

يوللۇغۇم بولسۇن ساڭا،
قويىنىڭغا سالغىن ئالمىنى.
ھەر سېغىنغاندا پۇراپ،
يادىڭغا ئال يارىم مېنى.
(تېيىپجان ئېلىيوپ)

ئوخشىتىشلاردا ئوخشىغۇچى شەيئى بىلەن ئوخشالغۇچى شەيئى ئوتتۇرىسىدا مەلۇم دەرىجىدە ئورتاقلىق بولۇشى كېرەك. بۇلار (ئوخشىغۇچى شەيئى بىلەن ئوخشالغۇچى شەيئى) پۈتۈنلەي بىر بىرىگە ئوخشاش بولۇپ قالسا بولمايدۇ. مەسىلەن:

ئىرادىلىك ئادەم قارىغايغا ئوخشايدۇ،
دېسەك، بۇ ئوخشىتىش مۇۋاپىق بولىدۇ.

ئاۋۇ ئادەم ماۋۇ ئادەمگە ئوخشايدۇ،
دېسەك، بۇ ئوخشىتىش بولمايدۇ.

ئادەتتە، ئوخشىتىشلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشىمىز ئۈچۈن

تووەندىكىدەك بىرقانچە نۇقتىلارغا دىققەت قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

1) ئوخشىتىشلاردا ئابستىراكىت چۈشەنچە ياكى شەيئىلەر كونكرېت نەرسىلەرگە ئوخشىتىلىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، ئابستىراكىت نەرسىلەر روشەنلىشىدۇ.

2) ئاددى، ئاسان چۈشەنگىلى بولىدىغان، ئادەملەرگە كوپ چېلىقىپ تۇرىدىغان يېقىندىكى نەرسىلەر بىلەن چوڭقۇر، سىرلىق نەرسىلەرنى چۈشەندۇرۇش كېرەك.

3) ئوخشىتىشلار ئوبرازلىق بولۇشى، ئابستىراكىت شەيئىلەر ئوبراز ئارقىلىق كونكرېتلاشتۇرۇلۇشى، چۈشىنىش قىيىن بولغان داۋلىلارنى ئېنىقلاش رولىنى ئوينىيالايدىغان بولۇشى كېرەك.

4) بىر خىل شەيئىنى ئىجابى ۋە سەلبى جەھەتلەردىن ئوخشىتىش ئارقىلىق بىر بىرىگە سېلىشتۇرۇپ كورسىتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئوخشىتىشنىڭ دەلىللىگىنى، قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە بولۇشنى كاپالەتلەندۇرۇشكە ماھىر بولۇش كېرەك.

ئوخشىتىشلار ئاپتورنىڭ مەيدانى، نۇقتىنەزىرى ۋە ئىدىيىۋى ھىسسىياتىنى توغرا، جانلىق ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك.

## سىمۋول

سىمۋول كونكرېت شەيئى ئارقىلىق مەلۇم بىر ئابستىراكىت



چۈشەنچىنى ياكى ئىدىيىۋى ھىسسىياتىنى ئىپادىلەشكە ياردەم بېرىدىغان ئىستىلىستىكىلىق ئىپادە قىلىش ئۇسۇللىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ ئوي-پىكىرنىڭ چۈشىنىشلىك، جانلىق، ئوبرازلىق بولۇشىغا ياردەم بېرىدۇ.

سىمۋولدا ئىپادە قىلىنىدىغان (گەۋدىلەندۇرۇلىدىغان) ئادەم ياكى شەيئىلەرنىڭ نامى توغرىدىن-توغرا، بىۋاستە ئاتالماي، بەلكى شۇ ئادەم ياكى شەيئى بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بولغان باشقا نەرسە ياكى شەيئىنىڭ ئىسمى ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىدۇ. مەسىلەن: گوركىنىڭ «بوران قۇش» دىگەن ئەسىرىدە بوراننىڭ يېقىنلىشىشى ۋە ئۇنىڭ تەنتەنىسى كوتىرىلىش ئالدىدا تۇرغان روسىيە پرولېتارىيات ئىنقىلاۋىنىڭ سىمۋولى قىلىنغان، ”بېلىق ئالغۇچىلار“ ئىنقىلاپنىڭ بوران-چاپقۇنىدىن قورقۇپ، يۈرىگى يېرىلىپ كەتكۈدەك ھالغا چۈشۈپ قالغان روسىيە بۇرژۇئا قوغدىغۇچىلىرىنىڭ سىمۋولى قىلىنغان.

دىمەك، شەيئىلەرنىڭ توغرىدىن-توغرا ئوز نامى بىلەن ئاتالماستىن ياكى تەسۋىرلەنمەستىن، كوچمە مەنىدە ئېيتىلىشى ياكى تەسۋىرلىنىشى سىمۋول دەپ ئاتىلىدۇ.

سىمۋوللاشتۇرۇش ئۇسۇلىدا سىمۋول قىلىنغان شەيئى بىۋاستە كورۇنمەيدۇ. بۇنى كىتاپخانلار ئويلاپ تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ھىس قىلالايدۇ. چۈنكى سىمۋول شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ماھىيەتلىك ئوخشاشلىقىقا ئاساسلىنىدۇ. مەسىلەن:

..............................................

شـددەت بىلەن باشـلانغانـدا بوران شۇ كۈن،
ھەتتا قومۇرۇپ، يۇلۇپ تاشلار دەل ـ دەرەخنى،
چىركوۋلارنىڭ مۇنارىنى بىت ـ چىت قىلىپ،
پاچاقلارھەم سەلتەنەتلىك تاجۇ ـ تەخـتىنى!
(گىنرىخ گېيىنى: «كۈتۈپ تۇرۇڭلار»دىن)

سىمۋولـلارنىڭ تەركىۋىگە كىرگۈچى (قاتـناشقۇچى) شەيئە ـ لەرنىڭ ئۆزئارا موناسـۋەتى خىلمۇ ـ خىل بولىدۇ. سىمۋوللۇق ۋاستىلەردە بىر بىرـگە ئالماشقان قارىمۇ ـ قارشى مۇناسىۋەتلەرمۇ ئۇچرايدۇ. يەنى بۇ قىسمەنلىك بىلەن ئومۇمىلىقنىڭ، ئالاھىدە نەرسە بىلەن ئابسـتـراكىت نەرسـلەرنىڭ ئۆزئارا ئىچـكى مۇناسىۋەتلىرىدە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىل مۇناسىۋەتتىكى شەيئىلەر ئومۇمەن بىر بىرىگە ۋەكىللىك قىلدۇرۇلىدۇ.

سىمۋول تووۋەنـدىكىدەك شەكىللەردە كوپرەك ئۇچرايدۇ:

1) تاللىۋېـلىنغان ئوخشـتىش ماتىرىيالى ئەسـلى شەيئىنىڭ ئۆزىـگە ۋەكىلـلىك قىلـدۇ. مەسـلەن:

”ھەر بىر ئىشىكـتىن بىردىن پۇقرا چىـقىپ، خوشياقـمىغان ھالدا، ئوڭۇپ ئالا ـ بۇلا بولۇپ كەتكەن بىر پارچە كونا لاتىنى ئېسىپ قويدى.“

(لۇشۇن: «چۇقان» توپلىمىدىن)

بۇ جايدا ئاپتور ئوڭۇپ ئالا ـ بۇلا بولۇپ كەتكەن بىر پارچە



كونا لاتىنى بايراققا ۋەكىللىك قىلـدۇرىدۇ.

2) قىسمەنلىك ئومۇمىلىققا ۋەكىللىك قىلدۇرۇلىدۇ. مەسلەن:

نەچچە مىڭ كوز بىزگە تىكىلمەكتە.

3) كونكرىت نەرسە ئابستىراكىت ئۇقۇمـغا ياكى ئابسـتىـ راكىت چۈشەنچىگە ۋەكىللىك قىلدۇرۇلىدۇ. مەسلەن:

نە ئۈچۈن بىلەمسەن خوراز ھەر سەھەر،
تۇرۇپ ماتەمسىمان ئاھ ـ نالە قىلار.
ئۇ بىزگە دەيدۇكى تاڭ ئەينىكىدە،
ئومرۇڭـدىن تۈن ئوتـتى، ئوزەڭ بىخەۋەر.
(ئومەر ھەيـيام شېئىرلىرىدىن)

4) ئەسـلى شەيئـىنىڭ بىرەر بەلـگىسى ياكى ئالاھىدىلىگى شۇ شەيئىگە ۋەكىللىك قىلدۇرۇلىدۇ. مەسلەن:

”......سېركول ناھايىتى ئەنسىزلىنىپ تۇراتتى.“

(لۇشۇن: «يۇرتۇم»دىن)

بۇ جايدا ”سېركول“ ياڭ ئەرساۋغا ۋەكىللىك قىلدۇرۇلغان.

نەسرى ياكى نەزمى ئەسەرلەردە سىمـۋولـلۇق ئىپادىـلەش ئۇسۇلـلىرىدىن پايدىلىنىپ، كىتاپخانـلارنىڭ تەسەۋۋۇرىنى قوز ـ غاشقا، يازغۇچىنىڭ ئىپادىلىمەكچى بولغان (گەۋدىلەندۇرمەكچى بولغان) شەيئىگە نىسبەتەن قوزغالغان ھىسسىياتىنى روشەن گەۋدى ـ

لەندۇرۇشكە بولىدۇ. سىمۋولدا ئىپادىلىنىدىغان ئادەم ياكى شەيئىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك تىپىك خۇسۇسىيىتى چىڭ تۇتۇلۇشى لازىم.

## مۇبالىغە

ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ تەسىر قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، كىتابخانلارنىڭ ئويلىنىشى، تەسەۋۋۇر قىلىشىغا ئىلھام بېرىش مەقسىتىدە شەيئىلەرنى ئۆزىنىڭ تەبىي مەرتىۋىسىدىن كۆپ دەرىجىدە ئاشۇرۇپ ياكى چوكۇرۇپ (كىچىكلىتىپ) يېزىشقا توغرا كېلىدۇ. ئىپادىلىمەكچى بولغان مەزمۇننى تېخىمۇ كۈچلۈك، تېخىمۇ تەسىرلىك قىلىش ئۈچۈن قوللىنىدىغان بۇ خىل ئىستىلىستىكىلىق ئىپادىلەش ئۇسۇلى مۇبالىغە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

”......قاتتىق كېسەل ۋە قايغۇ-ھەسرەت ئۇنىڭ رەڭگى-روينى ساماندەك سارغايتىپ، شۇنچىلىك جۇدەتتىۋەتتىكى، شۈمەكتەكلا بولۇپ قالدى.“

مۇبالىغە ئادەتتە خەلق قوشاقلىرى، شېئىرلار، ماقال، تەمسىل ۋە باشقا ئەدەبىي ژانىرلاردىمۇ كۆپ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

ئىگىزنىڭ ئاچچىغى كەلگىچە، پاكارنىڭ جېنى چىقىپتۇ.
تۆگىنى شامال ئۇچۇرسا، ئۆچكىنى ئاسماندا كۆر.
(ماقال-تەمسىل)



يارىسىز ئۆتكەن ئۆمۈرنىڭ
مىڭ يىلى بىر كۈنچە يوق.
ئىشىق ئوتىنىڭ ئالدىدا،
دوزاق ئوتى ئۇچقۇنچە يوق.
(قوشاق)

مۇبالىغە تىلنىڭ جانلىقلىقىنى ۋە ئوبرازلىقلىقىنى ئاشۇرىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئىنقىلاۋىي رومانتىزىملىق روھنى ئىپادىلەشكە ياردەم بېرىدۇ.

مۇبالىغىدە شەيئىلەر ئەقىلغە مۇۋاپىق ھالدا كۆپتۈرۈلۈشى ياكى بولمىسا كىچىكلىتىلىشى كېرەك.

مۇبالىغىلەشتۈرۈشتە گەرچە سۆزنى ئەمەلىيەتتىن ئاشۇرۇپ ئىپادىلەشكە يول قويۇلسىمۇ، بىراق ھېچقانداق ئاساسسىز، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان، شەيئىلەرنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىنكاس قىلالمايدىغان ھالدا مۇبالىغىلەشتۈرۈشكە يول قويۇلمايدۇ.

نېمىنى مۇبالىغە قىلىش، قانداق مۇبالىغە قىلىش-ئويلىنىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە. مۇبالىغە قىلىشنى ئەدەبىي ئەسەرلەردە كۆپرەك ئىشلىتىش، تەبىي پەن، ئىلمىي مۇھاكىمە خاراكتېرىدىكى ماقالا-ئەسەرلەردە ئازراق ئىشلىتىش ياكى ئىشلەتمەسلىك كېرەك.

# سىپلىشتۇرۇش

ئەدەبىي ئەسەرلىرىمىزدە ياكى نۇتۇقلىرىمىزدا بىر بىرىگە قارىمۇ-قارشى بولغان ئىككى ئۇقۇمنى ياكى بىر بىرىگە زىت بولغان ئىككى شەيئىنى بىرلا ۋاقىتتا، بىر ئورۇندا بايان قىلىش ياكى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، ئۇلارنى ئۆز ئارا بىر بىرى بىلەن سىپلىشتۇرۇپ، توغرىنى تېخىمۇ توغرا، خاتانى تېخىمۇ خاتا قىلىپ، كىتابخانلارنىڭ ياكى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ شۇ شەيئى ياكى ئۇقۇمغا بولغان چۈشەنچىسىنى روشەنلەشتۇرىمىز. مانا شۇنداق ئوخشاش بولمىغان ئىككى شەيئىنى بىر بىرىگە سىپلىشتۇرۇش نەتىجىسىدە ئۆز مەقسىدىمىزنى روشەنلەشتۇرۇشكە ياردەم بېرىدىغان ۋاسىتىنى سىپلىشتۇرۇش دەپ ئاتايمىز.

ماقالا ياكى نۇتۇقلاردا سىپلىشتۇرۇش ئۇسۇلىدىن جانلىق پايدىلىنىلسا، ئۇ ئەسەرنىڭ ئىپادىلەش ئۇنۇمىنى ئاشۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ زىددىيەتلىك ئىككى تەرەپ ئۇستىدە چوڭقۇر ئويلىنىشىغا ۋە ئېنىق چۈشەنچە ھاسىل قىلىشىغا ياردەم بولىدۇ. سىپلىشتۇرۇشلاردا قارىمۇ-قارشى ئىككى تەرەپ ئېنىق گەۋدىلەندۇرۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كىتابخاندا ياكى ئاڭلىغۇچىلاردا چوڭقۇر ھەم ئېنىق تەسىرات پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن:

.... غەم يېمەس تېۋلىن ۋە تىت-تىت بولۇپ تۇرغان ئىككى باللىق ئايال — بۇلار گويا جەڭ قىلغۇچى ئىككى تەرەپ ئىدى.



(كرولېنكو: «دەريا ئوينايدۇ»دىن)

بۇ مىسالدا ئوخشاش بولمىغان قارىمۇ-قارشى ئىككى خىل ھالەت كورسىتىلىپ، ئىككى خىل ئاقىۋەت كىشىلەرنىڭ پىكىر قىلىشىغا ھاۋالە قىلىنغان.

سىپلىشتۇرۇشلار بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ھەر خىل ژانىرلىرىدا بولۇپمۇ كوپ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

..................................

چۈشىدۇ يوچۇقتىن قىرو ئۇچقىنى،
تائەبەت بەخشەندە بىزگە بۇ ئازاپ.
بايلاردا تاڭغىچە سەيلە قورۇلۇپ،
نەغمە ۋە رومكىلار تۇرار جاراڭلاپ.

ئاخىرى ھېرىشىپ ياتىدۇ يەردە،
بايلارنىڭ پۇتىدا دەسسىلىپ، ئۆلۈپ.
ئېيتقىنا بۇلار كىم؟ قانداقچە ئادەم؟
چىدامدۇ چىن يۈرەك بۇ ئىشنى كۆرۈپ.

(«تاڭ دەۋرى شېئىرلىرى»دىن)

سىپلىشتۇرۇش ۋاسىتىسىدىن پايدىلانغاندا، سىپلىشتۇرۇشنى توغرا، مۇۋاپىق ئىشلىتىش ئۈچۈن، ئاپتورنىڭ مەيدانى توغرا، كوزقارىشى ئېنىق بولۇشى، ئىپادىلەپ بەرمەكچى بولغان شەيئىنىڭ قارىمۇ-قارشىلىق ماھىيىتىنى چوڭقۇر تونۇشى ۋە تەھلىل

قىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. سېلىشتۇرۇلىدىغان شەيئى ماھىيەت جەھەتتىن پۈتۈنلەي بىر بىرىگە زىت بولۇشى زۆرۈر. سېلىشتۇرۇش تەكىتلەش، كۈچەيتىش رولىنى، ئوينايدۇ. شۇڭا ئۇ كىتابخانلارغا نىمىنىڭ ياخشى، نىمىنىڭ يامانلىقىنى، نىمىگە مۇھەببەت قويۇپ، نىمىدىن نەپرەتلىنىش كېرەكلىكىنى روشەن كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان بولۇشى لازىم.

## جانلاندۇرۇش

ئەدىبىي ئەسەرلەردە كىتابخانلارنىڭ ئېنىق ۋە جانلىق تەسىرچانلىقىنى قوزغاش ئۈچۈن، بەزىدە جانلىق ياكى جانسىز نەرسىلەرنى ئوي-پىكىر ۋە ھېسسىياتقا ئىگە بولغان ئادەمگە ئوخشىتىپ تەسۋىرلەيمىز، ياكى بولمىسا جانلىق نەرسىلەرنى جانسىز نەرسە قىلىپمۇ تەسۋىرلەيمىز. مانا شۇنداق بىرەر نەرسە ياكى ئىشنىڭ خاراكتىر خۇسۇسىيەتلىرىنى ئادەملەرگە ئوخشىتىش ياكى ئادەملەرنى جانسىز نەرسىلەر ئورنىدا گەۋدىلەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئىستىلىستىكىلىق ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى جانلاندۇرۇش دەپ ئاتىلىدۇ.

جانلاندۇرۇش مۇۋاپىق قوللىنىلسا، ئەسەرنىڭ بەدىي تەسىرى ئاشىدۇ. كىتابخانلاردا جانلىق، روشەن تەسىرات پەيدا قىلىپ، ئۇلارنىڭ پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى بىلەن تونۇشۇشىغا يېقىندىن ياردەم بېرىدۇ. جانلاندۇرۇش ئۇسۇلى شېرىيەتتە، بالىلار ئەدەبىياتىدا، فولكلور، مەسەل،



سەنۋېنلاردا كۆپرەك ئۇچرايدۇ.

جانلاندۇرۇش ئىككى خىل بولىدۇ: بىرى، جانسىز نەرسىلەرنى (شەيئىلەرنى) ئادەملەشتۈرۈش؛ يەنە بىرى، جانلىق نەرسىلەرنى (ئادەم) جانسىزلاشتۇرۇش (نەرسىلەشتۈرۈش)

جانسىز نەرسىلەرنى ئادەملەشتۈرۈش:

ئەسەرلەردە مەۋجۇت شەيئىلەرگە (جانسىز نەرسىلەرگە) ئادەملەردىكى ئىدىيە، ھېسسىيات، تۇيغۇ ۋە ھەركەتلەرنى چېتىپ، ئۇنىڭغا جانلىق نەرسىلەرگە خاس بولغان پائالىيەتلەرنى قىلدۇرۇش — ئادەملەشتۈرۈش دېيىلىدۇ (جانسىز نەرسىلەرنى ئادەمگە ئوخشىتىش دېيىلىدۇ). ئادەملەشتۈرۈش بەزى ھاللاردا ئابستراكت ئۇقۇملاردىمۇ قوللىنىلىدۇ. ئادەملەشتۈرۈشتە قوللىنىلغان سۆزلەر ئادەملەرنىڭ روھىي ھالىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە ئۇيغۇن بولۇشى ۋە شەيئىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماسلاشقان، مۇۋاپىقلاشقان ھالدا بولۇشى زۆرۈر. بەدىي ئەسەرلەردە جانلاندۇرۇش. سىمۋول، ئوخشىتىش قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

تويى ۋە تەنتەنە،
پۈتۈن ئۆلكەمدە.
مەيدانلار تامام،
پۈركەنگەن گۈلگە.

پېشىل دەرەخلەر،
چاۋاكلار چېلىپ،
كۆلگەن تەبىەت،
ئىلھام كوكۆلگە.
(ئەلقەم ئەختەم: «داھىغا تەشەككۈر»دىن)

ماياكوۋسكىي ئۇلۇغ ئۇستاز لېنىننىڭ ۋاپاتىغا ماتەم تۇتۇۋاتقان كەڭ ئەمگەكچىلەرنىڭ قايغۇسىنى تەسۋىرلەپ:

بۇ يەردە،
لېنىننى تىڭشىغان
ھەر بىر مۇنارە،
ھەرگىز
لېنىننى
يوق دىمەس ئىدى،

دەپ يازىدۇ.
بۇ جانلاندۇرۇش بىلەن شائىر ئۇلۇغ داھى لېنىنغا بولغان خەلق مۇھەببىتىنى كۈچلۈك ھىسسىيات ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ.

ئادەملەشتۈرۈش كوپرەك لىرىكىلىق ئەسەرلەر، مەنزىرە تەسۋىرلىرى ۋە كۈچلۈك ھىس-تۇيغۇنى ئىپادىلەشتە قوللىنىلىدۇ. ئادەملەشتۈرۈشنىڭ ئەڭ كوپ ئۇچرايدىغان ئەدەبىي ژانىرلىرى باللار ئەدەبىياتى بولۇپ، ئۇ ياش ئوسمۇرلەرگە



تەبىەت دۇنياسى بىلەن تونۇشۇش، كوممۇنىستىك ئەخلاق-ئىستىلىنى يېتىلدۈرۈش توغرىسىدا ۋە دۈشمەنلەرگە قارشى كۈرەش قىلىش توغرىسىدا مول بىلىم بېرىدۇ ھەم تەربىيە بېرىدۇ. مەسىلەن، كىنو سىنارىيىلىرىدە، باللار ئۈچۈن يېزىلغان بەزى ھىكايىلەردە ھايۋانلار بىر بىرى بىلەن سوزلەشتۈرۈلىدۇ. دولەتنىڭ مال-مۈلكىنى ئاسراش تەربىيىسى بېرىشنى مەقسەت قىلىدىغان پارتا-ئورۇندۇقلار سوھبىتى، دەل-دەرەخلەر سوھبىتى قاتارلىق مەخسۇس تېمىلاردىكى ھىكايە، شېئىرلار بۇنىڭغا ياخشى مىسال بولالايدۇ.

نەرسىلەشتۈرۈش:

بۇ جانلىق نەرسىنى يەنى ئادەمنى نەرسە قىلىپ يېزىش دىمەكتۇر. مەسىلەن:

دەرۋازا ئالدىدىكى بىر تۈپ ئۈژمە دەرىخى ھازىر ھېچكىمگە كېرىگى بولماي قالغان قېرى جىسەكچىدەك ئېگىلىپ تۇراتتى.
(ئانتى دىيوما: «مونتى كىرىستو بەگزادىسى»)

## سۈپەتلەش (ئېپىتېت)

ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنى تەسەۋۋۇر قىلدۇرۇش، ئاڭلاش ھەم سەزدۈرۈش ئارقىلىق، شۇ ۋەقە، ھادىسىلەرنى كىتاپخانلارغا ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىشكە ياردەم بېرىدىغان ئەدەبىي ئېنىقلىغۇچىلار سۈپەتلەش دەپ ئاتىلىدۇ. سۈپەتلەش تەسۋىر-

لىنىۋاتقان نەرسىنىڭ جانلىق ئوبرازىنى يارىتىپ، مەۋھۇم
ئۇقۇمنى كونكرېت نەرسىنىڭ قىياپىتىگە يوتكەپ، كىتابخاندا
كۈچلۈك ھاياجانلىنىش، تەسىرلىنىش ھىسسىنى قوزغايدۇ.
سۈپەتلەشتە بايان قىلىنىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئوبرازى
تەسۋىر ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈلۈپ كورسىتىلگەچكە، ئۇ لىرىكا
شېئىرلاردا كوپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

تۇۋلىدۇق مۇبارەك كۈينى قانغىچە،
كۈتكەنتۇق شۇ كۈننى قانچە تۈن-كېچە.
ئاۋازلار دولقۇنى يۇيار ئاسماننى،
تىيانشان كۈيى بار شۇ ئۈن ئىچىدە.
(ئارسلان)

خەلق قوشاقلىرىدا بولسا، "ئىشىق"، "كوڭۈل"، "پەلەك"،
"زۇلۇم"غا ئوخشاش مەۋھۇم چۈشەنچىلەر "ئىشىق ئوتى"،
"كوڭۈل رىشتى"، "پەلەك چاقى"، "زۇلۇم ئوتى"......غا
ئوخشاش ئېپىتلىق تۈزۈلۈشلەر بىلەن ئوبرازلىق خاراكتېرغا
ئايلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئايرىلىپ كېتەي دىسەم،
ئۈزۈلمەيدۇ كوڭۈل رىشتى.
..........................



ئىشىق ئوتىنىڭ ئالدىدا،
دوزاق ئوتى ئۇچقۇنچە يوق.

سۈپەتلەشلەر سۈپەت، رەۋىش، رەۋىشداش سوزلەر ئارقىلىق
تۈزۈلىدۇ.

## نەقىل كەلتۈرۈش

نەقىل كەلتۈرۈش نەسرى ۋە نەزمى ئەسەرلەردە، نۇتۇقلاردا
ناھايىتى كوپ قوللىنىلىدىغان ئىستىلىستىكىلىق ئىپادىلەش ئۇسۇل-
لىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ ماقالا، ئەسەرلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى
ۋە قايىل قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ئەسەرنىڭ مەزمۇنلۇق
بولۇشى، تىلىنىڭ جانلىق ھەم چۈشىنىشلىك بولۇشىغا ياردەم
بېرىدۇ.
بىز دائىم ئوبزور ياكى ماقالا-ئەسەرلەرنى يازغاندا، ئىنقىلاۋىي
داھىلارنىڭ ۋە مەشھۇر ئادەملەرنىڭ سوز ئۈزۈندىلىرىنى
نەقىل كەلتۈرۈپ، شەيئىلەرنى تەھلىل قىلىشنىڭ يېتەكچى
ئىدىيىسى قىلىمىز. قەھرىمانلارنىڭ، ئۈلگىلىك ئىلغار شەخسلەر-
نىڭ مەردانە سوزلىرىنى، كىشىلەرنى ئىلھاملاندۇرۇپ ئالغا
ئىلگىرىلەشكە تۈرتكە بولىدىغان ماقال-تەمسىللەرنى نەقىل
كەلتۈرۈپ، ئوز كوزقاراشلىرىمىزنى شەرھىلەيمىز. بەزىدە
قارشى تەرەپنىڭ سوزىدىن نەقىل ئېلىپ، ئۇنىڭغا رەددىيە

بىرىمىز. ئەدىبىي ئەسەرلەر ۋە سىياسى-نەزىرىيۋى ماقالىلاردا كوپ قوللىنىلىدىغان مانا شۇنداق ئىستىلىستىكىلىق ئىپادىلەش ئۇسۇلى نەقىل كەلتۇرۇش دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

نىكولاي ئوستروۋسكى: "ئىنسان ئۇچۇن ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ھاياتتۇر. ئۇ، ھاياتنى شۇنداق ئوتكۇزەلىشى كېرەككى، بىھۇدە ئوتۇپ كەتكەن ۋاقىتلىرىغا ھېچقانداق ئاغرىنمايدىغان، مېنىڭ ھاياتىم پەقەت ئىنسانلارنىڭ بەخت-سائادىتى ئۇچۇن تەقدىم قىلىندى، دىيەلەيدىغان بولسۇن" دىگەن ئىدى.

نەقىل كەلتۇرۇش ئاپتورنىڭ مەسىلىنى تېخىمۇ ياخشى چۇشەندۇرۇشى، ئوز كوزقارىشىنى شەرھىيلىشى ئۇچۇندۇر. شۇنىڭ ئۇچۇن كەلتۇرۇلگەن نەقىل ئەدىبىي ئەسەر بىلەن بىر پۇتۇن گەۋدىگە ئايلىنىپ كېتىشى كېرەك.

## تەكرارلاش

ماقالا ياكى ئەسەرلىرىمىزدە ئوخشاش بىر سوز بىرىكمىسى ياكى بىر جۇملىنى بەزىدە ھەتتا پۇتۇن بىر ئابزاسىنى تەكرار يېزىپ، كۇچلۇك ئىدىيۋى-ھىسسىياتىمىزنى، قەتئى ئىرادە ھەم ئىپادىمىزنى بىلدۇرىمىز. مانا بۇ ئىستىلىستىكىدا تەكرارلاش دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل تەكرارلاش ئۇسۇلى ماقالا ياكى ئەسەردە ئىپادىلىمەكچى بولغان ئوي-پىكىرنى تەكىتلەپ، كۇچەيتىپ بېرىدۇ ھەم ئەسەر تىلىنىڭ تەسىرچانلىغىنى ئاشۇرۇپ ئاھاڭدار



قىلىدۇ.

تەكرارلاش شېئىرىي ئەسەرلەردە، مۇھاكىمە ماقالىلىرىدا ھەم خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىدە كوپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: لۇشۇننىڭ «ئۇنتۇش ئۇچۇن ئەسلەش» دىگەن ئەسىرىنىڭ باش تەرىپىدە بېرىلگەن پىكىر ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا يەنە تەكرار ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

تەكرارلاش بىر مەنىدىكى سوزنىڭ (بىر سوزنىڭ) قايتا-قايتا تەكرارلىنىشى بىلەنمۇ ياكى سىنونىم سوزلەر (مەنا جەھەتتىن بىر خىل، لېكىن تەلەپپۇز قىلىنىشى ئوخشىمايدىغان سوزلەر)نىڭ مەزمۇننى كۇچەيتىشى ۋە تولۇقلىشى بىلەنمۇ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

قارا دەيدۇ، قارا دەيدۇ،
قارا مەندە يوق.
قارا مۇخنىڭ قاسراغىدەك
گۇنا مەندە يوق.
(خەلق قوشىغى)

## رىتورىك مۇراجەت

ئەدىبىي ئەسەرلەردە، ئاپتور بىرەر شەيئى توغرىسىدا يېزىۋېتىپ، قاتتىق ھاياجانلىق تۇيغۇسى بىلەن كىتابخانلارغا

ياكى ئاڭلىغۇچىلارغا بىۋاستە هالدا ئەسەردىكى شەيئىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ سوز قىلىدۇ. ئاپتورنىڭ ئۆزى بىلەن ئۆزى ياكى تەسۋىرلىنىۋاتقان شەيئى بىلەن سوزلىشىشى رىتورىك مۇراجەت دەپ ئاتىلىدۇ. رىتورىك مۇراجەت كوپىرەك ئاپتور قاتتىق هاياجانلانغان، ئىلهاملانغان شارائىتتىلا ئىشلىتىلىدۇ. يەنى ئادەم قاتتىق مۇسىبەتكە چۈشكەن ياكى هەددىدىن تاشقىرى خۇشاللانغاندا ياكى بولمىسا قاتتىق غەزەپلەنگەندە بۇ ئۇسۇل قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

ئىخ! مېنىڭ سۆيۈملۈك ئانام،
ئېزىز ۋەتىنىم،
چاچىمەن تەبرىك گۈللىرىمنى بويىنۇڭغا،
توۋلايمەن،
ياڭراق ئاۋازدا،
ئىپتىخار بىلەن
مۇبارەك ۋەتىنىم شانلىق تويۇڭغا!
(ئامىنە غاپپار)

رىتورىك مۇراجەت ئىككى خىل بولىدۇ: بىرى ئادەمگە مۇراجەت؛ يەنە بىرى نەرسىگە مۇراجەت.

ئادەمگە مۇراجەت:

ئاپتور ئۆز ئەسەرلىرىدە ئۆزى تەسۋىرلىمەكچى بولغان



ئادىمىگە مۇراجەت قىلىدۇ. ئۆزى ياراتقان قەهرىمان بىلەن سوزلىشىدۇ، سوهبەتلىشىدۇ، هەتتا مۇنازىرىلىشىدۇ. بەزى چاغلاردا ئاپتور ياكى پېرسوناژ كىتاپخانلارغا مۇراجەت قىلىپ، كىتاپخانلار بىلەنمۇ سوزلىشىدۇ. بەزى هاللاردا ئاپتور ئۆز ئۆزى بىلەنمۇ سوزلىشىدۇ. ئەدىبىي ئەسەرلەردىكى مانا شۇنداق مونولوگ مۇراجەت دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

"تىنىچ يېتىڭلار، يولداشلار! بىز سىلەر ئۈچۈن چوقۇم ئىنتىقام ئالىمىز".

(«قىزىل قىيا»دىن)

"......ئويغان! ئەي چال! ئۆلۈمگە هازىرلان. ئوتكەن كۈنلەرنىڭ ماتىمىنى تۇت! ئۆمرۈڭ بوشقا كەتتى. قالغان كۈنلىرىڭ بىلەن ئۆزرىنى تىلە. ئەي رەببىم! مېنىڭ ئۆمرۈمنى ئۇزۇن ئەيلە، بۇ كىتاپنى تۈگىتىشىمگە قۇۋۋەت بەر......."

(يۈسۈپ خاس هاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىگ» تىن)

نەرسىگە مۇراجەت:

ئاپتور ئەسىرىدە بايان قىلىۋاتقان نەرسىگە مۇراجەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ سوز قىلىدۇ، يەنى ئادەم جانسىز نەرسىلەرگە سوزلەيدۇ. نەرسىلەرگە مۇراجەت قىلىش جانلاندۇرۇشتىكى ئادەملەشتۈرۈشكە ئوخشايدۇ، جانسىز نەرسە مۇراجەتنىڭ ئوبيېكتى بولىدۇ. مەسىلەن:

يىللار! مەيدەڭنى تۇتۇپ، قاقاقلاپ كۈلمە،

ئالدىڭدا قىزىرىشتىن، ئارتۇق كورىمەن ئولۇمنى،
قېرىتىمەن دەپ ئارتۇق كوڭۇل بولمە،
ئاخىرقى جەڭگە ئاتاپ قويارمەن ئوغلۇمنى.
(لۇتپۇللا مۇتەللىپ)

رىتورىك مۇراجەت كىتاپخانىلارنىڭ دىققەتچانلىقىنى ئاشۇرۇپ، تىلنىڭ تەرغىباتچىلىق ھەم جەڭگىۋارلىق رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ.

## رىتورىك سوراق

ئەدىبىي ئەسەرلەردە، ئاپتورلار مەلۇم بىر مەزمۇننى تەكىتلەش يۈزىسىدىن ئەسلى مەقسەتىنى بايان قىلىشتىن بۇرۇن سوئال قويۇپ كىتاپخانىلارنى ئويلاندۇرىدۇ. مۇنداق سوئال قويۇش يولى بىلەن ئاپتورنىڭ ئوز پىكرىنى تەستىقلىتىش ياكى سوئال جۇملە شەكلى بىلەن مەزمۇننى تەكىتلەش رىتورىك سوراق دەپ ئاتىلىدۇ.

رىتورىك سوراقلاردا ئاپتورنىڭ كوڭلىدە ئېنىق كوزقاراش ياكى چۇشەنچە بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قەستەن سوئال بېرىش يولى بىلەن كىتاپخانىنىڭ دىققەتچانلىقىنى ئاشۇرىدۇ ۋە ئويلىنىشقا سالىدۇ. مەسىلەن:



“سېنىڭ جېنىڭ مېنىڭ جېنىم بىر جان ئەمەسمۇ؟
سېنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ جېنىم قۇربان ئەمەسمۇ؟”
قەلبىم مېنىڭ خۇددى يالقۇن، باغرىڭ سېنىڭ ئوت،
ئىككىمىزنىڭ قەلبى ئوخشاش گۇلخان ئەمەسمۇ؟
(مەمتىلى زۇنۇن)

رىتورىك سوراقلار كىنو سىنارىيىلىرىدە، درامىلاردا قەھرىمانلارنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىشتە ئالاھىدە زور رول ئوينايدۇ.

## تەنە (كىنايە)

ھەرقانداق بىر سوز مەلۇم بىر مەنىگە ئىگە بولۇپ، ئۇ مەلۇم بىر ئۇقۇمنىلا بىلدۇرىدۇ. بىز ”توغرا“ دېگەن سوزنى ”خاتا“ دېگەن سوزنىڭ ئورنىدا قوللانساق، ھەق-ناھەقنى ئايرىلاشتۇرۇۋەتكەن، ياخشى بىلەن ياماننى پەرقلەندۇرمىگەن بولىمىز. شۇڭا بىز ئوي-پىكرىنى بىلدۇرۇشتە شۇ ئوي-پىكرىنى ئېنىق ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان مۇۋاپىق سوزلەرنى قوللىنىمىز، لېكىن بەزى چاغلاردا بۇنىڭ تەتۈرىسىچە سەلبىي سوز بىلەن ئىجابىي مەنىنى، ئىجابىي سوز بىلەن سەلبىي مەنىنى بىلدۇرۇشكە توغرا كېلىدۇ. يەنى ئېيتىلىۋاتقان سوزنىڭ توغرا مەنىسى ئوز ئورنىدا ئىشلىتىلمەي، باشقا بىرسىنى زاڭلىق قىلىش مەنىسىدە قوللىنى-

لىدۇ، بۇ خىل ئىستىلىستىكىلىق ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى تەنە (كىنايە) دەپ ئاتايمىز. تەنىدە ئىپتىلىۋاتقان سۆز سىرتتىن قاراشتا توغرا، ماقۇللاش خاراكتېرىدا مەنا بىلدۈرۈۋاتقاندەك قىلسىمۇ، لېكىن ئىچكى جەھەتتىن "ياخشى باھا" يوققا چىقىرىلىدۇ. بىز بۇ خىل ئىستىلىستىكىلىق ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىن زورۇر تېپىلغاندا مۇۋاپىق دەرىجىدە پايدىلانساق، ئەسىرىمىزنىڭ تەسىر قىلىش كۈچى ئاشىدۇ.

تەنە كۈچلۈك ھەجۋى خاراكتېرغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، دوست-دۈشمەننى ئېنىق پەرق ئېتىش لازىم. تەنە كۆپىنچە دۈشمەنلەرنى مەسخىرە قىلىشتا، ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇشتا قوللىنىلىدۇ. تەنىنى ئىشلەتكەندە، كىتابخان كورۇشى بىلەنلا سۆزنىڭ يونۇلۇشى، باش-ئايىغى بىلەن باغلاپ، شۇ سۆزنىڭ تەنە ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. مەسىلەن:

"سۇيۇملۇك گومىنداڭچى جاناپلىرىمىز، 3-ئىنتېرناتسونال تارقالغاندىن كېيىن، سىلەر ھەدەپ شاپاشلاپ پەقەت كومپارتىيىنىلا 'تارقىتىۋېتىش' قەستىدە بولدۇڭلار، لېكىن ۋەتەن خائىنلىرى پارتىيىلىرى ۋە ياپون پارتىيىلىرىنى تارقىتىۋېتىشكە ئازراق بولسىمۇ كۈچ چىقىرىشنى زادى خالىمىدىڭلار، بۇنىڭ سەۋەبى نىمە؟" («ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 3-توم، 209-بەت)

لۇشۈن ئەپەندى ئۆز زاۋېنلىرىدا بۇ ئۇسۇلدىن ناھايىتىمۇ كۆپ پايدىلانغان. چۈنكى لۇشۈن قارا كۈچ ھوكۇمرانلىقىدىكى



زۇلمەتلىك دەۋردە ياشىغانلىقتىن ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىق غەزەپ-نەپرىتىنى، ئەركىنلىككە بولغان ئىنتىلىشىنى، ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ نومۇسسىز قىلمىشلىرىنى ئۆز زاۋېنلىرىدا كىنايىلىق كۈلكە ئاستىغا ئالغان.

## ئېپىزىم (سىپايى، سىلىق سۆز)

ئېپىزىم سۆزلەرنى سىلىقلاشتۇرۇپ ئېلىش دىگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ. بىز ئەسەر ياكى ماقالىلىرىمىزدا سۆزلەرنىڭ سىلىق، چىرايلىق بولۇشىغا، ئۇنىڭ ئىجابى جەھەتتىن ئۇقۇمنى روشەن بىلدۈرەلىشىگە دىققەت قىلىمىز. مەسىلەن: "ئولۇپتۇ"، "ۋاپات بوپتۇ"، "قازا تېپىپتۇ"، "كوز يۇمۇپتۇ" ياكى "دۇنيادىن ئوتۇپتۇ" دىگەنگە ئوخشاش سۆزلەر لېكسىكىلىق ئۇقۇم جەھەتتىن گەرچە بىرلا مەنىنى بىلدۈرسىمۇ (مەنىداش سۆز بولسىمۇ)، بىز ھەرگىز كىشىلەرگە سۆزلىگەندە "سىزنىڭ بالىڭىز ئولۇپتۇ" دىمەستىن، بەلكى "بالىلىرى ئالەمدىن ئوتۇپتۇ"، ياكى "قازا تېپىپتۇ"، "ۋاپات بوپتۇ"، "كوز يۇمۇپتۇ" دەيمىز. بالا-قازا ياكى خەيىم-خەتەرگە يولۇقۇپ، بىرەر كېلىشمەسلىككە ئۇچرىغان بولسا، "توكۇر بولۇپ قاپلا" ياكى "قارغۇ بولۇپ قاپلا" دىمەستىن، "سىلىگە بىر ھادىسە كەپتۇ"، "كېلىشمەسلىككە ئۇچراپ قاپتۇ دەپ ئاڭلىدۇق" دەيمىز.

بەزى چاغلاردا توغرىدىن-توغرىغا ئېيتىش بەپ بولىدىغان

سۆزلەرمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: ”تۇغدى“ سۆزى گەرچە ئومۇمى مەنىدىكى ئۇقۇم بولسىمۇ، ”كۆزى يورىدى“، ”بوشاندى“، ”يەڭگىپ ئالدى“ دەيمىز. مانا شۇنداق سۆزلەش ياكى يېزىشتا ئەپسىزلىك ھېس قىلدۇرىدىغان سۆزلەرنى سىلىقلاشتۇرۇپ سىپايى تۈرگە ئايلاندۇرۇپ ئېيتىش ياكى يېزىش ئېپېزىم دەپ ئاتىلىدۇ.

ئېپېزىم تىل سەنئىتىگىمۇ ۋە تىل-يېزىق مەدەنىيىتىگىمۇ زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئېپېزىم كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا كۆپ ئىشلىتىلىپ، ھۆرمەت مەرتىۋىسى ئىپادىلىنىدىغان يولداشلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە قوللىنىلىدۇ. ئۇ كۆپرەك ئاغرىق-سىلاق، ئۆلۈم-يىتىم، جىسمانى نۇقسانلار توغرىسىدا سۆزلىگەندە كىشىلەرگە دىل ئازارى بېرىپ، رەنجىتىپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئىمكانىيىتى يارىتىدۇ.

## ئانافورا

بۇ شېئىرىي ئەسەرلەردە كۆپ ئۇچرايدىغان ئىستىلىستىكىلىق ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىن بىرى بولۇپ، تەكرارلاشنىڭ بىر تۈرىدۇر. يەنى قوشاق ۋە شېئىرلاردا ئىشلىتىلگەن سۆزلەر ھەر بىر مىسرانىڭ بېشىدا كەلسە، ياكى ماقالا-ئەسەرلەردە كەينى-كەينىدىن كېلىدىغان سۆزلەرنىڭ بېشىدا كەلسە ئانافورا دەپ ئاتىلىدۇ. ئانافورادا تەكرارلىنىدىغان سۆزلەر تەبىي بولۇشى، مەزمۇنىڭ چوڭقۇر ۋە كۈچلۈك ئىپادىلىنىشى ھەم



ئاھاڭدار بولۇشغا ياردەم بېرەلەيدىغان بولۇشى لازىم. مەسىلەن:

سېغىندىمەن، سېغىندىمەن، سېغىندىم،
ۋەتەن سېنى تەشنا بولۇپ، سېغىندىم.
مېھرىڭ تولغان يۈرىگىمدە سېغىندىم،
دولقۇن ئۇرغان كۆكرىگىمدە سېغىندىم.
(نىم شېھىت)

قوزغال! ئاچ ھەم يالىڭاچ قۇللار،
قوزغال! پۈتكۈل خارلانغان ئىنسان.
(ئېۋگېنى پوتېر: «ئىنتېرناتسونال» شېئىرىدىن)

## ماقال-تەمسىللەر

ماقال-تەمسىللەر خەلق ئىچىدە كەڭ تارقالغان، مەنا جەھەتتىن چوڭقۇر، تەسىرلىك، ئوبرازلىق، تۈزۈلۈشى قىسقا بولغان ئىخچام تىل بايلىقىدۇر. ماقال-تەمسىللەر خەلقنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىلىرىدىن چىقىرىلغان خۇلاسىلەرنى يەكۈنلەپ، ئۇلارنىڭ دۇنياقاراشلىرىنى يىغىنچاق ھالدا ئىپادىلەپ بېرىدىغان چوڭقۇر مەزمۇنغا ئىگە تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرى ياكى جۈملىلەردىن تۈزۈلىدۇ. ماقال-تەمسىللەر شېئىرىي شەكىلگە ئىگە بولۇپ، ئۆزىنىڭ مۇستەھكەم، تۇراقلىق خۇسۇسىيىتى، ئىخچام، پىششىق ۋە پۇختىلىقى بىلەن خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ

باشقا تۇرلىرىدىن پەرق قىلىدۇ. ماقال-تەمسىلەر مەزمۇن جەھەتتىن ناھايىتى باي بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىن بۇيانقى تۇرمۇش تەجرىبىلىرى، جەمىيەت، تەبىئەت ھەققىدىكى مول بىلىملىرى، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئۇملۇك، ئەمگەك سۆيۈش، راستچىللىق، يامان ئادەت، يامان ئىشلارغا قارشى كۆرەش قىلىش خىسلەتلىرى يەكۈنلەنگەن. مەسىلەن:

بۇلبۇل چىمەننى سۆيەر، ئادەم ۋەتەننى.
ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى-رويىڭ سامان بولماس.
ئىش ئۇملۇكتە، كۈچ بىرلىكتە.
ئالتۇن ئوتتا، ئادەم ئەمگەكتە بىلىنەر.

پۇرولىتارىيات يازغۇچىسى ماكسىم گوركىي خەلق ماقال-تەمسىللىرى ھەققىدە توختىلىپ: "ئەڭ ئۇلۇغ دانالىق سوزنىڭ ئاددى ۋە ئىخچاملىقىدا. ماقاللار ۋە قوشاقلار قىسقا بولىدۇ. ئۇلاردا پۈتۈن-پۈتۈن كىتاپلار مەزمۇنىغا تەڭ كىلىدىغان پىكىر ۋە ھىسسىياتلار ئورۇن ئالغان بولىدۇ" دىگەن ئىدى.

ماقال-تەمسىللەر كىشىلەرنى توغرا ئەخلاق-پەزىلەتلەرنى يېتىلدۇرۇش، پاراسەتلىك بولۇش، ئەمگەك سۆيۈش، ۋىژدانلىق بولۇش روھىدا تەربىيىلەيدۇ.

كىلاسسىك يازغۇچى ۋە شائىرلىرىمىزنىڭمۇ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن ئەدەبىي مىراسلىرىدىكى ماقال-تەمسىللەر خەلق تىلىنى ئۆگىنىشنىڭ رولىنى چوڭقۇر چۈشەندۈرىدۇ. مەسىلەن، 11-



ئەسىرنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى، تىلشۇناس مەخمۇت قەشقىرى ئۆزىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق كىلاسسىك ئەسىرىدە ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ماقال-تەمسىللەردىن نۇرغۇنلىغان مىساللارنى كەلتۈرگەن ئىدى. بۇ ماقال-تەمسىللەر نەچچە يۈز يىللاردىن بېرى ئۆز قىممىتىنى يوقاتماي، خەلقىمىز ئىچىدە كەڭ تارقىلىپ كەلمەكتە.

بىز ماقال-تەمسىللەردىن پايدىلانغاندا ئۇنىڭ سىنىپىي خاراكتېرىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتۇپ قالماسلىقىمىز لازىم. پەرق ئەتمەستىن قارا-قويۇق ۋارىسلىق قىلىش پۈتۈنلەي خاتا. بىز ئۇنىڭغا توغرا ۋارىسلىق قىلىشىمىز لازىم.

# خىرقىتىنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» داستانى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە

**ئابلىمىت ئىسمايىل**

خىرقىتى 17 — 18 - ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ داڭلىق ۋەكىللىرىدىن بىرى. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى مۇھەممەت ئىمىن خوجام قۇلى بولۇپ، ”خىرقىتى“ ئۇنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسىدۇر.

خىرقىتىنىڭ ھاياتى ھەم ئىجادىي پائالىيەتلىرى ھەققىدىكى مەنبەلەر ھازىرغىچە تولۇق مەلۇم ئەمەس. شائىر «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» دىگەن داستانىنىڭ كىرىش قىسمىدا، ئوزىنىڭ قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىكى تازغۇنغا قاراشلىق باغچى يېزىسىدىن ئىكەنلىكىنى، ئاپپاق خوجىنىڭ قول ئاستىدا باغۋەن، چىراقچى ھەم كاۋاپچى بولۇپ ئىشلىگەنلىكىنى ئېنىق يازغان بولسىمۇ، لېكىن تەرجىمىھالى توغرىسىدا تەپسىلى توختالمىغان. ئازاتلىقتىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغان بىرنەچچە قېتىملىق تەكشۈرۈشلەر جەريانىدا، شائىرنىڭ ھاياتىغا دائىر بەزى قوشۇمچە مەلۇماتلار تېپىلدى. بۇ مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، شائىر خىر-



قىتى 1634 - يىلى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ باغچى دىگەن يېزىسىدا تۇغۇلغان بولۇپ، 1724 - يىلى 90 يېشىدا قەشقەر شەھىرىدە ۋاپات بولغان. ئۇ ياشلىق دەۋرىدە، قەشقەر مەدرىسىلىرىدە 16 يىل ئوقۇپ، ئەرەپ، پارىس تىللىرىنى پۇختا ئىگەللىگەن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىلەن ئەرەپ، پارىس ئەدەبىياتىنى تىرىشىپ ئۇگىنىپ، ئۇلارنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىنى مۇكەممەل ئوزلەشتۇرگەن. 1664 - يىلىدىن باشلاپ دادىسى خوجام قۇلى بىلەن بىللە ئاپپاق خوجىنىڭ بېغىدا باغۋەن بولۇپ ئىشلىگەن.

شائىر خىرقىتى 1670 - يىلى «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» دىگەن مەشھۇر داستانىنى يازغان. بۇ داستانىنىڭ ئىدىيە ھەم بەدىي جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن قارىغاندا، شائىرنىڭ بۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن ئەسەرلىرىنىڭ بارلىقىدا شەك يوق. لېكىن ئۇلار ھازىرغىچە تولۇق تېپىلمىدى. بۇ، خىرقىتىنىڭ ئەسەرلىرىنى داۋاملىق قېزىپ تېپىشنىڭ زورۇرلۇكىنى كورسىتىدۇ.

شائىر خىرقىتىنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» داستانى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا ھورمەتلىك ئورۇننى ئىگەللەيدىغان نەمۇنىلىك ئەسەرلەرنىڭ بىرىدۇر.

شائىر بۇ ئەسىرىدە، مۇھەببەت بىلەن مېھنەتنى ئاساسىي تېما قىلىپ، قىزىلگۇل، بۇلبۇل ۋە سەبالارنىڭ ئوزئارا مۇناسىۋەتلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، ئوزىنىڭ رىيال جەمىيەتكە

بولغان نارازىلىغىنى، ئەمگەكچى خەلقلەرگە بولغان ھىسداشلى-
غىنى ۋە تىنچ، كوڭۈللۈك تۇرمۇش توغرىسىدىكى ئارزۇ-ئارمان-
لىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

خىرقىتىنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» داستانىغا سىڭدۈ-
رۈلگەن ئاساسىي ئىدىيە مۇھەببەت بىلەن مېھنەتنىڭ بىرلەشكەن
قۇدرەتلىك كۈچىنى مەدھىيىلەشتىن ئىبارەت. شائىر خىرقىتى
مۇھەببەت بىلەن مېھنەت بىر گەۋدە، ئۇلارنى بىر بىرىدىن
ئاجرىتىۋېتىش مۇمكىن ئەمەس، دەپ قارايدۇ.

شائىر يەنە شۇنداق ھىساپلايدۇكى، چىن مۇھەببەت جاپا-
مۇشەققەتسىز ھاسىل بولمايدۇ، جاپا-مۇشەققەت (مېھنەت)
بولسا مۇھەببەتنى مۇستەھكەملەيدۇ ۋە ئۇنى كامالەتكە يەتكۈ-
زىدۇ. لېكىن شائىر مەدھىيىلىگەن مۇھەببەت ھەرگىز تار مەنى-
دىكى مۇھەببەت ئەمەس، ئۇ مۇھەببەت بىلەن مېھنەتنىڭ
بىرلىكى، ئىنسانلارنىڭ ھەرقانداق ئىشنى مۇھەببەت ۋە مېھنەت
مۇناسىۋىتى ئارقىلىق قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدىغان كەڭ
مەنىدىكى مۇھەببەتتۇر. شۇنداق بولغاچقا، شائىرنىڭ مۇھەببەت،
مېھنەت ھەم رىيال جەمىيەت ھەققىدىكى كوزقاراشلىرى ئەسەردە
خېلى روشەن ئىپادىلەنگەن:

بىلىڭ، مېھنەتكە ئۆزىنى سالدى دىخان،
ئىككىن جاي ئۈستىدە تا چەكتى كوپ جان.
ئاياغى فارقۇ سەندىن بولدى رەنجۇر،



بۇ ئاچچىق ئىشلار ئاخىر بولدى گەنجۇر.①

تىكەننىڭ زەخمىدىن قانلار سېپىلدى،
گورۇڭ باغىدا ئاخىر گۇللەر ئېچىلدى.
مۇھەببەت بولمىسا مېھنەت كېرەكمەس،
شەجەردە مىۋە يوقتۇر شاخى ئېگىلمەس.

بۇ مىسرالارنىڭ مەزمۇنى بىزگە شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى،
دۇنيادىكى ھەممە ئىشلاردا مۇھەببەت بىلەن مېھنەت بىر بىرىدىن
ئايرىلمايدۇ. جاپا چەكمەي ھالاۋەتكە ئېرىشكىلى بولمايدۇ.
كىشىلەر ئۆز كوڭلىدىكى پاك مەقسەتلىرىگە يېتىش ئۈچۈن
چوقۇم جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىشى لازىم.

شائىر خىرقىتى «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» دېگەن
داستانىدا، قىزىلگۇل، بۇلبۇل ھەم سەبا ئوبرازلىرىنى يارى-
تىپ، كىشىلەر قەلبىدىكى مۇھەببەت، دوستلۇق ھەم ۋاپادارلىق
تۇيغۇلىرىنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن.

ئەسەردىكى قىزىلگۇل، بۇلبۇل ھەم سەبا ئوبرازلىرى
كۈچلۈك سىمۋوللۇق خاراكتېرغا ئىگە بولۇپ، ئۇلار خىيالى
تەسەۋۋۇرلار بويىچە ئەمەس، بەلكى جەمىيەتتىكى رىيال زىددى-

---

① گەنجۇر — غەزىنىگە ئىگە بولۇش، توقلۇقتا ئىگە بولۇش دېگەن
مەنىدە.

يەت هەم كۇرەشلەر ئاساسدا يارىتىلغان ئوبرازلاردۇر.

قىزىلگۇل — قەلبى مۇھەببەت هەم ئىشەنچ يالقۇنى بىلەن تولغان هەقىقى ئاشىقنىڭ ئوبرازى. ئۇ بۇلبۇلنى چىن يۇرىكىدىن ياخشى كورىدۇ ۋە ئوز مۇھەببىتىنىڭ ۋىسالىغا ئېرىشىش يولىدا هەرقانداق جاپا ـ مۇشەققەتلەردىن قورقمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، بۇلبۇلنىڭمۇ خۇددى ئۇزىگە ئوخشاش مەرت، چىدامىلىق هەم ۋاپادار بولۇشىنى ئۇمىت قىلىدۇ.

سەباغا ئەيدى گۇل بۇلبۇلنى كەلسۇن،
كېچە ـ كۇندۇز مېنىڭ قاشىمدا تۇرسۇن.
مەگەر بولسا ماڭا بۇلبۇل ۋاپادار،
نەدەپ بولماي ئاڭا مەن يارى غەمغار.
قاشىمدا بولسا ئانداغ يارۇ هەمدەم،
نىچۇك قىلماي ئېنى سىررىمغا مەهرەم.
جاهاندا مەن كەبى دىلدار بولسا،
نەخوپ جىسمىمغا بۇلبۇل زار بولسا.
مېنىڭ بەزمىمدە بولسا نەغمە پەرۋاز،
مۇھەببەتتىن چىقارسا دىلكەش ئاۋاز.
ئېگەرغەم نىيشغە ئول قويسا مەرهەم،
ئاڭا ئاۋاز خوشدىن بەرسە بەرهەم.

بۇلبۇلمۇ ساداقەت هەم مەرتلىكتە قىزىلگۇلدىن قېلىشمايدى-



غان ئوبرازدۇر. ئۇ سەبادىن قىزىلگۇلنىڭ پەزىلەتلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قىزىلگۇلگە چىندىن ئاشىق بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن چاپسانراق قوشۇلۇشقا ئالدىرايدۇ. ئەمما ئىشەنچى تازا كۇچلۇك بولمايدۇ. قىزىلگۇل ماڭا "ۋاپا قىلغايمۇكىن" دەپ ئەندىشە قىلىدۇ:

دىدى بۇلبۇل دىيارىمدىن كېچىپ مەن،
سېنى دەپ ئول نىگارىمدىن كېچىپ مەن.
ۋاپا قىلغايمۇكىن مەن بەندە بولسام،
غېمىڭدە جۇملە يارىمدىن كېچىپ مەن.
تېنىم گەرد ئولسا ئىشىگىڭدە ئەجەپ يوق،
نىچۇنكى جان زارىمدىن كېچىپ مەن.
كوكۇلدە قالمىدى بىر زەررە ئارام،
تىلەپ ۋەسلى قارارىڭدىن كېچىپ مەن.
نە قىلساڭ سەن بىلۇرسەن يوق ئىلاجىم،
يولۇڭدا ئىختىيارىمدىن كېچىپ مەن.

شائىر بۇلبۇل ئوبرازىنى تەسۋىرلىگەندە، ئۇنىڭ گۇمان ۋە خەۋپسىرەشتىن تۇغۇلغان ئىشەنچسىزلىكلىرىنى ئېچىپ تاشلاپ، مۇھەببەت يولىنىڭ هەرگىز تۇپ ـ تۇز بولمايدىغانلىغىنى، هەقىقى مۇھەببەت ئىگىلىرى ئەگىر ـ توقاي يوللار كەلتۇرۇپ چىقارغان جاپا ـ مۇشەققەتلەر ئىچىدە سىنىلىپ ئايرىلىدىغانلىغىنى

ئۇچۇق كۆرسىتىپ بەرگەن. بۇ شائىرنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش كۆزقارىشىنىڭ خېلى ئېنىق بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

دوستلۇق، ئىناقلىق ۋە ئۆزئارا ھەمكارلىق ئەمگەكچى خەلقلەرنىڭ مۇھىم بىر خۇسۇسىيىتىدۇر. شائىر خىرقىتى «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» دېگەن داستانىدا ئەمگەكچى خەلقلەرنىڭ بۇ مۇھىم خۇسۇسىيىتىنى سەبا ئوبرازىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئېچىپ بەرگەن.

سەبا — چىن دوستلۇقنىڭ سىمۋولى. ئۇ بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا كىشىلەر ئارىسىدىكى ساپ-سەمىمىي دوستلۇقنىڭ ئۈلگىسى سۈپىتىدە گەۋدىلىنىدۇ:

سەبا سەيران ئېتىپ كەزدى جاھاننى،
غەرەزدۇر تاپسا ئانداغ باغرى قاننى،
كېلىپ دەشتى باياباننۇ چىمەنگە،
كىرىپ باققا، چىقىپ تاغۇ-توبەنگە.
بارى قۇش ھالىدىن بولسا خەۋەردار،
تاپىپ لايىقنى گۈلگە ئەيلىسە يار.

سەبا ئەنە شۇنداق پاك قەلب ئىگىسى. ئۇ قىزىلگۈل بىلەن بۇلبۇلنى بىر بىرى بىلەن ئۇچراشتۇرۇش ئۈچۈن ھېساپسىز كۆپ يوللارنى بېسىپ، سان-ساناقسىز جاپا-مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، ئىرادىسىدىن قىلچە يانمايدۇ.



ئەكسىچە تېخىمۇ قەتئىي ھەرىكەت قىلىدۇ. پەقەت ئۇلارنى بىر بىرىگە قوشۇپ مۇرات-مەقسەتلىرىگە يەتكۈزگەندىن كېيىنلا ئاندىن خاتىرجەم بولىدۇ.

دېمەك بۇلاردىن شۇنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، شائىر خىرقىتى ئۆز ئەسىرىدە قىزىلگۈل، بۇلبۇل ھەم سابا ئوبرازىنى يارىتىپ، چىن مۇھەببەت بىلەن ۋاپادار دوستلۇقنىڭ كۈچىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ خەلقچىللىق ئىددىيىسىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرگەن. بۇ «مۇھەببەتنامە ۋە مىھنەتكام» داستانىنىڭ ئەڭ ئەھمىيەتلىك تەرىپىدۇر.

ئەسەرنىڭ يېشىمىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. بۇ ئەسەر كىشى قەلبىنى ئېزىدىغان پاجىئە بىلەن ئەمەس، بەلكى قىزىلگۈل بىلەن بۇلبۇلنىڭ تولۇق مۇرات-مەقسەتلىرىگە يەتكەن ۋىسال خۇشاللىقى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ:

جاۋاپ ھەم سوئال قىلدى ئىككىيلەن،
ئىككىسى ئەردى گويا جان ئىلە تەن......

بۇ شائىرنىڭ چىن ئىنسانى مۇھەببەت ۋە جاپالىق مىھنەتنىڭ غەلىبىسىگە بېغىشلىغان قىزغىن مەدھىيىسىنىڭ يەكۈنىدۇر.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، شائىر خىرقىتىنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مىھنەتكام» دېگەن داستانى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا مۇھەببەت بىلەن مىھنەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىرقەدەر توغرا

ئۇچۇ... ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ئىدىيە ... كو... تە ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن خېلى زور ...ن ئىجتىمائى تارىخىي شارائىتلار سەۋە-

...ەسەرنىڭ ئىدىيىسىدە بەزى نۇقسانلارمۇ بار. بۇ نۇقسانلار ئاساسەن، خىرقىتىنىڭ تەقدىرچىلىك كوزقارىشىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، ئۇ شائىرنىڭ دەۋر ھەم سىنىپىي چەكلىمىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. شۇڭا بىز بۇ ئەسەرنى ئۆگەنگەندە ۋە تەتقىق قىلغاندا، بۇ نۇقتىلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز لازىم.



# رىيالىزىم ھەققىدە

**مەھەممەت ئىمىن**

دولىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن پارتىيىگە، خەلققە سادىق بىرمۇنچە كەسپىي ۋە ئىشتىن سىرتقى يازغۇچىلار تولۇپ-تاشقان ئىنقىلاۋىي قىزغىنلىق بىلەن رىيالىزىملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى قوللىنىپ نۇرغۇن مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقىپ، خەلققە تەقدىم قىلدى. ئۇلار ئۆز ئەسەرلىرىدىكى ئۇنتۇلماس ئوبرازلار ئارقىلىق يېڭى دەۋرىمىزنىڭ كۈرەش مەنزىرىسىنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ جۇشقۇنلۇق تەرەققىياتى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى. بۇ ئەسەرلەر ئەينى يىللاردا ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، دولەتنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا ئاجايىپ ياخشى تەسىرلەرنى پەيدا قىلدى. ۋاھالەنكى كېيىنكى يىللاردا، لىن بياۋ ۋە "4 كىشىلىك گۇرۇھ" رىيالىزىملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى بىر خىل جىنايەتلىك ئىجتىمائى ھادىسىگە ئايلاندۇرۇپ، رىيالىزىملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى تەشەببۇس قىلغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن شۇغۇللانغان ئىنقىلاۋىي يازغۇچىلارغا پارتىيىگە، سوتسىيا-

لىزىمغا، خەلققە قارشى قارا يازغۇچىلار دىگەن بەدنامنى چاپلاپ قاتتىق زىيانكەشلىك قىلدى، لېكىن بۇ ئەبلەخلەر ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدە ھەرقانچە غالجىرلاشسىمۇ، رىيالىزىملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان قان بىلەن گوشتەك قويۇق مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ تاشلىيالمىدى. ”4كىشىلىك گۇرۇھ“ تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، رىيالىزىملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى ئۆزىنىڭ پارلاق ھاياتىي كۈچىنى قايتا كۆرسەتتى. ئەدەبىياتىنىڭ 30 يىللىق تارىخىي ئەمەلىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئىجابى، سەلبى جەھەتتىكى تەجرىبە-ساۋاقلىرى كىشىلەرگە: رىيالىزىملىق پىرىنسىپ، رىيالىزىملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى قەتئى داۋاملاشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئىسىل ئەنئەنىسىگە قەتئى ۋارىسلىق قىلىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ بىر ھەقىقەتنى چوڭقۇر ھالدا ئۇقتۇرۇپ بەردى. بىز رىيالىزىملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلىگەن ھالدا يەكۈنلەپ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىياتى ئۈچۈن بىرقەدەر پۇختا نەزىرىيىۋى ئاساس يارىتىشىمىز كېرەك.

ئەدەبىي ئىجادىيەت ئۇسۇلى يازغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشنى تونۇشى ۋە ئۇنى ئىپادىلىشى جەريانىدا ئەمەل قىلىدىغان مىزانى. يازغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشنى تونۇشى ۋە ئۇنى ئىپادە قىلىشتىكى مىزانى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئەدەبىي پائالىيەت باشلانغاندىن بۇيانقى ئەدەبىيات تارىخىدا ھەر خىل-ھەر ياڭزا ئىجادىيەت ئۇسۇلى بارلىققا كەلدى. ماكسىم گوركى بۇلارنى خۇلاسىلەپ:



”بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم بولغان ئېقىم ياكى خاھىش ئاساسەن رىيالىزىم بىلەن رومانتىزىمدۇر“ دەپ كۆرسەتكەن ئىدى.

رىيالىزىملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى يازغۇچىلاردىن مۇرەككەپ رىيال تۇرمۇشتىكى زىددىيەت ۋە كۈرەشنى قىلچىلىك يوشۇرماي، تۇرمۇشنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى ئۇنتۇماي، تۇرمۇشنى بىزىمەي ۋە ساختىلاشتۇرماي، ئۇنى ھەقىقانى يوسۇندا ئەينەنلىگى ۋە چىنلىغى بىلەن تەسۋىرلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. رىيالىزىم ئەمەلىي تۇرمۇشنىڭ ئۆزىدە ئەسلى بار بولغان پورمىسى ئاساسىدا، ئۇنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى چىنلىق بىلەن توغرا، نەپىس قىلىپ ئەكس ئەتتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. رىيالىزىملىق بەدىي ئوبراز جانلىق، ھەقىقى ۋە ئىشەنچلىك بولۇپ، خۇددى رىيال تۇرمۇشتا بىز كۆرۈپ يۈرگەن ئادەم ھەم ئىشلارغا ئوخشايدۇ. رىيالىزىمنىڭ بۇ خۇسۇسىيىتى تۇرمۇشنىڭ ئۆزىدە بار بولغان چىنلىققا ئۇيغۇن بولۇپ، بۇ رىيالىزىمنى ئاكتىپ رومانتىزىمدىن پەرقلەندۈرىدىغان بىر ئاساسىي بەلگە.

ئاكتىپ رومانتىزىم ئوبراز ياراتقاندا گەرچە چىنلىقنى تەلەپ قىلسىمۇ، لېكىن ئۇ، بىر تەرەپكە، يازغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ ئارزۇسىغا ئەھمىيەت بېرىپ، شۇ بويىچە تۇرمۇشنىڭ بەلگىلىك ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇنىڭ (ئاكتىپ رومانتىزىمنىڭ) غايە ۋە ئارزۇغا، خىيال ۋە مۇبالىغىغە ئەھمىيەت بېرىشى ئومۇمى ھالدۇر. ئۇ ياراتقان پېرسوناژ ھەمىشە ئادەتتىكى كىشىلەردىن

ئۇستۈن تۇرىدۇ ۋە ئۇلارنى بېسىپ چۈشكەن بولىدۇ، تەسۋىرلىگەن تۇرمۇش كارتىنىسى كۆپىنچە ئارزۇ ۋە خىيالنىڭ مەھسۇلى بولىدۇ.

رېيالىزملىق ئەسەرلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگىنى بولسا ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا كىشىلەرنىڭ كۆزىگە دائىم چېلىقىپ تۇرىدىغان شەيئىلەر ياكى تۇرمۇشنىڭ قانۇنىيىتى ۋە مەنتىقىسىگە ئاساسەن رېيال ھاياتتا يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكى بولغان شەيئى ۋە ھادىسىلەردۇر. رېيالىزملىق ئۇسۇل بىلەن يارىتىلغان بەدىئىي ئوبرازلاردا، رېيال ھاياتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئادەتتىكى ئادەملەردە بولىدىغان ئىدىيە، ھېسسىيات، ھەركەت ۋە روھىي كەيپىيات بولغان بولىدۇ. مەسىلەن، تولستوي تەرىپىدىن يارىتىلغان ئاننا كارېنىنا، ساۋ شۆيچىن تەرىپىدىن يارىتىلغان جيا باۋيۈي، گوركىي تەرىپىدىن يارىتىلغان پېلاگىيە نىلوۋنا، لۇشۈن تەرىپىدىن يارىتىلغان ئاQ، زۇنۇن قادىر تەرىپىدىن يارىتىلغان مەتنىياز قاتارلىق ئوبرازلار رېيال تۇرمۇشتىكى ئادەملەرگە ئاساسەن قايتا يارىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ سۆز - ھەركەتلىرى، پىكىر قىلىشلىرى رېيال تۇرمۇشتىكى تونۇش بولغان ناتونۇش ئادەملەرگە تولىمۇ ئوخشايدۇ.

رېيالىزم تىپىكلەشتۈرۈش، ئومۇملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بەدىئىي يول بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مەلۇم ماھىيىتىنى تېخىمۇ ئوبرازلىق، تېخىمۇ چوڭقۇر قىلىپ كۆرسىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. تىپىكلەشتۈرۈش رېيالىزمنىڭ جېنى بولۇپ،



رېيالىزمنى ناتۇرالىزمدىن پەرقلەندۈرىدىغان بىر ئاساسىي بەلگە.

ناتۇرالىزم بىر خىل ئەدەبىي ئېقىم بولۇپ، ئۇنىڭ پەلسەپىۋى ئاساسى چاكىنا ۋە قۇرۇق ئىدىيالىزم. ناتۇرالىزمچىلارمۇ چىنلىققا ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئۇلارنىڭ تەشەببۇس قىلغان چىنلىقى ھەرگىزمۇ شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى، قانۇنىيىتى بولماستىن، بەلكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى يۈزەكى ھادىسىلەر ۋە شەيئىلەرنىڭ سىرتقى بەلگىلىرىنى ئاساس قىلغان چىنلىقتۇر. ئۇلار تۇرمۇشتىكى ئۇششاق - چۈششەك، پارچە - پۇرات نەرسىلەرنى كۆچ سەرپ قىلىپ خاتىرىلەيدۇ. ئۇلار بەدىئىي جەھەتتىكى تىپىكلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرىدۇ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى مەۋجۇت قانۇنىيەتلەرنى ئىنكار قىلىدۇ، جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى بىئولوگىيىلىك سەۋەپ بىلەن چۈشەندۈرىدۇ، ئەدەبىي ئىجادىيەتنى تۇرمۇش ھادىسىلىرىنىڭ ساپ ھالەتتىكى خاتىرىسى دەپ قارايدۇ.

رېيالىستلار ناتۇرالىستلارغا ئوخشاش نىمىنى كۆرسە، شۇنى يېزىۋەرمەيدۇ، رېيالىستلارنىڭ تۇرمۇشتىن ئالغان ماتېرىياللىرىنىڭ ھەممىسى تىپىكلەشتۈرۈلگەن ۋە بەدىئىي تەرەپتىن پىششىقلانغان ماتېرىياللاردۇر. تۇرمۇش چىنلىقى ئاساسىدا، تۇرمۇشتىن ماھىيەتنى كۆرسىتىپ بېرىش رېيالىزمنىڭ ئومۇمىي بەلگىسى. دەرۋەقە بىزنىڭ رېيال تۇرمۇشىمىزدا بەزى رېيال شەخسلەر ۋە رېيال ئىشلاردا تىپىكلىك بولىدۇ، دەپ ئېيتساقمۇ، لېكىن

تۇرمۇشتىكى تىپىكلىك ئۇنىڭ ئىجتىمائى ئەھمىيىتىگە قارىتا ئېيتىلغان بولۇپ، ئىلمىي يوسۇندا رەتلەنگەن ۋە ئابستراكسىيىلەشتۈرۈلگەن ھالەتتىنلا ئىبارەت بولىدۇ. سەنئەتتىكى تىپىكلىك ھەقىقى ئادەم، ھەقىقى ئىشلارنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە مەركەزلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئالاھىدىلىگىنى تېخىمۇ چاقناپ تۇرىدىغان قىلىپ، ئىدىيىۋى ھىسسىيات جەھەتتە كىتاپخانلارنى تەسىرلەندۈرىدىغان قىلىدۇ. ئەدەبىيات تارىخى ئىسپاتلىدىكى، ئىجتىمائى تۇرمۇشنىڭ يازغۇچىلارنى ھېچقانداق تاللاش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەشتىن ئۆتمەيمۇ، بەدىي زوقلاندۇرۇش كۈچىنى ھاسىل قىلىدىغان بىر يۇرۇش تولۇق ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر ھەقىقەتەن شۇنداق ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىسە، ئۇ چاغدا ئۇنى يەنە قايتىلاپ ئىشلەشكە ھاجەت قالمايدۇ. ھەممىگە مەلۇمكى، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانى بىوگىرافىك ئەسەر بولسىمۇ، لېكىن جيا باۋيۈي ھەرگىزمۇ ساۋ شۈيچىن ئەمەس، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئۇرغۇنلىغان پېرسوناژلار ھەرگىزمۇ ساۋ شۈيچىن ئائىلىسىنىڭ ئەزالىرى ئەمەس. ماكسىم گوركى: "بەدىي ئەدەبىيات ئايرىم دەلىلغا بوي سۇنمايدۇ، ئۇ ئايرىم دەلىلدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.... ئەدەبىي دەلىل بىرنەچچە تۈرلۈك دەلىلدىن ئۈستۈن سىقىپ ئېلىنىدۇ. ئۇ تىپىكلەشتۈرۈلگەن بولىدۇ ۋە ھەقىقى بارلىقنىڭ تەكرارلىنىدىغان كۆپ ھادىسىلىرىنى بىر ھادىسە سۈپىتىدە توغرا ئەكس ئەتتۈرگەن ۋاقىتتىلا، پەقەت ئەنە شۇ ۋاقىتتىلا



ئەدەبىي دەلىل چىن مەنىسى بىلەن بەدىي ئەسەرلەر بولىدۇ“ دېگەن ئىدى. بۇنىڭدىن تىپىكلەشتۈرۈش رېئالىزمنىڭ بىر ئاساسىي مىزانى ئىكەنلىگى مەلۇم بولىدۇ.

رېئالىزم تەسۋىرنىڭ ئوبيېكتىپچانلىغىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ، يازغۇچىنىڭ ئىدىيىۋى خاھىشى ۋە مۇھەببەت-نەپرىتى رېئال تۇرمۇشنى ئوبيېكتىپ، كونكرېت تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئەسەردىكى مەيدان ۋە سيۇژىتتىن تەبىي يوسۇندا ئېقىپ چىققان بولىدۇ. رېئالىزملىق تەسۋىرلەشنىڭ بۇ خىل ئوبيېكتىپچانلىغى رېئالىزمنى كلاسسىزمدىن پەرقلەندۈرىدىغان بىر مۇھىم پرىنسىپتۇر. كلاسسىزمنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتى يۈكسەك ئىدرەك بولۇپ، ھىسسىياتنى مەنسىتمەيدۇ، ھىسسىياتنى پەس كۆرىدۇ. كۆپلىگەن كلاسسىزم يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە بەدىي ئوبراز پۈتۈن كۈچ بىلەن سۈرەتلەنمەستىن، بەلكى ساداقەتلىك، قەھرىمانلىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك، پۇقرالىق بۇرچى قاتارلىق ھەشەمەتلىك شوئارلار قىپ-يالىڭاچ ھالدا ئىدرەكلەشتۈرۈلگەن ۋە ئەخلاقىي قېلىپقا سېلىنغان. ئەسەر قەھرىمانلىرى جامائەتچىلىك ئالدىدا نۇتۇق ئېلان قىلىدۇ، ئۆز ئىشەنچىنى بايان قىلىدۇ، ئۆز كۆزقارىشىنى شەرھىيلەيدۇ. بۇ خىل قۇرۇق، مەزمۇنسىز ۋەز-نەسىھەتلەر ۋە زەئىپ پېرسوناژلار كلاسسىزم ئەسەرلىرىدىكى ھېلىقى ئاتالمىش ئىدرەكنىڭ جارچىسى ۋە تەشۋىقاتچىسى بولۇپ قالغان ئىدى.

رېئالىزم كلاسسىزمغا قارشى ھالدا پۈتۈن كۈچ، پۈتۈن

زىھننى مەركەزلەشتۈرۈپ بەدىـى ئوبراز يارىتىدۇ. ئېنگېلس كىلاسسىزىمچىلارنىڭ تەشەببۇسىغا قارشى ھالدا: "خاھىش ئالاھىدە كۆرسىتىپ بېرىش بىلەن ئەمەس، بەلكى مەيدان ۋە سىيۇژىت ئارقىلىق تەبىي يوسۇندا ئېقىپ چىقىشى كېرەك" دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. بۇ رېيالىزىملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ بىر قانۇنىيىتى بولۇپ، بۇنىڭغا خىلاپ ھالدا شوئارۋازلىق، مەددالىق قىلىنسا بەدىي ئەدەبىيات چىغىر يولغا كىرىپ قالىدۇ. رېيالىزىملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا يازغۇچى ئۆزى سۆزلىمەكچى بولغان سۆزنى خالىغانچە پېرسوناژنىڭ ئاغزىدىن بەرسە بولمايدۇ، ئەسەرنىڭ ماسلىشىش بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، پېرسوناژ ۋە سىيۇژىتتىن ئايرىلغان ھالدا ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى ئىپادىلىسە تېخىمۇ بولمايدۇ. رېيالىزىم كىلاسسىزىمغا ئوخشاش سىياسى، ئىجتىمائى، ئىقتىسادىي خاراكتېردىكى ئۇزۇنىدىن-ئۇزۇنغا سوزۇلغان گەپلەر بىلەن شوئارۋازلىق قىلمايدۇ، بەلكى ئۇ ئۇزۇل-كېسىل ئوبيېكتىپ پوزىتسىيە بىلەن ئىش ئېلىپ بارىدۇ. مۇبادا ئەسەرنىڭ قانۇنىي كورۇنۇشىدىن ئايرىلىپ، ئاپتورنىڭ سۇبيېكتىپ كۆزقارىشى ئەسەرگە زورلاپ كىرگۈزۈلسە، ئۇ ھالدا ئەسەردىكى ئوبراز مۇجمەللىشىپ خۇنۇك بىر شەيئىگە ئايلىنىپ قالىدۇ-دە، يازغۇچىنىڭ كۆزقارىشى بولۇپمۇ ئۇنىڭ مۇھەببەت-نەپرىتى ئەسەر پېرسوناژىنىڭ ۋۇجۇدىدا تەبىي يوسۇندا ئۆز ئىپادىسىنى تاپالمايدۇ، بۇنداق بولغاندا كىتاپخان ئۇنىڭدىن بىر خىل تېپىكلىك ھىس قىلمايدۇ، ھەمدە ئۇنىڭدىن ئىستېتىك



لەززەتمۇ ئالالمايدۇ.

يۇقۇرىدا دىگەنلىرىمىز رېيالىزىملىق ئەسەرلەرنىڭ خاھىشچانلىقىغا قارىتا ئېيتىلغان بولۇپ، بۇنى رېيالىزىملىق ئەسەرلەر ئۈچۈن مۇقەددەس پىرىنسىپ ۋە ئۆلچەم قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ، مۇرەككەپ ئىجتىمائى ھاياتتا بىر يازغۇچى بىرلا ۋاقىتتا بىرنەچچە ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشى مۇمكىن؛ بىز رېيالىزىمنىڭ يۇقۇرقى خۇسۇسىيەتلىرىنى ماددىمۇ-ماددا رامكا قىلىۋېلىپ، ھەممە يەرنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتسەك بولمايدۇ، ئەگەر شۇنداق قىلىنسا، ئاسانلا مېتافىزىكىلىق خاتالىق يۈز بېرىدۇ. تارىخىي جەھەتتىن قارىغاندا، رېيالىزىملىق چۈشەنچە ئۈزلۈكسىز تەرەققى قىلىپ يېڭى-يېڭى مەزمۇنلار بىلەن بېيىپ بارماقتا. ئۇ، ئوخشىمىغان دەۋر، ئوخشىمىغان ماكاندىكى ئەدەبىيات ئەزالىرىدا دائىم ئوخشىمىغان تۈسكە ئىگە بولۇپ كەلدى. رېيالىزىملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى ئىگەللەشنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىغا زور پايدىسى بار.

رېيالىزىم بىر خىل ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىۋى ئېقىمى بولۇپ، ئۇ 19-ئەسىردە ياۋروپادا شەكىللەنگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىل ئىجادىيەت ئۇسۇلى بۇرۇندىنلا مەۋجۇت ئىدى. ھەرقانداق بىر ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسىرى تۇرمۇشنىڭ ئۆزىدە بار بولغان پورما ئارقىلىق رېيال تۇرمۇشنىڭ مۇھىم ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىگىنى ئەكس ئەتتۇرسە، بۇ رېيالىزىملىق ئەسەر بولۇۋې-

رىدۇ. بىز رېئالىزمنىڭ ئۆلچەملىرىنى ئابستراكت، ئۆزگەرمەيدىغان نەرسە دەپ چۈشەنمەسلىكىمىز كېرەك. رېئالىزم ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ كۈرەش ئەمەلىيىتىگە ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت ئەمەلىيىتىگە ئەگىشىپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە تەرەققىي قىلماقتا. بۇنىڭغا ياۋروپانىڭ رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى مىسال بولىدۇ، ئۇ خېلى بۇرۇنلا بىرىنچى بولۇپ قەدىمقى گىرېتسىيىدە پەيدا بولغان. بۇنى كىشىلەر ئومۇملاشتۇرۇپ، قەدىمقى رېئالىزم، دەپ ئاتىدى. ئۇ باشلانغۇچ كوممۇنا مۇناسىۋەتلىرىنى يېمىرىپ تاشلاش ۋە قۇللۇق دېموكراتىيە تۈزۈمىنى تىكلەش دەۋرىدە گۈللىنىپ، كىشىلەر بىلەن كىشىلەر، كىشىلەر بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى ھەرخىل مۇناسىۋەتلەرنى ئەكس ئەتتۈردى. ئۇ ۋاقىتلاردا كىشىلەرنىڭ دۇنيانى تونۇشى ۋە ھادىسىلەرنى كۆزىتىشى نىسبەتەن ئاددى بولدى. بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىدىكى پېرسوناژلارنىڭ ئىدىيىۋى خاراكتېرىمۇ نىسبەتەن ئاددى يارىتىلدى. كېيىن ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىگە كەلگەندە رېئالىزملىق ئەدەبىيات-سەنئەت يەنىمۇ تەرەققىي قىلدى. بۇ ئويغىنىش دەۋرى رېئالىزمى دەپ ئاتالدى. ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپادا ھەرقانداق مۇناسىۋەت تەڭرىنى مەركەز قىلاتتى. كېيىن سودا-سانائەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى، جەمئىيەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە باشقا ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەر تەڭرىنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇش تەلىۋى بىلەن ئەركىنلىك ۋە ئازاتلىققا ئېرىشتى.



بىر قىسىم ئىلىم-پەن ئەھلىلىرى ئادەم ئاساس قىلىنغان ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى كۈچىنىڭ بېرىچە تەشەببۇس قىلدى، شۇنىڭدىن باشلاپ ئادەمنى ئاساس قىلغان مەدەنىيەت ھەرىكىتى شەكىللەندى. بەدىئىي ئىجادىيەت رېئاللىقتىكى ئادەملەر، دىندىكى تەڭرىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلىپ، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ لەززەتلىك مەزمۇنى ئەكس ئەتتۈرۈلدى ۋە خاراكتېرى روشەن بولغان پېرسوناژ ئوبرازى يارىتىلدى. شۇنداق قىلىپ، ۋەزىيەت ئېھتىياجى بىلەن شېكسپىرنىڭ رېئالىزملىق درامىلىرى بارلىققا كەلدى. شېكسپىر تەرىپىدىن يارىتىلغان پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى تولۇق ۋە جانلىق بولۇپ، رېئالىزم تەرەققىيات تارىخىدىكى بىر ئۆچمەس شانلىق نەمۇنە بولدى.

رېئالىزم ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ ئاقارتىش دەۋرىگە كەلگەندە يېڭى بىر باسقۇچقا كۆتۈرۈلدى. ئاقارتىش ھەرىكىتى 18-ئەسىردە غەربىي ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردە فېئوداللىزمغا قارشى ھەرىكەت يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈپ، بۇرژۇئازىيە ھوقۇق تارتىۋېلىش ئالدىدا تۇرغان دەۋرگە توغرا كېلىدۇ. فېئوداللىزم مۇستەبىتلىكىنى پاش قىلىش، "تۇغما كىشىلىك ھوقۇقى"نى تەشەببۇس قىلىش، "ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، مېھرىۋانلىق"نى تەشۋىق قىلىشتەك ئىدىيە جەھەتتىكى بۇ خىل ئاقارتىشنىڭ تەلىۋى مۇقەررەر يوسۇندا رېئالىزمنىڭ مەزمۇنىنى تەشكىل قىلدى. ئەدەبىيات-سەنئەتتە رېئاللىقتىكى ئادەملەر—پادىشالار، ئاقسۆڭەكلەرنى تەسۋىرلەشتىن باشلاپ، ئاددىي كىشىلەرنىڭ

تۇرمۇشلىرىنى ئەكس ئەتتۇرگەن ئەسەرلەر پەيدا بولدى. رىياللىقتىكى كىشىلەرنىڭ قەيسەرلىكى، تىز پۈكمەسلىكى، خەۋپ-خەتەر ئىچىدە ھېچنىمىگە پەرۋا قىلماي ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان شانلىق ئوبرازلىرى ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن يارىتىلدى.

19-ئەسىرگە كەلگەندە رىيالىزىم تەرەققى قىلىپ، ئەڭ يۇكسەك پەللىگە كوتىرىلدى. بۇ ئەينى ۋاقىتتا تەنقىدىي رىيالىزىم دەپ ئاتالدى. 19-ئەسىرنىڭ بېشىدا ياۋروپادىكى بۇرژۇئازىيە تۇزۇمى ئورنىتىلغان بەزى دولەتلەردە ئىنتايىن تېزلا چوڭقۇر بولغان ئىجتىمائى كىرزىسلار ئاشكارىلىنىپ قالدى. بۇرژۇئازىيە خەلقىنىڭ نامىدىن پايدىلىنىپ، فېودالىزىمغا قارشى ھەركەتنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۇرگەندىن كېيىن، ئۇزۇن ئوتمەيلا ئەكسىيەتچىلىككە، مۇتەئەسسىپلىككە قاراپ ئوزگەردى. ھوقۇقدارلار بىلەن خەلقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سىياسى، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى پەرقىنىڭ چوڭىيىشى، پۇلنىڭ جىنايەتكە ئايلىنىشى، ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشى تۇپەيلىدىن پۇتكۇل جەمىيەتنى ئوتكۇر يۇقۇملۇق كېسەلدەك كەيپىيات قاپلاپ كەتتى. بۇ ئەھۋال خەلق ئاممىسىنىڭ قاتتىق غەزىۋىنى قوزغىدى. شۇنداق قىلىپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ ياۋۇزلىقى، چىرىكلىكى، ئەكسىيەتچىلىكىنى پاش قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىشنى مەقسەت قىلغان تەنقىدىي رىيالىزىملىق ئەدەبىيات ھەركىتى پەيدا بولدى. لېكىن تەنقىدىي رىيالىزىملىق ئەدەبىيات ھەركىتى 1848-يىلدىكى فرانسىيە ئىنقىلاۋىدىن كېيىن غەربىي ياۋروپادا زاۋاللىققا يۇزلەندى.



كوپلىگەن تەنقىدىي رىيالىست يازغۇچىلار رىيالىزىملىق ئىجادىيەت پىرىنسىپىدىن ۋاز كېچىپ، ئىجتىمائى تۇرمۇشنىڭ يۇزەكى ھادىسىلىرىنى تەسۋىرلەشكە بېرىلىپ كەتتى.

گەرچە 19-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا غەربىي ياۋروپادا تەنقىدىي رىيالىزىم زاۋاللىققا يۇزلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما دەل شۇ ۋاقىتتا روسىيىدە تەنقىدىي رىيالىزىم مىسلىسىز دەرىجىدە گۇللەپ ياشنىدى. بۇنىڭ بۇنداق بولۇشىدىكى مۇھىم سەۋەپ شۇكى، روسىيە كاپىتالىستىك ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلىرىنىڭ تەرەققى قىلىشى، چار پادىشا ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەبىتلىكى ۋە ئېغىر يانچىلىق تۇزۇمى پۇتۇن روسىيىنى تېرورلۇق قاپلىغان قاراڭغۇ جاھالەتكە ئايلاندۇردى. زىددىيەتنىڭ ئوتكۇرلىشىشى ۋە غەربىي ياۋروپا مەرىپەتچىلىك ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى بىلەن روسىيىنىڭ بىپايان يېزىلىرىدا يانچىلارنىڭ قوزغىلاڭلىرى ئۇزلۇكسىز پەيدا بولدى. دېموكراتىك ئىدىيىگە ئىگە بولغان زىيالىلار، يازغۇچىلار جەمىيەت مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشنىڭ چىقىش يولىنى ئىزلەپلا قالماستىن، بەلكى كۇچلۇك دېموكراتىك ئىدىيىدىكى روس زىيالىلىرى چار پادىشانىڭ چىرىك ئىجتىمائى تۇزۇمىگە قارشى تەنقىدىي رىيالىزىمنى ئۇزىنىڭ كۇرەش قورالى قىلىپ باتۇرلۇق بىلەن كۇرەشكە ئاتلاندى. مەشھۇر ئىنقىلاۋىي دېموكراتىك ئەدەبىي تەنقىتچىلەردىن بېلىنسكى، چېرنىشېۋسكى، دوبرولىيوبوۋلار 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى تەنقىدىي رىيالىزىمنىڭ تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى خۇلاسىلەپ، روسىيە

تەنقىدىي رېئالىزملىق ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كۈچلۈك نەزەرىيىۋى ئاساس تەييارلاپ بەردى، بۇنىڭ بىلەن گوگول، تولستوي، چېخوپ ۋەكىللىكىدىكى تەنقىدىي رېئالىست يازغۇچىلار ئوخشىمىغان نۇقتىدىن چار پادىشا روسىيىسىنىڭ چىرىك ماھىيىتىنى تەل-توكۇس ئېچىپ تاشلىدى ۋە پارلاق ئىدىيىگە ئىگە بولغان سەنئەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ياراتتى.

دېمەك، قەدىمقى ئاددى كىشىلەرنىڭ خاراكتېرىنى سۈرەتلەشتىن باشلاپ، ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى تولۇق، جانلىق پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى يارىتىشقىچە ھەتتا 19-ئەسىردىكى تەنقىدىي رېئالىزملىق ئەدەبىياتتا "تىپىك شارائىتتىكى تىپىك خاراكتېرنى قايتا كۆرسىتىش" كىچە بولغان ئۇزۇن جەريان ياۋروپا رېئالىزملىق ئەدەبىياتىنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققى قىلىش ۋە يۈكسەك پەللىگە كۆتىرىلىشتەك تارىخىي جەريانىدۇر. بىز رېئالىزمنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققى قىلدۇرۇلغانلىقىنى شەرھىيلەش بىلەن ھەرگىزمۇ قەدىمقى دەۋرلەردىكى رېئالىزمنىڭ تارىخىي ئورنىنى ئىنكار قىلمايمىز ۋە ئىنكار قىلىشىمىزمۇ مۇمكىن ئەمەس، مەسىلەن، گومېرنىڭ «ئىلىئادا» داستانى، شېكسپىرنىڭ «گاملېت» دېگەن ئەسىرى، بالزاكنىڭ «كىشىلىك كومېدىيىسى» دېگەن ئەسىرى ئوخشىمىغان دەۋرلەردىكى رېئالىزمنىڭ شانلىق نەمۇنىلىرىدۇر. رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى يازغۇچىلاردىن تۇرمۇش رېئاللىقىنى بىۋاستە كۆزىتىشنى ۋە بەدىي تەسەۋۋۇرغا تايىنىپ رېئال تۇرمۇش كارتىنىسىنى ھەقىقى تۈردە ئىپادە



قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شارائىت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەرخىل روشەن، جانلىق پېرسوناژلارنىڭ ھەممىسىگە ئۆزى ياشاپ تۇرغان شارائىتنىڭ ساداسى ۋە قېنى سىڭگەن بولىدۇ. بۇ ھەقتە گوركى: "رېئالىزم كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھەر خىل تۇرمۇش ھالەتلىرىنىڭ بىزەپ كۆرسىتىلمىگەن ھەقىقى تەسۋىرى" دەپ ئېيتقان ئىدى.

بىز بۇ يەردە تەبىي يوسۇندا شۇنداق سوئال قويىمىزكى، ئېنگېلس "تىپىك شارائىتتىكى تىپىك خاراكتېرنى ھەقىقى تۈردە قايتا كۆرسىتىش"نى رېئالىزمنىڭ تەبىرى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويغانمۇ؟ ئەگەردە ئېنگېلسنىڭ خاكنىسقا يازغان خېتىنى ئوقۇيدىغان بولساق، ئەھۋالنىڭ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەسلىكىنى بىلىمىز. ئېنگېلس ئۆز خېتىدە «شەھەر قىزى» دېگەن ئەسەرنىڭ رېئالىزملىق چىنلىق ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىللە، يەنە بۇ ئەسەرنى تولۇق بولمىغان رېئالىزم دەپ تەنقىت قىلىدۇ. تولۇق بولماسلىقىدىكى سەۋەپ شۇكى، ئۇنىڭدا تىپىك شارائىتتىكى تىپىك خاراكتېر ئەكس ئەتتۈرۈلمىگەن. مەسىلە ناھايىتى ئېنىقكى، ئېنگېلس «شەھەر قىزى»نى رېئالىزملىق چىنلىق دەپ مۇقىملاشتۇرۇش بىلەن بىللە يەنە خاكنىسنىڭ ئىجادىيىتىگە تېخىمۇ قاتتىق تەلەپ قويىدۇ. ئېنگېلسنىڭ خاكنىسقا يازغان خېتىدىكى بۇ ھۆكۈمنى تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ چۈشەنگەندە مۇنداق ئىككى تەرەپ نەزەرگە ئېلىنىدۇ: بۇنىڭ بىرى، رېئالىزم تۇرمۇشنى كونكرېت،

نەپىس، ئەينەن ھالدا تەسۋىرلىشى، تەپسىلاتنىڭ چىنلىقىغا ۋە مۇللىقىغا ئېرىشىشى كېرەك؛ تەپسىلات بولسا سەنئەتنىڭ ھۈجەيرىسى بولۇپ، ئۇ ئوبرازنىڭ كونكرېتلىقىنى ۋە چىنلىقىنى تەشكىللەشنىڭ شەرتىدۇر. رېئالىست يازغۇچىلار ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئەسلىدىكى قىياپىتىنى چىنلىق بىلەن قايتا كۆرسىتىش ئۈچۈن تەپسىلاتنىڭ توغرا تەسۋىرلىنىشى ۋە نەپىس بولۇشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بىلەن قارايدۇ. ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى، كىشىلەرنىڭ بىلىش قابىلىيىتىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ئارقىسىدا، رېئالىزملىق ئەسەر تەپسىلاتىنىڭ تەسۋىرلىنىشىمۇ بارغانسېرى توغرا ۋە تولۇق بولىدۇ. 19-ئەسىرگە كەلگەندە تەنقىدىي رېئالىست يازغۇچىلارنىڭ جەمئىيەتنى چۈشىنىش بولۇپمۇ كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى چۈشىنىش ۋە ئۇنى ئىگىلەش قابىلىيىتى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرۈلدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن رېئالىزملىق ئەسەرلەرنىڭ تەپسىلات تىپىكلىكى، چىنلىقلىقى ۋە مۇللىقىنىڭ يۈكسەكلىكى شۇنچىلىك توغرا، روشەن ۋە جانلىق بولدىكى، ئۇ خۇددى تۇرمۇشنىڭ ئۆزىدەك گۈزەل، باي ۋە كۆپ خىل بولدى. رېئالىزم ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى قانۇنىي يوسۇندا ئەنە شۇنداق چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ئېنگېلس بالزاكنىڭ «كىشىلىك كومېدىيىسى»نى تىلغا ئېلىپ: "بىزنى فرانسىيە جەمئىيىتىنىڭ بولۇپمۇ پارىژ يۇقىرى تەبىقە جەمئىيىتىنىڭ



ئاجايىپ رېئال تارىخى بىلەن تەمىنلىدى" "ھەتتا ئىقتىسادىي تەپسىلاتلار جەھەتتە ئەينى ۋاقىتتىكى كەسپىي تارىخشۇناسلار ۋە ئىستاتىستىكىچىلار ئىگىلىگەن بارچە نەرسىدىنمۇ كۆپ بولغان نەرسە بىلەن تەمىنلىدى" دەپ ئالاھىدە ماختىغان ئىدى.

يەنە بىرى تىپىك شارائىتتىكى تىپىك خاراكتېرنى ھەقىقىي تۈردە قايتا كۆرسەتكەندە، تىپىك شارائىت بىلەن تىپىك پېرسوناژنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى بىرلىكىگە ئېرىشىش كېرەك. ماركس: "ئادەمنىڭ ماھىيىتى ھەرگىزمۇ شەخسنىڭ ئۆزىدە بار بولغان ئابستراكت شەيئى بولماستىن، بەلكى رېئاللىق جەھەتتە بارلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ يىغىندىسىغا تەڭ" دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. قەدىمقى زاماندا يېزىلغان رېئالىزملىق ئەسەرلەردە پېرسوناژ ھەركىتىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبىنى تولۇق ھالدا چۈشەندۈرۈپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. لېكىن، كېيىنكى دەۋرلەردە پەن-مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنىڭ جۇغلىنىشى نەتىجىسىدە تەنقىدىي رېئالىزم "تىپىك شارائىتتىكى تىپىك پېرسوناژنى چىنلىق بىلەن قايتا كۆرسىتىش" تەك يۈكسەك دەرىجىگە كۆتۈرۈلدى، رېئالىست يازغۇچىلار ئاڭلىق ھالدا ئىجتىمائىي تۈزۈم كىشىلەرنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ، دېگەن پرىنسىپنى چىقىش قىلىپ، ھەقىقىي، جانلىق بولغان پېرسوناژلار ئوبرازى ئارقىلىق مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان تۇرمۇش شارائىتىنى تارىخىي يوسۇندا كونكرېت تەسۋىرلىدى ھەمدە بۇ شارائىتنىڭ تەسىرى ئاستىدا

پىرسوناژ خاراكتىرىنىڭ ئۆزگەرگەنلىگىنى تەسۋىرىي يوسۇندا
ئېنىق كورسەتتى. رېيالىست يازغۇچىلار پىرسوناژ خاراكتىرىنى
شارائىت بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۇرگەنلىگى ئۈچۈن،
گەرچە ئەسەردە تەسۋىرلىگىنى ئايرىم پىرسوناژنىڭ تەقدىرى
بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئارقىلىق ئېرىشىلگەن نەتىجە شۇ جەمى-
يەتنىڭ مۇئەييەن ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى ئېچىپ كورسىتىپ
بېرىشتىن ئىبارەت بولىدى. بۇنىڭدىن كورۇشكە بولىدۇكى،
چىنلىق رېيالىزىمنىڭ ئاساسى ۋە جېنى. چۈنكى رېيال دۇنيادا
گۈزەل بولغان ۋە گۈزەللىككە مەنسۇپ بولغان شەيئىلەرنىڭ
ھەممىسى چىنلىقتۇر. شۇڭا رېيال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۇرگەن
گۈزەل ئەدىبىي ئەسەرلەردە تۇرمۇشنى بىزەپ كورسەتكەن ساختا
ئېلېمېنتلار بولمايدۇ. لۇشۇننىڭ "چىنلىق ھەجۋىنىڭ جېنى"
دەپ كورسىتىشىمۇ بۇ ھەقىقەتنى تېخىمۇ روشەنلەشتۇرىدۇ.

مۇرەككەپ ئەدەبىيات-سەنئەت ھادىسىلىرىنىڭ ئىچىدە بەزى
ئەسەرلەرنىڭ شۇنچىلىك يۇكسەك باھاغا ھەتتا ئۇزاق ۋاقىتقىچە
كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىدىغان ھاياتىي كۈچكە ئىگە
بولۇشىدىكى ئاساسىي نەرسە شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بۇ ئەسەر-
لەرنىڭ ئاپتورلىرى رېياللىقنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۇرۇشنى
ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى دەپ بىلگەن، ئۇلارنىڭ ئەسەر-
لىرىدە بەلگىلىك دەۋر، بەلگىلىك ئىجتىمائى تۇرمۇشنىڭ
قىياپەتلىرى ۋە ئىجتىمائى تۇرمۇشنىڭ مەلۇم ماھىيەتلىك
تەرەپلىرى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بۇ ئەسەرلەردە چىنلىق



ئالاھىدە كوڭۈل قويۇپ نەپىسلىك بىلەن تەسۋىرلىنىپلا قال-
ماستىن، بەلكى پىرسوناژلار بىلەن شارائىتنىڭ مۇناسىۋىتى،
تەپسىلاتلارنىڭ ھەقىقىلىغى بىلەن ئەينەنلىگىمۇ ئەستايىدىللىق
بىلەن كوڭۈل قويۇپ تەسۋىرلەنگەن؛ تۇرمۇش ساختىلىق بىلەن
بوياپ كورسىتىلمىگەن؛ تۇرمۇشنىڭ ئەسلى قىياپىتى قانداق
بولسا، ئۇ شۇ پېتى ساداقەتلىك بىلەن ئەينەن ئەكس ئەت-
تۇرۇلگەن، قىسقىسى تۇرمۇشنىڭ ئۆزىدىكى قانۇنىيەتكە ۋە بىر
خىل ئوبېكتىپ ئىجادىيەت ئۇسۇلىغا قاتتىق ئەمەل قىلىنغان.
مۇبادا رېيالىزىملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا بولۇشقا تېگىشلىك بۇ
قانۇنىيەتلىك خۇسۇسىيەتلەرگە ئەمەل قىلىنمىغاندا ئىدى، ئۇ
ئەسەرلەر ئۇنچىلىك زور ئالقىشقا ۋە زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە
بولمىغان بولاتتى. رېيالىزىملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدىكى بۇ
قانۇنىيەتنى تەكىتلىگەنلىك ۋە ئۇنى ھىمايە قىلغانلىق ھەرگىزمۇ
ئەدەبىيات-سەنئەتنى سىرلىق ھادىسە قىلىپ قويغانلىق بول-
ماستىن، بەلكى باشقا خىزمەتلەر جەريانىدا شەيئىلەرنىڭ ئوبېك-
تىپ قانۇنىيىتىگە ھورمەت قىلىشنى، ئوبېكتىپ قانۇنىيەت بويىچە
ئىش كورۇشنى تەكىتلىگەنلىك بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

دۇنياقاراش بىلەن ئىجادىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىدە،
كىشىلەر ئۇزۇندىن بۇيان دۇنياقاراش ئەدەبىي ئىجادىيەت جەر-
يانىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ دەپ سوزلەشكە ئادەتلىنىپ
قالدى، راستىنى ئېيتقاندا، مەسىلىنى مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇش
ياكى مەسىلىنى مۇشۇنداق چۈشىنىش بەلگىلىك ئالدىنقى شەرت

ياكى بەلگىلىك دائىرە ئىچىدىلا توغرا بولىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەر بولسا ئوبېكتىپ رىيال تۇرمۇشنىڭ سەنئەتكار مىڭىسىدىكى ئىنكاسىنىڭ مەھسۇلى. ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلۈشنىڭ مۇناسىۋىتىدە رىيال تۇرمۇش ئىجادىيەتنىڭ بىردىنبىر بۇلىقى بولۇپ، ئۇ بىرلەمچى بولغاچقا، ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. دۇنياقاراش بولسا كىشىلەرنىڭ سۇبېكتىپ كۆزقاراش سېستىمىسى، ئۇنىڭ توغرا ياكى خاتا ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن، ئۇنى رىيال ئەمەلىيەت ئىچىگە ئېلىپ بېرىپ، ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكۈزۈش كېرەك. رىيال تۇرمۇش ئىجادىيەتنىڭ بۇلىقى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى دۇنياقاراشنى ئۆزلۈكسىز يېڭىلايدىغان مۇھىم ئامىل. كىشىلەرنىڭ سۇبېكتىپ ئىدىيىسىنىڭ پەيدا بولۇشى، ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئوبېكتىپ ئەمەلىيەتتىن كېلىدۇ، ئۇنداق بولمىغاندا سەنئەتكار دۇنياقارىشىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشىنى چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ. ئەگەر رىيال تۇرمۇشنىڭ بىرلەمچى بولۇشىدەك پرىنسىپتىن ئايرىلغاندا، شەرتسىز ھالدا بىر تەرەپلىمىلىك بىلەن، دۇنياقاراشنىڭ رولى چوڭايتىۋېتىلىدۇ-دە، ئۇ ھەممىنى بەلگىلەيدىغان ئامىل بولۇپ قالىدۇ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئىدىيالىزم باش كۆتىرىدۇ. پەقەت رىياللىقنىڭ ئىجادىيەت جەريانىدا بىرىنچى دەرىجىلىك رول ئوينايدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك ھەل قىلغۇچ ئامىل ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدىلا، دۇنياقاراشنىڭ



رولى تەكىتلەنسە، ئاندىن بۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولىدۇ ۋە توغرا بولىدۇ. رىيالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى ئوبېكتىپ قانۇنىيەت دەپ تەكىتلەشمۇ، دەل ئوبېكتىپ رىياللىقنىڭ ئىجادىيەت جەريانىدىكى بىرىنچى دەرىجىلىك رولىنى تەكىتلىگەنلىك ئىدى. ئەپسۇسكى كېيىنكى يىللاردا بۇ قانۇنىيەت بويىچە ئىش كۆرۈش ۋە ئۇنى تەكىتلەش بىر خىل جىنايەتكە ئايلىنىپ قالدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئەدەبىي ئىجادىيەت قانداق بولدى؟ ئىجادىيەتتە تۇرمۇشنى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى بويىچە تەسۋىرلىمەي، تۇرمۇشنى مۇبالىغە قىلىپ سۈنئىي ھالدا بېزەپ كۆرسىتىدىغان، تۇرمۇشنىڭ ھازىرقى ئوبېكتىپ رىياللىقنى ئىنكار قىلىدىغان، تۇرمۇشتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان قاراڭغۇ تەرەپلەرنى يوشۇرىدىغان، ئۇنى ھەققانىي يوسۇندا ئەينەنلىگى ۋە چىنلىقى بىلەن تەسۋىرلىمەيدىغان ئىنتايىن چاكىنا، ئىنتايىن يىرگىنىشلىك ئەدەبىي ئىستىل ھەممىلا يەرنى قاپلاپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن تۇرمۇشنىڭ بۈگۈنكى كۈنىنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ كەلگۈسىدە قانداق بولىدىغانلىقىنى تەسۋىرلەش ئەدەبىياتنىڭ مۇھىم شوئارى ھەم ۋەزىپىسى بولۇپ قالدى. ھەتتا بۇ، پارتىيىنىڭ، خەلقنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتكە قويغان تەلىۋى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ۋاھالەنكى پارتىيىنىڭ ۋە خەلقنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتكە ھېچقاچان مۇنداق تەلىۋى بولمىغان ۋە بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. پارتىيىنىڭ ۋە خەلقنىڭ ئەزەلدىن ئەدەبىيات-سەنئەتكە قويغان تەلىۋى ئوبېكتىپ رىياللىقنى چىنلىق

بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى.

ئەدەبىياتنىڭ بولۇپمۇ رېئالىزمنىڭ جېنى چىنلىق بولغىنى ئۈچۈن، چىن بولمىغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنى پارتىيەمۇ، خەلقمۇ قارشى ئالمايدۇ، خۇددى پىتنە ـ پاسات تېرىيدىغان، يالغانچىلىق بىلەن جان باقىدىغان كىشىلەرنىڭ مەنىۋى جەھەتتە ئاخىر بىر كۈنى ئۈزۈل ـ كېسىل گۇمران بولغىنىغا ئوخشاش، ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىكى بوياقچىلىق، ساختىپەزلىك، يالغانچىلىق، مۇبالىغىچىلىك قاتارلىق ناچار ئىللەتلەرمۇ ئاقىۋەت خەلقنىڭ سەنئىتىگە ھالاكەت كەلتۈرىدۇ. توغرا، بۇ يەردە يەنە بىر نەرسىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، چىن بولغان نەرسىنىڭ ھەممىسىنىڭ گۈزەل بولۇشى ناتايىن، ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىكى رېئالىزم چىنلىققا تەڭ ئەمەس. ئەمما رېئالىزملىق سەنئەت جەزمەن چىن بولۇشى كېرەك، ياكى مۇنداقچە ئېيتقاندا، چىنلىق رېئالىزمنىڭ ئەڭ باشلانغۇچ شەرتىدۇر.

دېمەك، رېئالىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ پارلاق غەلىبىسى بۇ ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ توغرا، مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى ئاللىقاچان ئىسپاتلاپ بولدى. بىز پۈرولېتارىياتلىق ئەدەبىياتىمىزنى يەنىمۇ جانلاندۇرىمىز، يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرىمىز، ئەدەبىياتنىڭ ئوبېكتىپ رېئاللىقنى ئۆزگەرتىشتىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرىمىز دەيدىكەنمىز، ئۇ ھالدا رېئالىزملىق ئەدەبىياتنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىشىمىز ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. مۇبادا سەنئەتكار ئوبېكتىپ رېئاللىقنى ئۆزگەرتىش



ئۇنى بىر قەدەم ئىلگىرى سۈرۈشنى مەقسەت قىلغان ئىكەن، ئۇ ئەڭ ئاۋۋال رېئاللىقنىڭ مۇھىملىقىنى تولۇق چۈشىنىشى، ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىشى، ئۇنىڭ تۈپ ماھىيىتى ۋە قانۇنىيىتىنى چوڭقۇر ئىگىلىشى كېرەك. سەنئەتكار ئوبېكتىپ رېئاللىقنى ھەقىقىي تۈردە ئۆز ماھىيىتى بىلەن چۈشەنگەندىلا، ئاندىن ئۆز ئىشىدا غەلىبە قىلالايدۇ.

# نەسرى شېئىر ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا

ھېلىم موللايۇپ

يېقىنقى يىللاردىن بېرى، گېزىت-ژۇرناللارغا ”نەسرى شېئىر“ دىگەن ژانىر نامى بىلەن خېلى كۆپ ئەسەرلەر بېسىلدى. بۇنى كۆرگەن كىتاپخانلار، بولۇپمۇ ياش ئەدەبىي ھەۋەسكارلار، نەسرى شېئىرنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى نىمە؟ ئۇنىڭ لىرىك سەنۋېن ۋە ئەركىن شېئىرلاردىن پەرقى نىمە؟ نەسرى شېئىر زادى شېئىرلار تۈركۈمىگە كىرەمدۇ ياكى سەنۋېنلار تۈركۈمىگە كىرەمدۇ؟...... دىگەنگە ئوخشاش بىرمۇنچە سوئاللارنى قويۇشتى.

”نەسرى شېئىر“ دىگەن بۇ ئاتالغۇ ئەسلىدە بۇنىڭدىن بۇرۇن، خەنزۇچىدىكى ”سەنۋېن شى“ دىگەن ئىككى سۆزلۈك ئاتالغۇدىن ”پىروزا بىلەن يېزىلغان شېئىر“، ”چاچما شېئىر“ دىگەنگە ئوخشاش ئاتالغۇلار بىلەن تەرجىمە قىلىنىپ كەلگەن ئىدى. ھازىر، ئاساسىي جەھەتتىن، ”نەسرى شېئىر“ دەپ مۇقىملاشتۇرۇلدى.

ئۆزىنىڭ ئىسمىدىنمۇ مەلۇمكى، بۇ ژانىر ھەم لىرىك سەنۋېنىنىڭ، ھەم لىرىك شېئىرنىڭ ئالاھىدىلىكى بولغان بىر خىل شېئىرىي



شەكىل بولۇپ، نەسرى بولغان تىل شەكلى ئارقىلىق، قىسقىراق لىرىك شېئىرلارنىڭ مەزمۇنى ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ، مەزمۇنىدىن قارىغاندا، خۇددى لىرىك شېئىرلاردەك يۈكسەك يىغىنچاقلانغان بولىدۇ؛ شەكلىدىن قارىغاندا، ۋەزىنلىك ۋە ئەركىن شېئىرلاردەك تىزما بولماستىن، بەلكى مىسرالارغا تىزىلمىغان چاچما (نەسرى) شەكىلدە بولىدۇ. شۇڭا، بەزىلەر بۇنى ”سەنۋېنلەشكەن شېئىر“ دەپمۇ ئاتايدۇ، لېكىن شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىش كېرەككى، بۇنى ”لىرىك شېئىر“ دەپ ئاتاشقىمۇ، ”لىرىك سەنۋېن“ دەپ ئاتاشقىمۇ بولمايدۇ، بەلكى بۇنى پەقەت ”سەنۋېن شەكلى بىلەن يېزىلغان شېئىر“ ۋە ياكى ”نەسرى شېئىر“ دەپلا ئاتاشقا بولىدۇ. بىر شەيئى ئىسمىنىڭ شۇ شەيئىنىڭ بارلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلىشى ناتايىن، شۇڭا، ”نەسرى شېئىر“ دىيىلگەندە، گەرچە ئۇنىڭ تېپىكلىكى ياكى لىرىكلىكى ئاجرىتىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ژانىرنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىن قارىغاندا، تامامەن لىرىكلىق ئىكەنلىكىنى ئېسىمىزدىن چىقىرىپ قويماسلىقىمىز كېرەك.

نەسرى شېئىرلاردا ئىپادىلەشنىڭ بايان قىلىش ۋە تەسۋىرلەش ئۇسۇللىرى ئىشلىتىلمەيدۇ ياكى ناھايىتى ئاز ئىشلىتىلىدۇ-دە، ئاساسىي جەھەتتىن خۇددى تىزما ۋە ئەركىن شەكىللەردىكى لىرىك شېئىرلاردەك، ئاپتور يېزىلىۋاتقان شەيئىلەرگە بولغان ھىس-تۇيغۇ، مۇھەببەت-نەپرەتلىرىنى مول تەسەۋۋۇر ۋە ئەسلەتكۈچىلەرگە (باغلىنىشلىق ئۇيلارغا) تايىنىپ تۇرۇپ،

ئوبرازلىق، يېغىنچاق بەدىي تىل ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ. قىسقىسى، ئۇنىڭدا لىرىكىلىق ئىپادىلەش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. ئومۇمەن، نەسرى شېئىرلارنىڭ بەدىي ئالاھىدىلىكى تىزما شەكىلدىكى لىرىك شېئىرلارغا قارىغاندا ئەركىنرەك (ئەركىن شېئىرلارنىڭ شەكلىدىنمۇ ئەركىنرەك)، ئەمما لىرىك سەنۋېندىن يىغىنچاقراق، ئىخچامراق كېلىدۇ. بۇنداق نەسرى شېئىرلارغا لۇشۈننىڭ «ياۋايى گىيالار» توپلىمىدىكى ئەسەرلىرى، گوركىنىڭ «بوران قۇش قوشىقى»، تۇرگېنېۋنىڭ «ئەتىرگۈل»، «دوست ۋە دۈشمەن» دېگەن ئەسەرلىرى ناھايىتى ئوبدان مىسال بولالايدۇ.

نەسرى شېئىرنىڭ لىرىك سەنۋېندىن پەرق قىلىدىغان يېرى شۇكى، ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىن قارىغاندا، لىرىك سەنۋېنلاردا، ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ ئاساسلىقى لىرىك ئۇسۇل بولسىمۇ، لېكىن يەنە بايان، مۇھاكىمە ۋە تەسۋىرلەرمۇ خېلى ئۇچرايدۇ؛ نەسرى شېئىرلاردا بولسا ئۇنداق ئەمەس، شۇنداقلا ھېسسىياتمۇ، لىرىك سەنۋېنغا قارىغاندا، تېخىمۇ يىغىنچاق، مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ. ھەجمى جەھەتتىن قارىغاندا، لىرىك سەنۋېنلار خېلى ئۇزۇن يېزىلىدۇ، نەسرى شېئىرلار بولسا ئۇنىڭدىن قىسقىراق يېزىلىدۇ. بۇ يەردە شۇنىمۇ ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، بەزى قىسقىراق يېزىلغان لىرىك سەنۋېنلار بىلەن سەل ئۇزۇنراق يېزىلغان نەسرى شېئىرلارنىڭ بىر بىرى بىلەن بولغان پەرقى ئانچە چوڭ بولمىغانلىقتىن، پەرقلەندۈرۈشمۇ ئانچە ئاسان



ئەمەس.

نەسرى شېئىرنىڭ ئەركىن شېئىر بىلەن بولغان پەرقى:

"ئەركىن شېئىر" ئاساسەن، شەكىلگە قاراپ قويۇلغان ئىسىم بولۇپ، بۇنداق شېئىرلارنىڭ ئالاھىدىلىكى، تىل جەھەتتىن قارىغاندا، ۋەزىن ئۆلچەملىرىنىڭ چەكلىمىسى بىلەن ئانچە قاتتىق چەكلەنمەيدۇ، مەزمۇنىنىڭ ئېغىز تىلىنىڭ تەبىي رىتىمدە ئېنىق ئىپادىلىنىشى بويىچە مىسرالارغا بولىنىدۇ، لېكىن مىسرالاردىكى بوغۇم سانى ۋە كۇپلېتلاردىكى مىسرالار سانى ئانچە باراۋەر بولمايدۇ. بىرقەدەر ئېنىق رىتىم بولىدۇ، لېكىن رىتىم، بارماق ۋەزىندىكى شېئىرلاردىكىدەك، ئۇنداق بەلگىلىك بوغۇمدا ۋە بەلگىلىك ئورۇندا ئىپادىلەنمەي، بەلكى ئېغىز تىلىنىڭ تەبىي رىتىمدە ئىپادىلىنىدۇ. قىسقىسى، بۇنداق شېئىرلار، ئىپادىلەش شەكلى جەھەتتە ئەركىنرەك بولۇپ، پەقەت شېئىري ھېسسىيات ۋە رىتىم بولسىلا، مەزمۇنىنىڭ تەلۋى ھەم ھېسسىياتىنىڭ دولقۇنى بويىچە يېزىلىۋېرىدۇ. ئەمدى نەسرى شېئىرلار بولسا، مىسرالارغا ئاجرىتىلمايدۇ، يېزىلىشى ئەركىن شېئىرلاردىنمۇ ئەركىنرەك بولىدۇ، ئىنۋېرسىيىلىك جۈملىلەرنى ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ. شۇڭا، ئوقۇغان چاغدا ئاساسەن، ئەركىن شېئىرلاردەك ئاڭلىنىدۇ، قاپىيىلىك يېزىلغان نەسرى شېئىرلار تېخىمۇ شۇنداق. بۇ يەردە يەنە شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ئوبدان يېزىلغان بارماق ۋەزىندىكى شېئىرلارنى مىسرالارغا ئاجراتماي، نەسرى شېئىرلاردەك چېچىپ يېزىپ قويۇشنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق،

ئەلۋەتتە! مىسرالارغا رەتلىك قىلىپ تىزىلغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ
شېئىر بولۇپ كېتىشى ناتايىن؛ شۇنداقلا، مىسرالارغا تىزىلمايلا
نەسرى ھالدا يېزىلغانلارنىڭمۇ شېئىر بولماي قېلىشى ناتايىن!

نەسرى شېئىرلارنىڭ قاپىيىلىك بولۇش-بولماسلىقى:

نەسرى شېئىرلارنى بەزىلەر، قاپىيىلىك بولىدۇ، دەيدۇ،
بەزىلەر قاپىيىسىز بولىدۇ، بەلكى قاپىيىسىز بولۇش ئۇنىڭ شۇنـ
داق بىر ژانىر بولۇپ شەكىللىنىشىدىكى بىر شەرت، دەيدۇ،
بۇنىڭغا جاۋابنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەشكە توغرا كېلىدۇ. نەسرى
شېئىرلارنىڭ ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا، بەزى نەسرى شېئىرلار
قاپىيىسىز يېزىلماقتا، بەزىلىرى قاپىيىلىك يېزىلماقتا. يەنە بەزىـ
لىرىنىڭ سۇس قاپىيە بىلەن يېزىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز؛
بەزىلىرىنىڭ بولسا، يېرىمى قاپىيىلىك، يېرىمى قاپىيىسىزمۇ
يېزىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز. شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش
كېرەككى، بۇنداق قاپىيىلەر يالغۇز نەسرى شېئىرلاردىلا بولماسـ
تىن، بەلكى بەزى سەنئەتلەردىمۇ (ھەتتا لىرىك چېكىنىشلەر
بېرىلگەن بەزى ئېپىك سەنئەتلەردىمۇ) ئۇچراپ تۇرىدۇ.

ئوقۇغۇچىلارغا ۋە ئاڭلىغۇچىلارغا تەسىر قىلىشى جەھەتتىن
قارىغاندا، قاپىيىسىز يېزىلغانلىرىغا قارىغاندا، قاپىيىلىك يېزىلغانـ
لىرى تەسىرلىك، جەلىپ قىلارلىق چىقىدۇ. بىراق، بۇ يەردە
شۇ نەرسىگە دىققەت قىلىش لازىمكى، بۇ مەزمۇن بىلەن شەكىلـ
نىڭ مۇناسىۋىتىگە ئالاقىدار مەسىلە بولغانلىقتىن، مەزمۇن
بىلەن ھېساپلاشماي، بىر تەرەپلىمە ھالدا شەكىل جەھەتتىكى



”گۈزەل“ لىككە بېرىلىپ كېتىدىغان شەكىلۋازلىققا قارشى تۇرۇـ
شىمىز كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە مەزمۇننى ئىپادىلەشـ
كە دەخلى يەتكۈزىدىغان شەكىل جەھەتتىكى يىرىكلىكلەرگىمۇ
قارشى تۇرۇشىمىز لازىم، خۇددى ماۋجۇشى «يەنئەن ئەدەبىيات-
سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق»تا كۆرسەتكىنىـ
دەك: ”...... سىياسى نۇقتىنەزىرى خاتا بەدىئى ئەسەرلەرگىمۇ
قارشى تۇرىمىز، توغرا سىياسى نۇقتىنەزىرىلا بولۇپ، بەدىئى
كۈچى بولمىغان ’شوئارۋازلىق‘ خاھىشىغىمۇ قارشى تۇرىمىز“.

نەسرى شېئىرلارنى شېئىرلار تۈركۈمىگە كىرگۈزۈش ياكى
سەنئەتلەر تۈركۈمىگە كىرگۈزۈش مەسىلىسى:

بەزىلەر، نەسرى شېئىر قۇر-مىسرالارغا بۆلۈنمەيلا يېزىلغانلىقـ
تىن، شېئىرلار تۈركۈمىگە ئەمەس، بەلكى ھېكايە-سەنئەتلەر
تۈركۈمىگە كىرىدۇ، دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، قۇر-مىسرالارغا
بۆلۈنگەنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ شېئىر بولۇپ كېتىشى ناتايىن، قۇر-
مىسرالارغا بۆلۈنمىگەنلەرنىڭ شېئىر بولماي قېلىشىمۇ ناتايىن.
شېئىرلار، ئومۇمەن، تۇرمۇشنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىكى
لىرىكىلىقلىقى بىلەن باشقا ئەدەبىي تۈرلەردىن ئالاھىدە پەرقلىـ
نىدۇ؛ شېئىرلار ئىستىلىستىك ۋاستىلەر جەھەتلەردە، باشقا ئەدەبىي
تۈرلەردىن ئالاھىدە پەرق قىلىدۇ. ئەمدى بۇ ئالاھىدىلىكلەر-
نىڭ ھەممىسى دىگۈدەكلا نەسرى شېئىرلاردا مەۋجۇت. نەسرى
شېئىرلار باشقا شېئىر تۈرلىرىدىن پەقەت قۇر-مىسرالارغا
تىزىلماي، بەلكى نەسرى ھالدا يېزىلىشى، بەزىدە قاپىيىلىك،

بەزىدە قاپىيىسىز، يەنى ئەركىن شېئىرلاردىنمۇ ئەركىنرەك يېزىلىشى بىلەن پەرق قىلىدۇ، شۇڭا، نەسرى شېئىر ھېكايە ۋە سەنئۇيېنلار تۈركۈمىگە ئەمەس، بەلكى شېئىرلار تۈركۈمىگە تەئەللۇق ژانىرغا يېقىن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ ژانىرغا "نەسرى شېئىر" دەپ نام بېرىلگىنى ئورۇنلۇق.



# «چاشتانى ئېلىگ بەگ» توغرىسىدا

**ئابدۇقېيۇم خوجا، ئىسراپىل يۈسۈپ**

19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە گېرمانىيە ئارخىولوگلىرى شىنجاڭ رايونىدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 4 قېتىم ئارخىولوگىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئۇلار بۇ جەرياندا نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك مەدەنىيەت - سەنئەت يادىكارلىقلىرىنى قولغا چۈشۈرۈپ ئېلىپ كەتكەن.

شىنجاڭدا ئىسلام دىنى ئومۇملىشىشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭدا قەدىمقى تۈركى مىللەتلەر ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ يازما يادىكارلىقلىرى ئاساسىي ئورۇننى ئىگەللەيتتى. شۇڭلاشقا، ھازىرغىچە خەلقارادا نۇرغۇن دۆلەتلەردىكى ئاتاقلىق تۈركولوگلار① ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەتقىق قىلماقتا، بولۇپمۇ تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان قەدىمقى ئۇيغۇر يادىكارلىقلىرىنى تەتقىق قىلىشتا گېرمانىيە تۈركولوگلىرى زور كۈچ سەرپ قىلدى. 1961 - يىلى گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى

① تۈركولوگلار — تۈركى تىللار بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار.

”تۇرپان يادىكارلىقلىرىنى تەتقىق قىلىش ئىلمىي جەمئىيىتى“نى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۇز ۋاقىتتا تۇرپاندىن ئېلىپ كەتكەن قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يادىكارلىقلارنى تەتقىق قىلىپ، 9 توپلام نەشر قىلدى.

«چاشتانى ئېلىگ بەگ» دېگەن رىۋايەتنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان نۇسخىسىنى (باش-ئايىغى تولۇق ئەمەس) گېرمانىيىنىڭ ئۈچ قېتىملىق ئارخېئولوگىك تەكشۈرۈش ئەترىتى (1913—1914-يىللار) تۇرپاندىن تاپقان. بۇ يادىكارلىق ھازىرغىچە بېرلىندا ساقلانماقتا.

بۇ رىۋايەت توغرىسىدا 1931-يىلى گېرمانىيىلىك تۈركشۇناس مۇللېر ئۇزىنىڭ تەتقىقاتىنى ئېلان قىلغان. 1947-يىلى «شەرق ھەقىقىتى» ژورنىلىنىڭ 10-سانىدا يۇسۇپ زىيا شېرۋانى «چاشتانى ئېلىگ بەگ» توغرىسىدا ماقالا ئېلان قىلىپ، ئۇنىڭدا بۇ رىۋايەتنى ”ئۇيغۇر ئەدىبىياتىنىڭ پارلاق يادىكارلىغى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ باتۇرلۇق قىسسىلىرىدىن بىرى......“ ۋاھاكازا، دەپ شەرھىيلىگەن. ئەمىلىيەتتە، بۇ بۇددا دىنىغا ئائىت بىر رىۋايەت بولۇپ، قەدىمقى كۇچار تىلىدا يېزىلغان كىتاپتىن قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. رىۋايەتنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسى گېرمانىيە ئارخېئولوگىيە ئەترىتى تەرىپىدىن تېپىلغان ۋاقىتتىلا تولۇق بولمىغانلىغى ئۈچۈن كىتاپنىڭ ئەسلى ھەجمى ۋە كىم تەرىپىدىن، قاچان تەرجىمە قىلىنغانلىغى توغرىسىدا ئېنىق بىرنەرسە دېيىش قىيىن. بۇ رىۋايەتنىڭ



خەنزۇچە نۇسخىسى ياپونىيىدە نەشر قىلىنىپ، «بۇددا نوملىرى توپلىمى» (26-توم) نىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن.

رىۋايەتنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىشى ھەرگىز تاسادىپى ئەمەس. تارىخىي يازما يادىكارلىقلار ۋە ھازىرقى زامان ئارخېئولوگىيە ئىلمىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، شىنجاڭنىڭ ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلغان يېزىق تارىخىدا بۇددىزىم تارىخى ۋە بۇددىزىم مەدەنىيىتى 1000 يىلدىن ئۇشۇقراق ۋاقىتنى ئىگەللەيدۇ.

قەدىمقى دەۋرلەردە بۇددا دىنىنىڭ تەسىرى، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ناھايىتى چوڭ بولغان ئىدى، جۈملىدىن، كۇچار ۋە تۇرپان رايونلىرىدا بولسا، بۇددىزىم مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ئۇزۇن بولۇپ، 1500 يىلغا يېتىدۇ.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر راھىپ شۈەنجۇاڭ قەدىمقى كۇچار توغرىسىدا مۇنداق يازىدۇ: ”يۇزدىن ئارتۇق جايدا ئىبادەتخانىسى، بەش مىڭدىن ئۇشۇق راھىپى بار. ماخايانا مەزھىبىنىڭ ئەقىدىسىگە ئاساسەن دىسارۋا ئاستىۋادىن (ئومۇمى ئەقىدىلەر) نومىنى ئوقۇيدۇ، ئەقىدە قائىدىلىرى ھىندىستاندىن كەلگەن......“. ئۇ، يەنە ”......شەھەرنىڭ شىمالىدا قىرىق يول كېلىدىغان جايدا بىرتاغ بار ئىكەن، ئوتتۇرىسىدىن بىردەريا كېسىپ ئۆتىدىكەن. بۇ جايدا بىر بىرىگە ئۇدۇل قىلىپ ياسالغان ئىبادەتخانىلار بار ئىكەن......بۇتلىرى ھەيۋەتلىك بېزەلگەن، ھەممىسى قول بىلەن ياسالغان بولۇپ، راھىپلار سۇكۇتتە

ئۇلتۇرۇپ، ئىخلاس بىلەن زىكىر قىلىدىكەن،......چوڭ قەلئە-
نىڭ غەربىي دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدىكى يول بويىغا ئىگىزلىگى
90 گەز كېلىدىغان بۇتلار قويۇلغان. كىشىلەر ھەربەش يىلدا
بىرقېتىم بۇ بۇتلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ، دىنىي مۇراسىم ئۆتكۈزى-
دىكەن، راھىپلار ھەر يىلى كۈز ئايرىمىسى مەزگىلىدە بۇ يەرگە
يىغىلىپ، بىرقانچە ئون كۈن ئىبادەت قىلىدىكەن، خان-شاھ-
زادىلەردىن تارتىپ تاكى پۇقرالارغىچە ھەممىسى ئۆزئىش-
لىرىنى تاشلاپ پەرز تۇتۇپ، كېچە-كۈندۈز ئۇخلىماي بۇددا
ئەقىدە-ئايەتلىرىنى ئاڭلايدىكەن......"(خەنزۇچە «شۋەنجۇاڭ
تەزكىرىسى»گە قاراڭ).

ئىدىقۇت ئۇيغۇر پادىشالىغى دەۋرىدە (مىلادى 9-ئەسىردىن
13-ئەسىرگىچە) تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيىتى باشقا رايون-
لاردىكى ئۇيغۇرلارغا قارىغاندا تېخىمۇ يۇكسەلگەن. مەسىلەن:
شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى ھوكۇمىتى 981—983-يىللىرى تۇرپانغا
ئەۋەتكەن مەشھۇر ساياھەتچى ۋاڭ يەندې ئۆزىنىڭ «تۇرپانغا
ساياھەت» دىگەن خاتىرىسىدە، ئەينى زاماندىكى ئىدىقۇت
ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيىتى ئۈستىدە توختىلىپ: قوچۇ (تۇرپان)
قار-يامغۇرى ئاز، ھاۋاسى ناھايىتى ئىسسىق بىرجاي. ئۆي-
ئىمارەتلىرى ئاپپاق ھاك بىلەن سۇۋالغان......تىيانشان تاغلىرى-
دىن ئېرىپ چۈشكەن قار سۇلىرىدىن، سۇ ئامبارلىرىدىن
پايدىلىنىپ زىرائەت تېرىيدۇ ......ئۇلار نەغمە-ناۋاغا ئامراق،
سازەندىلىرى تىمپاد، كوڭخۇ قاتارلىق سازلارنى كوپ چالىدۇ،



سەپەرگە چىققاندا يېنىدىن سازنى ئۈزمەيدۇ. بۇ شەھەردە
50 نەچچە ئورۇندا بۇددا ئىبادەتخانىسى بار. ئىبادەتخانىلارغا
تاڭ سۇلالىسى تەقدىم قىلغان «بۇددا نوملىرى توپلىمى»، «تاڭ
سۇلالىسى شېئىرلىرى»......قاتارلىق كىتاپلار قويۇلغان......يەنە
مانى دىنى ئىبادەتخانىلىرى، ئىران راھىپلىرى بار" دەپ
يازغان. ئۇ يەنە بېشبالىق (ھازىرقى جىمسار ئەتراپىدا،
ئىدىقۇت پادىشالىغىنىڭ يازلىق پايتەختى بولغان) توغرىسىدا
بايان قىلىپ، "بۇ شەھەردە ياغاچتىن ياسالغان پەشتاق-راۋاقلار
كوپ، ئادەملىرى پاكىز ھەم رەتلىك، قولى ئەپچىل، ئالتۇن،
كۈمۈش، تومۇر ۋە قاش تېشىدىن ھەرخىل قورال-سايمانلارنى
ياسايدو" دەپ يازىدۇ. (خەنزۇچە «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى،
قوچۇ تەزكىرىسى» گە قاراڭ).

تۇرپان ئۆز زامانىسىدە "يىپەك يولى" نىڭ مۇھىم ئۆتكەل-
لىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي رايونىدىكى مۇھىم
سودا ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى ھىساپلىناتتى. جۇڭخۇا
مىللەتلىرىنىڭ رەڭمۇ-رەڭ باي مەدەنىيىتى بىلەن رىم، ھىند-
دىستان، ئىران قاتارلىق قەدىمقى ئەللەرنىڭ مەدەنىيەتلىرى
مۇشۇ يول ئارقىلىق ئۆزئارا ئالمىشىپ بىر بىرىگە تەسىر كورسەت-
كەن ۋە بىر بىرىنى بېيىتقان.

يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان تارىخىي پاكىتلار بىزگە ئەينى زامان-
دىكى قوچۇ ۋە تۇرپان ۋادىسىدىكى مەدەنىيەتنىڭ جۇش ئۇرۇپ
راۋاجلانغانلىغىنى چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ. مەدەنىيەتنىڭ ئۆز

زامانىسىدە بۇنداق راۋاجلىنىشى شۇ رايونلاردىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ جاپالىق كۈرەشلىرىنىڭ مېۋىسى، شۇنىڭدەك ئۇ ھەرخىل مەدەنىيەتلەرنىڭ جايلارغا سىڭىپ كىرىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ھازىرغىچە تۇرپان ۋادىسى ۋە قوچۇ قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان بىباھا مەدەنىي يادىكارلىقلار بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلىماقتا. شۇڭلاشقا تۇرپاندىن يەنە ئەينى زامانلاردا قەدىمقى كۇچار تىلى، قەدىمقى قارا شەھەر تىلى، خەنزۇتىلى، ئەنئەتكەن (سانسكرىت)① ۋە تىبەت تىللىرىدىن تەرجىمە قىلىنغان بۇددا نوملىرى، مانى دىنى ھوججەتلىرى، قەدىمقى ئۇيغۇر شېئىر-قوشاقلىرى، تىبابەتچىلىككە ئائىت ھوججەتلەر تېپىلغان. (بۇلارنىڭ مۇتلەق كوپ قىسمى ھازىر چەتئەللەردە ساقلانماقتا).

يۇقۇرىدىكى پاكىتلارغا ئاساسەن «چاشتانى ئېلىگ بەگ» نىڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇر پادىشالىغى دەۋرىدە قەدىمقى كۇچار تىلىدىن قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغانلىغىنى ھوكۇم قىلىشقا بولىدۇ. تەرجىمان بۇ رىۋايەتنى تەرجىمە قىلىشتا بۇددا دىنىدىكىلەرنىڭ ھەرخىل ئىسىم، ئاتالغۇلىرىنى، رىۋايەتتىكى بەزى ۋەقەلىكلەرنىڭ تەسۋىرىنى قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىغا ناھايىتى ياخشى تەرجىمە قىلغان. بۇ، ئۇنىڭ ئۆز مىللىي تىلىغا ناھايىتى پىششىق، بۇددا نوملىرىدىن تولۇق خەۋەردار ئىكەنلىكىنى ھەم

① ئەنئەتكەن (سانسكرىت تىلى) — قەدىمقى زامان ھىندى تىلىنىڭ بىر خىلى بولۇپ، قەدىمقى تۇركى تىلىدا ئاتىلىشى.



باشقا تىللارنىمۇ ئوبدان بىلىدىغانلىغىنى ئىسپاتلايدۇ.

«چاشتانى ئېلىگ بەگ» دە تەلەتى قورقۇنچلۇق، ياۋۇز جىن-شەيتانلارنىڭ "ئۇچايان بالىق" دىگەن مەلۇم بىر شەھەردىكى ئادەملەرنى ۋەھشىلىك بىلەن خالىغانچە ئۆلتۈرگەنلىگى ۋە خەلقنىڭ بېشىغا ئېغىر بالايى-ئاپەتلەرنى كەلتۈرگەنلىگى بايان قىلىنغان. بۇ ئىشلارنى كورۇپ چىدىيالمىغان چاشتانى ئېلىگ بەگ بارلىق كۈچىنى يىغىپ، كۈچ بىلەن سەكرەپ بېرىپ ئۇرۇمكى ئاتلىق جىننىڭ كوكۇلىسىدىن تۇتۇپ تارتىپ، قىلىچىنى ئىگىزكوتىرىپ ئۇنىڭ بېشىنى چېپىشقا تەمشىلىدۇ. دەل شۇ چاغدا بۇ جىنلار چاشتانى ئېلىگ بەگنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىنى، سۇرلۇكلىگىنى، بەخت-تەلىيىنى كورۇپ تېخىمۇ قورقىشىپ كېتىدۇ. ئۇلار چاشتانى ئېلىگ بەككە يەنە ئۆزلىرىنىڭ بىر بىرىدىن قۇۋ، ۋەھشى ھىلىگەر ئۇرۇ، ئەگىشىشى، تارىچانتا قاتارلىق كاتتىۋاشلىرىنىڭ بارلىغىنى، ئۆزلىرىنىڭ بارلىق ئەسكى ئىشلارنى ئاشۇ كاتتىۋاشلىرىنىڭ بۇيرۇقلىرى بويىچە قىلىۋاتقانلىغىنى، بارلىق بالايى-ئاپەتلەرنىڭ مەنبەسى ئاشۇ جىن كاتتىۋاشلىرى ئىكەنلىگىنى، ئۇ ئالۋاستىلارنىڭ قەيەردە تۇرىدىغانلىغىنى، ھەرخىل-ھەر ياڭزا قىياپەتلەرگە كىرىۋېلىپ ئالدايدىغانلىغىنى، ئۇلارنى بىرمۇ-بىر ئىزلەپ تېپىپ يوقاتقاندىلا، ئاندىن ئېلىگ بەگنىڭ شەھىرىگە، خەلقنىڭ بېشىغا كەلگەن بالايى-ئاپەتنىڭ يىلتىزى قۇرۇپ تۈگەيدىغانلىغىنى ئېيتىپ بېرىدۇ......شۇنىڭ بىلەن چاشتانى ئېلىگ بەگ ھېچنىمىدىن قورقمايدىغان باتۇرلۇق

21500003968

قىياپەتتە مەيدانغا چىقىپ، يۇقۇرىدا كۆرسىتىلگەن جىن كاتتىۋاشلىرى بىلەن كەسكىن، جاپالىق جەڭلەرنى قىلىپ، بارلىق جىنلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ، ئۆز خەلقىنى بالايى-ئاپەتلەردىن قۇتقۇزىدۇ.

رىۋايەتلەرنىڭ قەھرىمانى چاشتانى ئىلىگ بەگنىڭ ئوبرازى خەلقنىڭ ئۆزبېشىغا چۈشكەن دەھشەتلىك بالايى-ئاپەت ۋە كېسەللىك ئاپەتلىرىنىڭ يىلتىزىنى قومۇرۇپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن چوقۇم غەلىبە قىلىش ئارزۇسىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

بۇ گەرچە بۇددا نومىدىكى بىر ئەپسانە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسى تارىخىي يادىكارلىق بولۇش سۈپىتى بىلەن قەدىمقى ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىنى ۋە قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. رىۋايەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى، تىل خۇسۇسىيەتلىرى، ئەدەبىي تىلى قاتارلىق مەسىلىلىرىنى ئىزاھلاش ئالاھىدە ۋە كەڭ تەتقىقات تېمىسى بولۇپ، بۇ تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

中央民族学院图书馆